ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

3

1997

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

ISSN 1005-5878

10>

9 771005 587001

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر:

كۆرەش مەھمۇتجان

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

تەھرىر ھەيئەتلىرى:

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازاد سۇلتان، ئامانجان تىلىۋالدى، ئەنۋەر ئابلىمىت، تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، راززاق مەتنىياز، شېرىن قۇربان، قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى، كۆرەش مەھمۇتجان، مەتروزى ھېيت، مۇھەممەت يۈسۈپ ئۆمەر، نىجات ئەھمەتجان، ئىبراھىم مۇتىئى.

1997 ـ يىللىق 3 ـ سان

(ئومۇمىي 71 ـ سان)

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ قورۇ

地址:乌鲁木齐市胜利路 14 号

تېلېفون: 2862753—2927

پوچتا نومۇرى: 830046

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ

نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ، مۇشتىرى بولۇڭ

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ماديۈەن، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: چوغلۇق ئابدۇلھېلىم

# بۇ ساندا

## سىياسىي — نەزەرىيە تەتقىقاتى


بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ……………
…………………………………… ئارزۇگۈل ئابدۇللا، خۇرشىدە جېلىل 1
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولى ھەققىدە…………… گۈلزەپەر مۇھەممەت 6


## مەشھۇر شەخسلەر تەتقىقاتى


ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە …………… ئازاد سۇلتان 10


## ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقاتى


ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالى، سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى ھەققىدە ……
…………………………………… قاھارجان ئىبراھىم 26
ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا …………… رازىيە مۇھەممەت 38


## كلاسسىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى


ھىرقەتنىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى توغرىسىدا …………… ھەنىپە سالىھوۋا 44
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە …………… پەرھات جېلان 59


## تارىخ - ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى


گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (3. شىخەنزە شەھىرى) …………… مۇھەممەت ئوسمان 64


## ئاياللار تەتقىقاتى


«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دىكى ئايال تەسۋىرى توغرىسىدا …………… قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى 72


## لوگىكا تەتقىقاتى


ماتېماتىكىلىق توپلام ئۇقۇم توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە…………… ھېمىت ئېلى 76


## تىل - ئەدەبىيات - فوكلور تەتقىقاتى


ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق …………… لەتىپ توختى 82
تاجىك ئەپسانىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان …………… شېرىن قۇربان 100
تەسەۋۋۇپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ۋە ئورنى توغرىسىدا …………… ئىمىنجان ئەھمىدى 112
ئۇيغۇر تىجارەت ئېڭىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ھەققىدە …………… ئىلھام ئابدۇكېرىم 120


## قانۇن - تۈزۈم تەتقىقاتى


ئاسىيا - تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدە ……………
…………………………………… تۇرسۇننىياز ساۋۇر 133

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）

1997 年第 3 期
（总第 71 期）

# 目　　录


## 政治理论研究

论市场经济条件下廉政建设和反腐败的重要性 …………………… 阿尔孜古丽·阿布都拉、胡尔西旦·吉力力
论教师在社会主义精神文明建设中的作用 …………………………………………… 古丽则派尔·穆罕默德

## 名人研究

论著名学者阿布都热伊木·乌铁库尔先生及其创作特点 …………………………………… 阿扎提·苏里坦

## 市场经济研究

论自治区环境污染情况、污染原因及其治理措施 ………………………………………… 卡哈尔江·伊布拉因
论改变振兴经济方法的必要性 …………………………………………………………… 热孜亚·穆罕默德

## 古典文化研究

论赫尔克提的长诗《爱情与劳动》 …………………………………………………… 海尼帕·萨里霍娃
关于马赫穆德·喀什噶里的籍贯 ……………………………………………………………… 帕尔哈德·吉朗

## 历史—民俗学研究

美丽的家乡——新疆(3. 石河子市) ……………………………………………………… 穆罕默德·乌斯曼

## 妇女研究

维吾尔史诗《乌古斯汗传》中对妇女的描写 ………………………………… 康巴尔尼莎·穆罕默德阿吉

## 逻辑学研究

集合概念简论 ………………………………………………………………………………… 伊米提·艾力

## 语言、文学、艺术研究

维吾尔语的否定 ……………………………………………………………………………… 利提甫·托合提
浅淡塔吉克神话 ……………………………………………………………………………………… 西仁·库尔班
论苏非主义在维吾尔文学中的影响和地位 ………………………………………………… 伊明江·艾合麦德
维吾尔人经商意识的历史根源 ……………………………………………………………… 伊里哈木·阿布都克里木

## 法学研究

论亚太各国宪法发展的趋势 ………………………………………………………………… 图尔逊尼亚孜·萨吾尔

# بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

ئارزۇگۈل ئابدۇللا، خۇرشىدە جېلىل*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلەپ، پاك - ئىنتىزامچان بولۇش، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئاممىغا ئۈلگە بولۇشى لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

**摘要**：为了进一步深化改革，必须提高党员和干部队伍的政治思想素质，要求他们在树立正确的人生观、廉洁自律、维护党纪国法的尊严、反腐败方面为群众做出榜样。

**Abstrast**: Inorder to deepen the reformation, the quality of political thought of partpmembers and cadres must be improved. They are also asked to set a good example ina correct out — corruption and defending party desciplone and national law.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەز چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشنى پارتىيىنىڭ ئىستىل ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللاندى. بولۇپمۇ پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان كۈرەشنىڭ سالمىقىنى پەيدىن - پەي ئاشۇردى، پۈتكۈل پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىشى ۋە ئاممىنىڭ پائال قوللىشى بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئومۇملۇقنى قوغداشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىن پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق ماسلىشىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم.

**1. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

پارتىيىمىز ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئەزەلدىن پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا

* ئارزۇگۈل ئابدۇللا: شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خادىمى.
* خۇرشىدە جېلىل: ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ خادىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇپ كەلدى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەجرىبىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىنى ئىزچىل ساقلاپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىزمدىن ئادىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى توپ تەدبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەننى بەلگىلىدى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى. 18 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، بۇ يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلاب پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىغىمۇ يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھالىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى، ئامىمىنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسى، ئېلىمىزدە تارىختىن قېلىپ قالغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىسى بىلەن بىرلىشىپ پۇلپەرەسلىك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق پاسسىپ ھادىسىلەرنى پەيدا قىلدى، ئەۋج ئالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ توغرا غايىسى، ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشكە، چىرىتىشكە، ھەتتا ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرنى نابۇت قىلىۋېتىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا مەركەز چىرىكلىشىشكە قارشى كۆرەش قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي يولىيورۇق چىقاردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن چىرىكلىشىشكە قارشى كۆرەش قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، چىرىكلىشىشكە ئالاقىدار نۇرغۇن چوڭ - چوڭ دېلولار پاش قىلىنىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. لېكىن پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئىچىدە يەنىلا ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرمەي، ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە سەل قاراۋاتقانلار يوق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىگە سەل قاراپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۆرەشتىن ۋاز كېچىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەردە ناچار كەيپىياتلار يامراپ كېتىۋاتىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ كىچىك نۇقسانلىرى تەرەققىي قىلىپ چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ مېڭىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزۈش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى پاكىتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بىرەر كادىر ياكى پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاينىپ كېتىشى كۆپىنچە ئىدىيىدە ئاينىپ كېتىشتىن باشلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىمىزنىڭ ئىلغارلىقى، پاكلىقىنى ساقلاپ، چىرىك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ چىرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش تولىمۇ مۇھىم. بۇنىڭدا ئىشنى قانۇنغا تايىنىپ باشقۇرۇشتىن باشلاپ، قائىدە -تۈزۈم ئورنىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاتتىق جازالاشقا، زەربە بېرىشكە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

**2. پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلاردا توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.**

توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش ئىلگىرى، ھازىر ياكى كەلگۈ-

سىدە بولسۇن ناھايىتى مۇھىم. ئالدى بىلەن ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ ھەر بىر رەھبەرىي كادىر دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بەختىكە، باياشاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى، شەخسىي مەنپەئەتنى چوقۇم دۆلەت مەنپەئەتىگە، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇپ، شەخسنىڭ غايىسى، ئارزۇسى ۋە ئىنتىلىشىنى سوتسىيالىستىك ئەخلاق قائىدىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭقۇر ئىنقىلاب جەريانىدا بەزى كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى، بەزىلىرى ھەتتا چىرىكلىشىپ جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىن بولغان.

دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشتا، مۇھىمى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۆرىشى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل تەربىيىنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «غايىلىك، ئىنتىزامچان بولۇشنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم» دېگەنىدى. كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە مۇنۇ بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

(1) ئىسلاھات بىلەن ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش پۈتۈنلەي يېڭى ئىش، ئۇ بىزدىن ئىدىيىدە ئازات بولۇپ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىمىز ئۇزاق مەزگىللىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا بىر يۈرۈش ئېسىل ئەنئەنە، ئېسىل ئىستىللارنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز دەپ ئۇنى تاشلاپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىلگىرىكى ھەممىلا نەرسىمىز يارىمايدۇ، ھەممىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلاھاتتا ئەمەلىيەت ئىللەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىغان نەرسىلەرنى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، ئەمدى ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرنىلا ئىسلاھ قىلىش دېگەنلىكتۇر. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت بىزدىن پارتىيىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنە، ئىستىللىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى ئەمەلىيەتتە بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇشنى، نۇرلاندۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز دەپ ياخشى ئەنئەنە، ياخشى ئىستىللارنى تاشلىۋەتسەك ياكى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويساق، ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەلىپىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز.

(2) ئېچىۋېتىش بىلەن چەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتى. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا دائىر تۇپ سىياسىتى. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىكەنلىكىمىز ھەرگىز چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنى تەھلىل قىلمايلا قارا - قويۇق كۆچۈرۈپ كېلىش، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۆز پېتىچە كىرگۈزۈش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئىلغار، پايدىلىق، ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى كىرگۈزۈش، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنى چەكلەش، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىز ئىدىيە، سىياسىي جەھەتلەردە ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويمىساق، خاتا، چىرىك نەرسىلەرنىڭ ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىشىگە يول قويىدىغان بولساق، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچى-

www.uyghurkitap.com

ۋېتىشنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنۇمگە
ئېرىشىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشكىنى سىرتقا
ئېچىۋېتىشتە ھەم ئىلغار، بىزگە پايدىلىق نەرسە-
لەرنى دادىل قوبۇل قىلىش، ھەم خاتا، چىرىك
نەرسىلەرنى قەتئىي چەكلەش كېرەك.

(3) ئالدىن بېيىش بىلەن ئورتاق بېيىشنىڭ
مۇناسىۋىتى. قىسمەن جايلار ۋە بىر قىسىم كىشى-
لەرنىڭ ھالال ئىشلەش، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىش
ئارقىلىق ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش پارتىيە ۋە
دۆلەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم تەد-
بىرى، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئورتاق بېيىشنىڭ
ئەپلىك يولى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق كۆر-
سەتكەن: «سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللى-
كى ئورتاق بېيىش» بۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھى-
يىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇقتا. كومپارتىيە
ئەزالىرى، جۈملىدىن رەھبىري كادىرلار يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى ئۆگى-
نىپ ۋە توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، ئالدىن
بېيىش بىلەن ئورتاق بېيىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوب-
دان بىر تەرەپ قىلىپ، خىزمەتتە ھەر ۋاقىت
تېخى بېيىمىغان نامرات رايون ۋە ئاممىنى كۆزدە
تۇتۇپ، چارە - تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ تېز-
رەك بېيىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

ئىككىنچى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش تەربىيىسى، تارىختا ئۆتكەن ھۆ-
كۈمران سىنىپلار ئارىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق، قو-
لىدىن ئىش كېلىدىغانلارنىڭ خېلى بىر قىسمى
خەلق رايىغا ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئۇلار مۇ-
شۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالسا، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى-
دىن مەھرۇم بولۇپ چىرىكلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ
كېتىش ۋەجىدىن ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالالمايدى-
غانلىقىنى بىلگەن. بۇ مەسىلىدە تارىخ بىزنى مول
تەجرىبە - ساۋاقلار بىلەن تەمىن ئەتتى. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
ئاۋانگارت ئەترىتى، ئۇ باشتىن ئاخىر جان - دىل
بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ
تۈپ مەقسىتى ۋە ھەرىكەت مىزانى قىلىپ كەلدى.
پاك - دىيانەتلىك بولۇش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەش — پارتىيىمىزنىڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى،
خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش
ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى-
نىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىرى
جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن
ئىبارەت تۈپ مەقسەتنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، پاك
- دىيانەتلىك بولۇش ئۈچۈن خەلق ئاممىسى بەرگەن
ھوقۇقنى توغرا، جايىغا ئىشلىتىشى كېرەك. ھو-
قۇقنى خەلقنىڭ بەرگەنلىكىنى، ئۇنى خەلقنىڭ
مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى،
ئۇنى ھەرگىزمۇ شەخس ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ
پايدىسىغا ئېرىشىشكە، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان
يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھەر ۋا-
قىت ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. شۇنى كۆرمەي
بولمايدۇكى، بەزى رەھبىري كادىرلار، جۈملىدىن
بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كاللى-
سىدا جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش دېگەن ئىدىيىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ئۇلار
پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەندىن ئىبارەت ئېسىل
ئەنئەنىسىنى يوقۇتۇپ قويغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ھو-
قۇق، پۇل سودىسى قىلغان، بەزىلىرى ھوقۇقىدىن
پايدىلىنىپ دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكى-
گە چاڭ سالغان. بۇنداق پارتىيە ئەزالىرى ياكى
رەھبىري كادىرلار ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل
قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىلمىشى پارتىيىمىز،
ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش، خەلق
ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئوبرازىغا ئېغىر زى-
يان يەتكۈزدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاقلار-
نى يەكۈنلەپ، پارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ رەھبە-
رىي كادىرلارغا قارىتا ماركسىزملىق ئاممىۋى
نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، ئامما ئۈ-
چۈن سەمىمىي ئىشلەش، ئاممىدىن سەمىمىي ئۆ-
گىنىش، ئامما ئارىسىغا بېرىپ تۇرۇش ۋە ئامما
بىلەن ئىشقۇيۇن - تاشقۇيۇن بولۇش، ئۇلارنىڭ
دەردىگە ھەقىقىي يېتىش جەھەتتە يۇقىرى تەلەپ
قويۇپ، توغرا ئىدىيىۋى ئىستىل، خىزمەت ئىس-
تىلىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.
بۇ، دۇنيا قاراشنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىشنىڭ،
خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنىڭمۇ ئېھتىياجى.

ئۈچىنچى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش
قىلىش، تىرىشچان - ئىقتىسادچان بولۇش تەربىيە-
سى. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرەپلىك
ئەنئەنىسى، پارتىيىمىزنىڭ خەلق بىلەن قويۇق مۇ-
ناسىۋەت باغلىشىدىكى ئەڭگۈشتەر، شۇنداقلا كا-
دىرلار، بولۇپمۇ رەھبىري كادىرلار جەزمەن ھا-
زىرلاشقا تېگىشلىك تۈپ سىياسىي سۈپەت، پارتى-
يىمىز دەل جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قى-
لىشقا تايىنىپ راۋاج تاپقان. بۇ ئەنئەنىگە ئىلگىرى

قانداق تايانغان بولساق، ھازىرمۇ شۇنداق تايانماي بولمايدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ بەزى رەھبەرىي كادىرلىرىمىز چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىممەت قارىشىنى چەكلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان. ئېلىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولغاچقا، ئىقتىسادىي سەۋىيىمىز تۆۋەنرەك، ئىرى ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا شارائىتىمىز تېخى يار بەرمەيدۇ. پەقەت مۇۋاپىق ئىستېمالدىنلا بەھرىمەن بولالايمىز، كېيىن بېيىغاندىمۇ يەنىلا جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلار جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى ئاڭلىق جارى قىلدۇرۇپ، بۇزۇپ - چېچىشقا، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشى، ھەشەمەتلىك كۆڭۈل ئېچىشلارنى ئويۇشتۇرماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشماسلىقى، ئەيشى - ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ بېرىلمەسلىكى لازىم.

**3. باشلامچىلىق بىلەن پاك - ئىنتىزامچان بولۇش، پارتىيە ئىنتىزامىنى، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش كېرەك.**

رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگە بولۇش - بولالماسلىقى پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم. ئۆزى ئۈلگە بولۇشتا، ھەممىدىن ئاۋۋال پاك - ئىنتىزامچان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك پەزىلەت. ئامما رەھبەرىي كادىرلارنىڭ سۆزىگىمۇ، ھەرىكىتىگىمۇ دىققەت قىلىدۇ. ئەگەر سىنىڭ سۆزۈڭ بىلەن ھەرىكىتىڭ ئوخشاش بولمىسا، ئېغىزدا چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرىمەن دەپ ھەرىكەتتە ناچار بولساڭ، ئامما ساڭا ئىشەنمەيدۇ. رەھبەرىي كادىرلار ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلسا، پاك - دىيانەتلىك بولۇشتا ئۈلگە كۆرسەتسە، ئاندىن ئۆز جايى، ئۆز ئورنىدا ياخشى كەيپىيات يارىتالايدۇ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى لايىقىدا ھەل قىلالايدۇ. پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبەرىي كادىرلار مەركەزنىڭ پاك - ئىنتىزامچان بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى، تۈزىتىشكە تېگىشلىكلىرىنى دەرھال تۈزىتىپ، بەزى مەسىلىلەرنى تەشكىلگە ئېنىق ئېيتىپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشى، پاك - دىيانەتلىك بولۇشتىلا ئۈلگە بولۇپ قالماستىن، يەنە پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداشتىمۇ باشلامچى بولۇشى كېرەك. ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولۇشى، شۇنىڭدەك چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىغىمۇ مەسئۇل بولۇپ، بۇ جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئاڭلىق تۈردە ئوبدان ھەل قىلىشى كېرەك.

گوۋۇيۈەننىڭ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش بويىچە 4 - قېتىملىق يىغىنىدا لى پېڭ زۇڭلى «پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇنداقلا دۆلىتىمىز ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ ۋەزىپە» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن پاك - دىيانەتلىك بولۇش، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ كۈرەشتە پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبەرىي كادىرلار كۈرەشنى ئۆزلىرىدىن باشلىشى، باشتىن ئاخىر ئاممىغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك.


**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار**

1. دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، 3 - توم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى.
2. 1996 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە 3 - قېتىملىق يىغىنىدا لى پېڭ زۇڭلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى.
3. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى 1996 - يىلى تۈزگەن پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر دەرسلىكلەر.



(پوچتا نومۇرى: 830054)



**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئوقۇتقۇچىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولى ھەققىدە

گۈلزەپەر مۇھەممەت*

قىسقىچە مەزمۇنى: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي تەلىپى ۋە ئېھتىياجى. بۇ ماقالىدە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：加强社会主义精神文明建设是当前全社会的迫切需求。本文简要论述作为人类灵魂工程师的教师在精神文明建设中充分发挥作用的必要性。

**Abstract**: It is the urgent need of the current society to strengthen the construction of socialist spiritual values. The writer gave us a brief discription about the necessaty that teachers—engineers of the human soul should play a full part in the construction of spiritual values

ئېلىمىز ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، نۇقۇل ھالدا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ، بىر مەزگىل ھەممە ئادەم پۇلغا قىزىقىدىغان، ماددىي تۇرمۇشنى گۈللەندۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ مەنىۋى تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشقا سەل قارايدىغان بىر تەرەپلىمە خاھىش يۈز بەردى، نەتىجىدە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتتى.

پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»، يەنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ چىڭ تۇتۇش شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ چىڭ

* گۈلزەپەر مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

تۇتۇش توغرىسىدا ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرى-
لىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، كۈرەش نىشانى،
فاڭجېنى ۋە مۇھىم تەدبىرى ئېنىق كۆرسىتىپ
بېرىلدى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى-
نى چىڭ تۇتۇش، مائارىپ، ئىلىم- پەن، مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بې-
رىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەندى. قارارىدا يەنە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە كونكرېت تەد-
بىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، جۈملىدىن ئىن-
سان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ئوقۇتقۇچىلارغى-
مۇ قاتتىق تەلەپ قويۇلدى. ھەقىقەتەنمۇ سوتسىيا-
لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى
ئېلىپ بېرىش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بول-
مايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى. يولداش ماۋزېدۇڭ
«مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بولىدۇ» دەپ
كۆرسەتكەنىدى. بۇ ھېلىھەم چىڭ تۇرۇشقا تېگىش-
لىك بولغان مائارىپنىڭ يېتەكچى فاڭجېنلىرىدىن
بىرى.

ئوقۇتقۇچى تەلىم - تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان مەنىۋى ئەمگەكچى. جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا
بولغان تەلىپى ئوقۇتقۇچى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشى-
دۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتى ئادەم،
ئادەم بولغاندىمۇ سەبى، ئۆسۈۋاتقان، غۇبارسىز با-
لىلاردىن تارتىپ مەلۇم پەننىي ساۋاتقا، بىلىم قۇ-
رۇلمىسىغا، مەلۇم دۇنيا قاراشقا ۋە كىشىلىك تۇر-
مۇش قارىشىغا ئىگە بولۇۋاتقان ياشلاردۇر. ئوقۇت-
قۇچىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ۋە
ماھارەت يەتكۈزۈپ بېرىش، ئەقىل بۇلىقىنى ئې-
چىشلا بولماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق
ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە
ئۇيغۇن بولغان ئىدىيە، ئەخلاق، پەزىلەتنى ئۆگى-
تىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇ-
چىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتى-
نىڭ قانداق بولۇشى مائارىپنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسى-
تە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىدى-
يە، ھەرىكەت، ئىستىل - پەزىلەتلىرى ئوقۇغۇچى-
لارغا بىۋاسىتە يۇقىدۇ، تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەي-
نەك بولىدۇ، ئۆرنەك بولىدۇ. ھەتتا پۈتكۈل مىل-
لەتكە، پۈتكۈل جەمئىيەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆر-
سىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى،
تەقى- تۇرقى، قىزىقىشى ھەر ۋاقىت ئوقۇغۇچىنىڭ
ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالى-
دۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئېسىل ئەخلاق بىلەن تەسىر
كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزى توغرا،
يېقىملىق، ھەرىكىتى دۇرۇس بولۇشى كېرەك،
ئوقۇتقۇچى شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئادەم ئۆز
ۋۇجۇدىدا بولمىغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا كۆرسى-
تەلمەيدۇ، ئۆگىتەلمەيدۇ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى-
نى ھەر ۋاقىت كۆزەتكەندەك، ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى، نازارەت قىلىش
ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت-
لىرىگە يېتەكچىلىك قىلغاندا، ئەگەر ئۆزىنىڭ ھە-
رىكىتىنى تەكشۈرمەي، ئازىراقلا كەتكۈزۈپ قوي-
سا، ئوقۇغۇچىلارغا جەزمەن يامان تەسىر بېرىپ
قويىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئېسىل
ئەخلاق - پەزىلىتى، سۆز - ھەرىكىتىنى ئالاھىدە
نەمۇنىلىككە، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى
كېرەك دەپ قارىشى، ئەخلاق قارىشىنى يېڭىلاپ،
توغرىلاپ تۇرۇشى لازىم. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ئا-
لىيجاناب كەسپىي ئەخلاقى ئارقىلىق ياش ئۆسمۈر-
لەردە گۈزەل قەلب يارىتىشى، مىللەتنىڭ ئېسىل
ئەخلاق- پەزىلىتىنى ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىل-
تىز تارتقۇزۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى-
لار تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك. بى-
رىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىش-
لىرىغا سادىق بولۇپ، مائارىپ خىزمىتىنى قىز-
غىن سۆيىشى، ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلى-
رىغا بولغان يۇكسەك قىزغىنلىق ۋە كۈچلۈك مەس-
ئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، كېيىنكى ئەۋلادلارنى
تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشىش، يۈرەك قېنىنى
سەرپ قىلىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ھەمدە

ماتارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت دەپ تونۇيدىغان يۈكسەك ئاڭ بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈش، ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگىتىش، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىشى كېرەك. كونىلارنىڭ «تەلەپچان ئۇستازدىن يارامىلىق شاگىرت چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار، شۇڭا ئوقۇتقۇچى بۇيرۇقۋازلىقتىن ساقلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورۇنلىشىغا بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا تاماكا چەكمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بەرگەنىكەن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى تاماكا چەكمەسلىكى كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، قانۇن- ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ئورتاق ھەرىكەت مىزانى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇھىم. ئوقۇتقۇچىلار قانۇن بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ سۆز- ھەرىكىتىنى سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق تىزگىنلەپ تۇرۇشى، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك؛ بەشىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپىگە پىششىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە بىلىملىرىنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە- ئەخلاق تەربىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ساپلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئېسىل ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، دۆلىتىمىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە كامالەتكە يەتكەن مەدەنىيەتلىك، باي سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا ياش ئۆسمۈرلەرگە غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، پۇرسەتپەرەسلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇلاردا ئەمگەكچان بولۇش، تىرىشچان - ئىقتىسادچان بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ياشلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاڭغا ئىگە بولۇشى تېخىمۇ مۇھىم. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي پىشىپ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشى بولماستىن، بەلكى ئىدىيە جە-

ھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشىدىن ئىبارەت. ئىدىيە جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سىياسىي جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشى — سىياسىي يۆنىلىشى توغرا، سىياسىي مەيدانى روشەن، سىياسىي كۆز قارىشى ئېنىق، سىياسىي ئىنتىزامى قاتتىق بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرىگە دىققەت قىلىشى، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم.

ئەگەر بىلىم ئۆگىتىش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز بىلىمى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى بويسۇندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش دېيىلسە، ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئادەم تەربىيىلىشى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتى، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى جەھەتتىكى ئىجابىي كۈچى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈش بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلىتى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنىدىغان ۋە ئۈلگە بولىدىغان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، مۇلايىم، ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان، خىزمەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەيدىغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىغا ئىگە بولۇشى، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا، بەلگىلىك نۇتۇق قابىلىيىتىگە، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، سىياسىي جەھەتتە بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى، ۋەتەن، مىللەت، خەلق ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. بۇ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يارامىلىق ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىرىش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ جىددىي تەلىپى ۋە تەقەززاسى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئاتا - ئانىلار مەكتىپىنىڭ دەرسلىكى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى

2. «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ھەققىدە چۈشەنچە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى»، 1986 - يىل نەشرى

3. «جۇڭگو ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى»، خەلق مائارىپ نەشرىياتى، 1980 - يىل 2 - باسمىسى (خەنزۇچە)



(پوچتا نومۇرى: 830046)


تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

## — ئۆتكۈر ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئازاد سۇلتان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئاتاقلىق ئالىم، شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مۇھاكىمىلىك بايان قىلىنىدۇ.

摘要：本文简要论述著名学者、诗人、作家阿布都热伊木·乌铁库尔先生的生平、文学创作特点以及他对维吾尔当代文学的影响。

Abstract: In this article, the writer gave us a brief account of the famous scolar poet and writer Mr Abdurehim Otkur's life, his literary writing features and his influence on the current Uyghur Literature.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىجادىيەت ھاياتىدا تارىخ، تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، شۇنىڭدەك زامانىمىزدىكى تونۇلغان ئىجتىمائىي پەن ئالىمىدۇر.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 1923 ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. 1933 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1936 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1939 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1945 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى، «ئالتاي» نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئۆلكىلىك 2 ـ سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1954 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر ج . خ

---

* ئازاد سۇلتان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

باشقارمىسى، شىنجاڭ ج. خ كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1963 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە شىنجاڭ سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1978 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1987 - يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغان ۋە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي، ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن.

ئۆتكۈر ئەپەندى 1939 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. 1942 - يىلىدىن باشلاپ «ئۆتكۈر» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. بۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى بولغاچقا، ئۇ مۇشۇ تېمىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى ۋە ماقالە، سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەش غەلىبىلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «يېڭى نۇر» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى، «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق درامىسى، «گاڭ قانات لاچىن»، «كۈرەش دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاتاقلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە «چىن مودەن» ناملىق درامىنى يېزىپ، فېئودال كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلغان، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان. ئۇنىڭ 1946 - يىلى لەنجودا نەشر قىلىنغان «يۈرەك مۇڭلىرى»، 1948 - يىلى «تياۋشان نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەنجىڭدە نەشر قىلىنغان «تارىم بويلىرى» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى ۋە «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ئەنە شۇ يىللارنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىندۇر.

«قەشقەر كېچىسى» تەخمىنەن 3500 مىسرالىق چوڭ تىپتىكى داستان بولۇپ، ئۇ كىرىش ۋە خاتىمىدىن باشقا 11 بابقا بۆلۈنگەن. شائىر بۇ داستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 30 -، 40 - يىللاردىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، ئەينى دەۋردىكى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ روشەن كارتىنىسىنى سۈرەتلەيدۇ. كېرىم ۋە لەيلىدىن ئىبارەت بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. بۇ داستان ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ چىن ۋە تەسىرلىكلىكى بىلەن ئەينى دەۋردىكى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولالايدۇ.

كېرىم بىلەن لەيلى ئەسەردە ئەتراپلىق يارىتىلغان يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى بۇ ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇپ ئۇلارنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. شۇڭا كېرىم بىلەن لەيلىنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇرغۇن داستانلاردىكىدەك قىز - يىگىتنىڭ شەخسىي مۇھەببىتى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرى، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئازادلىق كۈرەشلىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ ئەسەرگە كۈچلۈك دەۋر روھى ئاتا قىلغان. ئېيتقاندەك، كېرىم ۋە لەيلىلەر 40 - يىللاردىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ۋەكىلى، لېكىن ئەدەبىياتنىڭ سىرلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئاپتور ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئۇقۇم ۋە رامكىلار بىلەن چۈشەپ قويمىغان، بەلكى كېرىم، لەيلى، ئوبۇل قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئادىمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىندىۋىدۇئاللىقىنى كۈچەيتكەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەندەك ئۇلارنىڭ زامان ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىرىدىن خالى بولالماسلىقى پېرسوناژلار ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمىگەن، ئەكسىچە، ئوبرازلارنىڭ چىنلىقىنى، تەبىئىيلىكىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرغان ۋە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. داستاندا ۋاپادار، سەممىي، ئاقكۆڭۈل لەيلىنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ يارقىنلىقى، جانلىقلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلار قاتارىنى بېيىتقان. ئاددىي - ساددا، ئەمگەكچان، مۇھەببەتتە سادىق ۋە ئاددىي دېھقان يىگىتتىن تەدرىجىي ئۆسۈپ چېنىقىپ كۈرەشچان جەڭچىگە ئايلانغان كېرىم، دوستلىرى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان مەرد، پىداكار يىگىت ئوبۇل، مېھرىبان، مۇلايىم، ئاددىي ئۇيغۇر ئايالى گۈلئايىم قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرى، شۇنىڭدەك سەلبىي قەھرىمانلاردىن بولغان چولاق مەخسۇم، ھاجىبەگ قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ ئۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن تارىخىي مەزمۇنلىرىنىڭ مولىلىقى، خاراكتېرىنىڭ روشەنلىكى، تەپىكلىكى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئوبرازلار ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ شەكلى، تىلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، سىيۇژىت قۇرۇلمىسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدىئىيلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بىزگە مەلۇم، ئۆتكۈر ئەپەندى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىغا ئۆتۈشتە باشلامچىلىق قىلغان ، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزغا، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىزگە ئاساس سالغان بايراقدارلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بۇ داستانى شېئىرىيىتىمىزدىكى چاغاتاي ئەدەبىياتى تىل ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئاساسىدا ئىجاد قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تىلى بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ تىلىدەك پاساھەتلىك، گۈزەل، ئىپادىلەش كۈچىگە باي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا ناھايىتى يېقىن، ئاممىباب ۋە يېقىملىق. بۇ ھالەت ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تىل ئاساسىنىڭ پۇختىلىقلىقىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىكى خەلقچىللىق روھىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. داستان ئاروز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلى ھەزەج بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، داستاننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاروز ۋەزنىنىڭ بەزىلەر ئېيتقاندەك پىكرنى بوغۇپ قويمايدىغانلىقىنى، ئاروز ۋەزنىدىمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر پىكىرلەرنى راۋان يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاروز ۋەزنىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. دەرۋەقە داستاندا مەزمۇن ۋە ئىپادىلەشنىڭ ئېھتىياجىدىن، جۈملىدىن ھېسسىياتنىڭ تەقەززاسىدىن ۋەزىن شەكلىدىن ھالقىپ ئەركىن بايانغا مۇراجىئەت قىلغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنى ئاپتور قەلىمىنىڭ ئەجادىيلىقى ۋە جانلىقلىقى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ پوئېزىيە ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاز ئۇچرايدىغان نادىر ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ داستان مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىندى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سېلىشتا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان پېشقەدەم شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھارماس قەلىمىنى تاشلاپ قويمىدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3. ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا مول مېۋىلەرنى بېرىش بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتتى. 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ئەنە شۇ نەتىجىلەر جۈملىسىدىندۇر.

«ئۆمۈر مەنزىللىرى» تاللانغان شېئىر، داس-

تان، نەسىرلەردىن تەشكىللەنگەن توپلام بولۇپ، ئۇنى شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئىزناسى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەگرى - توقاي ھايات سەپەرىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر گەرچە مۇستەقىل، ئايرىم - ئايرىم شېئىر ياكى داستانلار بولسىمۇ، ئەمما بۇ توپلامنى بىر پۈتۈنلۈكى بويىچە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە بىر پۈتۈن شېئىرىي ئوبرازنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئوبراز زۇلمەتلىك تۈن، جاھالەتلىك كۈنلەردە:

«بۇ قارا ھىجران تۈنىنىڭ ئىنتىھاسى يوقمىدۇر،
ۋەسلى دىدار كۈنلىرىنىڭ ئىپتىداسى يوقمىدۇر؟
.................

كەتمىگەي ئارماندا ئۆتكۈر كۆزىدە قانلىق ياش بىلەن،
يىرتقىلى تۈن پەردىسىنى تاڭ زىباسى يوقمىدۇر؟»

دەپ يىغان چېكىپ نالە قىلىدۇ ۋە جاھالەت پەردىسىنى يىرتىپ، يورۇق تاڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن تاڭ شامالىرىغا:

«يەلپۈنۈپ ئۆتۈڭ تاغلار بېشىدىن،
تاغلاردىن ئۆتكەچ جەڭچى قېشىدىن.
مەنمۇ راسلىدىم ئۆتكۈر قېلىچىم،
ئۆتەشكە تەييار ئۇلۇغ بۇرچۇم!».

دەپ مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز قەسىمىنى چاكارلايدۇ. يورۇق تاڭ، نەۋ باھارغا ئېرىشكەندە بولسا:

«دەرخ دە، مىڭ دەرخ دە، ئۆز ئۆزەڭگە،
قۇچاقلاپ ئۆتكىنىڭگە تەلۋە يىللارنى!
بۇ — ۋىجدان دەۋتى، بىلسەڭ ئىدىڭ سەن،
ئاقارت ئىجاد بىلەن ئەمدى كىرلارنى.»

دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئىجاد مېۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ تۇرمايدۇ ۋە ھېچنەرسىنى تاما قىلمايدۇ، بەلكى:

«باھار يامغۇرى ياغدى، سۇلىرى تاشتى،
كۆڭۈل كىرلىرىنى يۇيايلى كەل - كەل.
يۇرۇپ پەرھاد بىلەن تاشلار كېسىپ بىز،
ۋەتەنىنىڭ شەنىگە تىكلەيلى ھەيكەل!».

دەپ، ئۆزىنىڭ تەلۋە يىللار قوينىدا ئۆتكەن ئەھمىيەتسىز كۈنلىرىگە ئۆكۈنىدۇ ۋە يېڭى تۆھپە گۈلدەستىلىرىنى ۋەتەنگە تۇتماق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋەتەننى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس سەجدىگاھىم، دەپ بىلىدۇ.

«تاۋاپگاھ ئىزدىمەسمەن ھېچ، مېنىڭ ھىجرەتكە مەيلىم يوق.
مۇشۇ تۇپراق، ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.»

«قىلۇرمەن ئۆز ۋەتەننى سەجدىگاھىم،
سۈرۈپ تۇپراقنى كۆزۈمگە دائىم.»

دېگەن مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن لىرىك ھېسسىيات ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا تىنىماي شاۋقۇن سېلىپ، ۋەتەن شەنىگە ئەڭ جاراڭلىق سادالارنى ياڭرىتىدۇ.

مۇقەددەس سەجدىگاھى بولغان ۋەتەنگە سادىق بۇ ئوبراز «مەيلى ئىتلار ھاۋشىسۇن، چاقسۇن يەنە ھەرە، پاشا!»، «مەيلى چىقسۇن بورىنى، ياغسۇن ھەتتا مۆلدۈرى» ئۇ بەرىبىر زەپەردەست تەڭرىتاغدەك قىياپەت بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىگە «ئاق بايراق ئەمەس» لىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، «جان نېمە، جانان نېمە، ۋەتەن نېمە؟ ھەر كىشىنى ئادىمىي ئەتكەن نېمە؟ يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ، گۆش، تېرە، سۆڭەك بىلەن تېرەنېمە؟» دېگەن سوئاللارنى مەزمۇن قىلغان «ئۆمۈرنىڭ ھەر كۈنى بىر ئىمتىھان» لىرىغا ئەلا جاۋاب بېرىپ، ئەل - يۇرت ئۈچۈن ھەتتا يۈرەك پارىسىنىمۇ كېچەلەيدىغان «ئۇلۇغ ئانا» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ گەر بېشىغا ئۆلۈم كەلسە، لەختە - لەختە قانلىرى-

www.uyghurkitap.com

دىن گۈل ئېچىلىشىنى خالايدۇكى، ھەرگىزمۇ «ئازغان» بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ھېرىس قىلمايدۇ. ھاياتلا بولسا ئىجاد تۇلپاردىن چۈشمەي، ئەجدادلارنىڭ «چۆللەرئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە» قالدۇرغان ئىزلىرىنى ئىزدەپ تېپىشنى نىيەت قىلىدۇ. «نەۋائى ۋارىسى» بولۇپ، ھاياتنى ئىجاد ۋە مېھنەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنى بەخت ھېسابلايدۇ. چىن مۇھەببەتنى، چىن ئىنساننى، ئانا ۋەتەننى ئۇلۇغلايدۇ. قىسقىسى، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ، سۆيىدە ئاقىدۇ. ئاپتور بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىر ۋە داستانلىرىدا مانا مۇشۇنداق شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغان ۋە تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقلىرىنى ئاشكارىلىغان.

بۇ توپلامدىكى «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» قاتارلىق بەدىئىي كاپالەتكە يەتكەن خېلى كۆپ شېئىرلار ۋە داستانلار شۇنىڭدەك ئايرىم كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىنغان «قەشقەر كېچىسى» داستانى ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرىيەت بابىدىكى ئۆلمەس تۆھپىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، خېلى كۆپ شېئىر، داستانلارنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى تولاراق شېئىرىيەتكە، ئازادلىقتىن كېيىن بولسا تولاراق پىروزىغا، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، رومان ئىجادىيىتىگە قاراتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» تىرىلوگىيىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردا ئىجاد قىلىنغانلىقى بۇ پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلىگەن «ئىز» ناملىق تۇنجى رومانى 1984 - يىلى نەشر قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 30-، 40 - يىللاردا ئىستىبدات مىلىتارىستلارنىڭ، يەرلىك ئەمەلدار، بەگ، پومىشچىكلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن «ئۇيغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 - قىسمى 1989 - يىلى، 2 - قىسمى 1994 - يىلى نەشر قىلىندى.

بۇ رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چوڭ ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومانلار نەشردىن چىقىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ خېلى زور زىلزىلە قوزغىدى، خېلى كۆپ ئوبزورلار يېزىلىپ بەس - مۇنازىرىلەر بولدى. يىغىنچاقلىغاندا تەنقىدچىلىرىمىز: بۇ رومانلار بىزنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان رومانچىلىقىمىزنىڭ يېڭى نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئىجادىيىتىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى، دەپ باھا بەردى.

بىزگە مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم — ئەمەلىيەت، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئەمەلىيەتنىڭ تارازىسىدۇر. بىز بۇ رومانلار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن 9 ، 10 يىللىق ئىنكاس ۋە مۇھاكىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېۋىسى بولغان بۇ رومانلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىز.

ئۆتكۈر ئەپەندىدە قۇمۇل رايونىنىڭ، كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ ئەسەر يېزىش ئىستىكى خېلى بۇرۇنلا بار ئىدى. چۈنكى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەر خىل زور ۋەقەلەرگە تويۇنغان بولۇپ، خىلمۇخىل ئۆزگىرىش، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە تولغان. ئۇنىڭدا ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ مول ھەرىكەت پائالىيەتلىرى بار. تەڭرىتاغدەك زەپەردەست باتۇرلارنىڭ تىللاردا داستان قىلىنىۋاتقان ياكى قىلىنىشقا تېگىشلىك مەردۇ - مەردانىلىقلىرى، شۇ-

نىڭدەك ئىستىبدات، پاسسىق مۇناپىقلارنىڭ مەڭگۈ
لەنەتلىنىشىگە تېگىشلىك رەزىللىكلىرىمۇ بار. بۇ
تارىخىي ماتېرىياللار كىچىككىنىلا ئاشۇ ئاجايىپ
ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ كەلگەن يازغۇچىنى مۇشۇ تارى-
خىي تۇرمۇشنى ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇپ
بېرىشكە ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ مۇقىم ئىجادى-
يەت مۇددىئاسى بىلەن ماتېرىيال توپلاشقا باشلىغان
ۋاقتى 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلى-
دۇ. ئۇ تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرگە
ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدەپ، قومۇل رايونىدا
بىرقانچە قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بار-
دى. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن زىيا-
رەت قىلغان ئادەملىرى مىڭغا يېتىدۇ. ئۇ زىيارەت-
لىرىدىن نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى.
104 ياشلىق روزى بوۋايغا ئوخشاش قوزغىلاڭنىڭ
بىۋاسىتە ئىشتىراكچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخس-
لەرنىڭ بەرگەن ئاغزاكى ماتېرىياللىرىنى يىگىرمە
نەچچە لېنتىغا ئېلىۋالدى. جەڭ بولغان نەق مەيدان-
لار، تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تاغ - جىل-
غىلار، يول، ئۆتەڭ، مەنزىللەرنى كۆزدىن كە-
چۈردى. ئارخىپلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ماكان دائى-
ئىرىسى، ئارىلىق مۇساپىلىرى ھەققىدىكى ئېنىق
مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھەر خىل پايدىلىنىش خەرى-
تىلىرى، قوللانمىلارنى ئىشلەپ چىقتى. ئۇ، پار-
تىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىنلا ئىجادىيەتكە ھەقىقىي كىرىشكەنىدى. مەنى-
ۋى كىشەنلەر پاچاقلىنىپ، «چەكلەنگەن رايون»
لار بۇسۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ھەقىقىي رەۋىشتە
روھىي ئازادلىققا ئېرىشكەن يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئار-
مىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بول-
دى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمىنى تېزلىتىپ، ماتېرى-
يال يىغىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ماتېرىياللارنى ئۆ-
گەندى، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ بۇ
مەزگىلدە كۆرگەن - ئۆگەنگەن ماتېرىياللىرى بىر-
نەچچە مىليون خەتكە يېتىدۇ. ئۇ ھەتتا شىنجاڭ
تارىخىغا ئائىت ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنىمۇ تەرجى-
مە قىلدۇرۇپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق
زور ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەر سا-
ھەدىكى كىشىلەر ئۇنى قىزغىن قوللاپ نۇرغۇنلى-
غان كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.
پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلى-
رىدىن تارتىپ ئاددىي دېھقان ئاياللىرىغىچە ئۆز
ياردىمىنى ئايىمىدى. ئاددىيغىنا بىر مىسال ئال-
ساق، «ئويغانغان زېمىن» نىڭ 1 - قىسمىدا خوجى-
نىياز ھاجىنىڭ سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرىگە
مۇناسىۋەتلىك بولغان قازاقىستاندىكى ۋېلىبايىنىڭ
ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار كېرەك بول-
غاندا، كىشىلەر ھەتتا ۋېلىباي ياركەنتتە بىنا قىل-
غان مەسچىتنىڭ خەرىتىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان
ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى.
ياخشى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن تۇرمۇش، جەم-
ئىيەت، تارىخقا نىسبەتەن يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ
مۇستەقىل تونۇشى بولۇشى زۆرۈردۇر. ئۇنىڭدا
ھەممىنى بىر ' شتۇرەلەيدىغان ھېسسىيات، بارلىق
تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەم-
مەل، چوڭقۇر ئىدىيە بولۇشى لازىم. ئوتتۇقلۇق
چىققان ئەسەرلەر ئۆز مۇئەللىپىدىن ئۆزى تەسۋىر-
لىمەكچى بولغان تۇرمۇش مەزمۇنىنى پىششىق بى-
لىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە مۇئەللىپىدىن
پۈتكۈل جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كونك-
رېت تۇرمۇش مەزمۇنىدىن قاڭقىپ چىقىپ دەۋر،
تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ۋە چوڭ-
قۇرلۇقىدا تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجا-
دىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئاپ-
تور توپلىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تارىخىي
ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە كۆزەتتى،
تەھلىل قىلدى. شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل
كۆز قاراشلىرىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق
تەييارلىق باسقۇچىدىن كېيىن 1983 - يىلىنىڭ
ئاخىرى رەسمىي يېزىشقا كىرىشتى.
ئاپتورنىڭ بۇ رومانلارنى يېزىشتىكى ئىجادى-
يەت مۇددىئاسى شىنخەي، ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە
قومۇلدا پارتلىغان تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھا-
جى باشچىلىق قىلغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي
— ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېھ-
قانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلاش، زۆرۈرىيىتى
غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت تارى-
خىي جەريانىنى ئىپادىلەش ۋە بۇ تارىخىي جەرياننى

www.uyghurkitap.com

دەۋر قىلغان هالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارى-
خىدىكى سىياسىي، هەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنى-
يەت قاتارلىق ساهەلەرنى، هەر خىل مۇرەككەپ
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار تارىخىي كارتىنىسىنى سىز-
ىپ بېرىشتۇر. ئاپتورنىڭ بۇ خىل ئېستېتىك
غايىسى «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ناهايىتى
ئېنىق ئىزهار قىلىنغان، گەرچە تارىخىي تىرولو-
گىيە «ئويغانغان زېمىن»نىڭ دەسلەپكى پىلانىدىكى
3 - قىسمى ئاپتورنىڭ سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن
يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن هازىرغىچە نەشىر
قىلىنغان رومانلارنىڭ مەزمۇن كۆچىگە ۋە قۇرۇلما
مۇكەممەللىكىگە قاراپ تۇرۇپ ئاپتور ئۆزىنىڭ
ئېستېتىك غايىسىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇردى
دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇ رومانلارنىڭ قايتا - قايتىلاپ نەشىر قىلى-
نىشى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تىراژىنىڭ زور دەرىجىدە
ئېشىپ بېرىشىدىكى، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرلەرنىڭ
بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىزدەك جەلپ قىلىش كۈ-
چىنىڭ بىرنەچچە يىلدىلا ئاجىزلاپ كەتمەي، ئەك-
سىچە كۈچىيىپ بېرىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بىز-
نىڭچە، تۈپ سەۋەب ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچىدە
ۋە ئېستېتىك قىممىتىدە.

بىزگە ئايانكى، هەرقانداق يازغۇچى تۇرمۇش
چەكلىمىلىرىدىن ۋە تارىخىي چەكلىمىلەردىن هال-
قىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ
هەممىسىنى بىلىش، هەممىگە ئۇلگۇرۇپ، هەممى-
گە قابىل بولۇپ كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.
لېكىن، ئۇ يىراقنى يېقىنغا ئەكىلىپ، چەكسىز-
لىكنى چەكلىك دائىرە ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئۆز ئە-
سىرىنى زامان ۋە ماكاندىن هالقىپ كېتەلەيدىغان
هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. بىز
تۆۋەندە ئاپتورنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلى-
رىگە نەزەر سېلىپ باقايلى.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزى ئىگىلىگەن
مول تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇمۇلدىن ئىبارەت
كونكرېت ماكاندىن خېلىلا هالقىغان هالدا پۈتۈن
شىنجاڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگودىن ئىبارەت كەڭلىككە،
كونكرېت جەريانىنى نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي

مۇساپىگە قويۇپ، بىر تارىخشۇناس، پەيلاسوپ،
ئىنسانشۇناسنىڭ كۆزىدە كۆزىتىپ، ئۇنى چىن،
جانلىق ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن،
تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە ھەقىقەتنى، هاياتلىق
پەلسەپىسىنى توغرا يەكۈنلەپ چىققان. مانا بۇ ئاپ-
تورنىڭ تارىخقا، هاياتقا هاسىل قىلغان پۈتۈن تە-
سىراتىنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، بۇ تىندۇرما ئە-
سەرنىڭ مەزمۇن جەۋهىرى، يەنى ئەسەرنىڭ جېنى
هېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق بۇ جەۋهەرنى
ئەسەردىكى كونكرېت تەسۋىر، جانلىق ئوبرازدىن،
قۇرۇلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاپالايمىز.

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىقمۇ بولىدۇ، زۇلۇم
كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقمۇ كۈچىيىدۇ. ئەمگەكچى
خەلقنىڭ شىلىسىغا چىقىۋالغان فېئودال، ۋاڭ -
غوجاملار، ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلار ۋە ئۇلار ۋە-
كىللىك قىلغان ئەزگۈچىلەر سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ
كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇشى، هوقۇق مەنپەئىتى
ئۈچۈن خەلقنىڭ سۆڭىكىنى چېقىپ، يىلىكىنى
شۈمۈرۈۋاتقان ئاشۇ زۇلمەتلىك يىللاردا تۆمۈر
خەلپە ۋە خوجىنىياز هاجى باشچىلىقىدىكى دېهقانلار
قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى خۇددى لى زىچېڭ، خۇڭ
شيۇچۈەن باشچىلىقىدىكى دېهقانلار قوزغىلىڭى بە-
لەن ئوخشاشلا تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ،
هەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بىراق، ئىستى-
خىيىلىك قارشىلىقلاردىن قوراللىق كۆرەشكە،
يەككە ئېلىشىشلاردىن تەشكىللىك هەرىكەتكە ئۆز-
گەرگەن دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا
«ئاچچىق ساۋاقنى قالدۇرۇپ» هەمدە «گەرچە مۇ-
رادى هاسىل بولمىغان بولسىمۇ، كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنى ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن جياڭجۇن ياملىرى-
نى گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەندۈ-
رۈپ» مەغلۇپ بولۇپ كېتىشىمۇ مۇقەررەرلىك-
تۇر، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەر-
گەن تارىخىي پاجىئەلەرمۇ بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. ياز-
غۇچى ئۆز ئەسىرىدە بۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈشكە ئەڭ باب كېلىدىغان تراگېدىيىدىن ئىبارەت
بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان.

ئىنسانىيەت تارىخى خىلمۇ خىللىقلارغا تولغان
بولىدۇ، تارىخنىڭ مەزمۇن جۇغلانمىسىدا ئوخشاش-

ماسلىقلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن، بىراق، ھەرقانداق تراگېدىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەممىسىلا خۇددى لۇشۇننىڭ «قەدىر - قىممەتلىك نەرسىلەرنى پارە - پارە قىلىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ» دېگەن تەبىرىدەك چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىش ۋە ساختىلىق، قاباھەت، رەزىللىكنى سۆكۈش ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

بۇ ئۈچ پارچە روماندا تەسۋىرلەنگەندەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن قۇمۇل خەلقى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ۋاڭ - غوجاملار، باي - پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تېرىپ، چارۋىسىنى بېقىپ، تۆككەن تەرىگە، قىلغان ئەجرىگە چۇشلۇق ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان ۋاڭلىق تۈزۈم ، شۇنىڭدەك شا مەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى ئوردا بەگلىرى ۋە باي- غوجاملار خەلقنى ئات، ئېشەك ئورنىدا ئىشلەتكەننى ئاز دەپ ئۇلارنى ھايات خۇشاللىقلىرىدىن ۋە ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي لەززەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. كۆزىدىلا ئەمەس، يۈرىكىدە قان يىغلاپ، نالە قىلىپ ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىگەن بىچارە خەلق قوزغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بىراق، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىدىن، تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە ئۆزلىرىدىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن قۇمۇلدىن باشلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەغلۇپ بولدى. قوزغىلاڭلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن قەھرىمانلار جەڭلەردە قۇربان بولدى. جازا مەيدانلىرىدا بېشى ئۈزۈلگەن، تىلى كېسىلگەن، كۆزى ئويۇلغان جەسەتلەر قەبرىسىز قالدى. بىز ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن قايغۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىدىن، ئىزدىنىشلىرىدىن ئىلھاملىنىمىز. جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق چاقناپ تۇرغان ئەسەر سەھىپىلىرىدىن كۈچلۈك ئېستېتىك زوققا ئېرىشىمىز. دېمەك، ئەسەرنىڭ مەزمۇن كۈچى، ئېستېتىك كۈچى بىزنىڭ قەلبىمىزنى زىلزىلىگە سالىدۇ.

تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ بۇ ئۈچ پارچە رومانغا ئوخشاش قەھرىمانلىق تراگېدىيىلىرىدە تراگېدىيە قەھرىمانلىرى ئوبرازلىرىنىڭ قانداق يارىتىلىشى ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. تراگېدىيىلىك قەھرىمانلار چوقۇم چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ پارە - پارە قىلىپ كۆرسىتىلىشى ھېچقانداق ئېستېتىك تەسىرات پەيدا قىلالمايدۇ. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» ، رومانلىرىدا «ئۆلگەن يەنى پارە - پارە قىلىپ كۆرسىتىلگەن» پېرسوناژلار خېلى كۆپ. لېكىن، شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆلۈمى ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىككى پاي ئوق بىلەن جاجىسىنى يېيىشى، قارانىيەت توختى سەيپۇڭ، ئاغىچى قارا بوسۇقلارنىڭ قەبرىسىز ئۆلۈمى، ساتقىن روزى موللا، توقسۇن فۇگەن، سايىت تۇڭچىلارنىڭ لەنەتلىك ئۆلۈمى، يې شىفۇ قاتارلىق چىرىكلەرنىڭ جەھەننەمگە مېڭىشى بىزدە قىلچە ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، خوپ بوپتۇ دەيمىز. ئەمما، تۆمۈر خەلپىنىڭ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ، ئامانقۇل، مەڭلىك نىياز، ھەسەن دولان، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى بىزدە تامامەن باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 - قىسمىدىكى ھەسەن دولان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە توقۇلما قىلىنغان پېرسوناژ، ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بولغان ئىلغار پىكىرلىك پەن ياۋنەننىڭ ھارۋىكىشى، ئۇ پەن ياۋنەننى «دارىن ئىمانسىز بولغىنى بىلەن ئىنساپلىق، مۇلايىم، باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغان ئوبدان ئادەم» دەپلا بىلىدۇ. شۇڭا، جىن شورىننىڭ قولچوماقلىرى پەن ياۋنەننىڭ كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىغاندا، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «تاياق ئاستىدا ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئىس-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلىدۇ، ئۇ ياكى بىر ئىلغار تەشكىلاتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، ياكى پەن ياۋنەننىڭ شېرىكىمۇ ئەمەس، پەقەتلا ساۋاتسىز ئاددىي هارۋىكەش. لېكىن ئۇ بىز كىنولاردا كۆرگەن، كىتابلاردا ئوقۇغان قەهرىمانلارغا ئوخشاش ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي، سوراقچىنى مۇش بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلۈمنى مەردانىلىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ساۋاتسىز، ئاددىي بىر هارۋىكەشنىڭ «ياخشىغا يانتاياق بولۇش» تەك ساددا، ئەمما ئۇلۇغ ئەقىدىسى بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. مەڭلىك نىياز بولسا، خوجىنىياز هاجىنىڭ قوشۇنىدىكى ئاددىي بىر قوزغىلاڭچى دېهقان. ئۇمۇ ھەسەن دولانغا ئوخشاش ئەسەرنىڭ مۇهىم قەهرىمانلىرىدىن ئەمەس. مەڭلىك نىياز ئادەتتە يۇزى تۆۋەن، نومۇسچان ئەمما جەڭدە باتۇر يىگىت. ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ، هايات گۈزەللىكلىرىگە تەلپۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ئەتىۋارلايدۇ. لېكىن، قوزغىلاڭنىڭ سەردارى غوجىنىياز هاجىغا خەۋپ تۇغۇلغاندا، ئۇ ئۆز خوۋلۇقى بىلەن هېسابلاشماي، خوجىنىياز هاجىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بەخت-سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇشى، گۈزەل مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى لازىم ئىدى ۋە شۇنىڭغا ھەقلىق ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ قازا قىلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئېچىنىمىز ۋە بۇ قەهرىمانغا قايىل بولىمىز. «ئىز» رومانىدىكى ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ هاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ ئەرمىكى بولغۇچە قىلىچ ئاستىدا پارە-پارە بولۇپ كېتىشنى ئەۋزەل بىلگەن قەلبى گۈزەل، رەڭگىمۇ گۈزەل گۈلقىزنىڭ شامەخسۇتنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆزىنى قىلىچقا ئۇرۇپ هالاك بولۇشى بىزنىڭ قەلبىمىزدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. بىز ئېچىنىش بىلەن بىللە پاك، غۇبارسىز بۇ تاغ گۈلىدىن سۆيۈنىمىز. راجى بالىنىڭ جازا مەيدانىدىكى قورقۇمسىزلىقى بىزنى تەسىرلەندۈرسە، جاللاتنىڭ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىزىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشى بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. بۇ ياش، باتۇر يىگىتنىڭ ئاجايىپ قەهرىمانلىقىغا بولغان قايىللىقىمىز ۋە هۆرمىتىمىز ئاشىدۇ.

«ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى ئايرىم شەخسلەرنىڭ تەزكىرىسى يېزىلغان بىئوگرافىك ئەسەر ئەمەس، بەلكى تارىخىي روماندۇر. شۇڭا، ئاپتور بۇ رومانلىرىدا ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېهتىياجى بويىچە ناهايىتى كۆپ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقان. پەقەت «ئىز» رومانىدىلا خېلى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىلگەن پېرسوناژلار ئوبرازى 70 كە يېقىن، تىلغا ئېلىنىغا يانداش پېرسوناژلار 60 ئەتراپىدا. «ئويغانغان زېمىن» نىڭ ئىككى كىتابىدا بولسا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئاجايىپ مول ۋە رەڭدار پېرسوناژلار دەھلىزىنى هاسىل قىلغان. بۇ پېرسوناژلار قاتارىدا تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز هاجى، نىياز پالگان، سالى دورغا قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ سەركەردىلىرى؛ ئامانقۇل، راجى بالا، ئەنسارى، قاسىم قىزىق، هۆسنارىخان، ئايقىز، مەڭلىك نىياز، مىرول مەرگەن قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى، شۇنىڭدەك ئاددىي دېهقانلار، كاسىپلار، هۈنەرۋەن، سودىگەرلەر، ئوۋچىلار، خوتۇن-قىزلار ۋە بالىلار بار. بۇلاردىن باشقا شامەخسۇت ۋە ئۇنىڭ هاشىر تەيجى، نۇشىرۋان تەيجى، قىز بەگ خوجا، نورۇز ئەلەم، ئۇۋەيس مۇپتى، توختى دورغا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم ياڭ زىڭشىن، جىن شورېن، شىڭ شىسەي، ماجۇڭيىڭ، يولۋاس ... قاتارلىقلاردىن تارتىپ ئۇلارنىڭ بەي ۋېنچاۋ، چيەن دارىن، ليۇسىجاڭ، لى شۇفۇ، شۇي شيەنجاڭ دېگەندەك قولچوماقلىرىغىچە بولغان نۇرغۇن پېرسوناژلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن.

باش قەهرىمان تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن تارىخىي مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، خاراكتېرىنىڭ چىنلىقى بىلەن ئالاهىدە ئورۇنغا ئىگە. ئاپتور تارىخىي ھەقىقەتنى، هاياتلىق پەلسەپىسىنى ۋە كۆز قاراشلىرىنى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق يورۇتقان بولغاچقا، تۆمۈر خەلپىنىڭ تارىخىي رېئاللىقتىكى پروتوتىپىنى تېخىمۇ كەڭ بەدىئىي زېمىن ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلەنگەن. ئېنى-

گېلس: «ئاساسي پېرسوناژ مۇئەييەن سىنىپنى
خاسىشچانلىقىنىڭ ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائا-
لىيەتلىرى نوقۇل ھالدا پەقەت شەخسىي ھەۋەس،
مۇددىئانىلا چىقىش نۇقتىسى قىلمايدۇ. بۇ ھەرد-
كەت - پائالىيەتلەر ئۇلار مەنسۇپ  غان تارىخىي
ئېقىمدىن كېلىپ چىقىدۇ» دەيدۇ. تۆمۈر خەلپە
دەل مۇشۇنداق كىشى. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ
ئۇرتكىسىدىن تەڭرىتاغ ئېتىكىدىمۇ زۇلۇمغا قارشى
كۆتۈرۈلگەن، بوراندا جارچى بولۇپ پەرۋاز قىلغان
باتۇر بورانقۇش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىق-
قان يول باشلىغۇچى. ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى تا-
سادىپىيلىقتىن ئەمەس، ئۇ تارىخنىڭ، دەۋرنىڭ
ئوغلانى، ئۇنىڭ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، يوق-
سۇزلۇق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆسۈشى، تىنەپ
- تەمتىرەپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ
كۆپنى كۆرۈشى ۋە كۆپنى ئاڭلىشى ئۇنى باشقىلار-
دىن بالدۇرراق ئويغاتقان، نەزەر دائىرىسىنى كې-
ڭەيتكەن. دېمەك، ئىجتىمائىي بارلىق ئۇنىڭ ئې-
ڭىنى بەلگىلىگەن. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇنى
ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئىچىگە، ھەرىكەت ئىچىگە قو-
يىدۇ. تۇرغۇن ھالەتكە ئەمەس، ھەرىكەت ئىچىگە،
ئۆسۈش ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

سيۇژىتنىڭ غول لىنىيىسى «تورپاق يېغىلى-
قى» دىن باشلانغان. ئاپتورنىڭ بۇنداق يېزىشى سە-
ۋەبسىز ئەمەس. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بىرىنچىدىن،
ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەلىك بولغان تۆمۈر خەلپە
قوزغىلىڭىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۈرەشلەرگە باغلاپ
تارىخىي ئىزچىللىقنى نامايەن قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقى-
لىق خەلق ئىنقىلابى خۇددى ئۈزۈلمەس دولقۇنلار-
دەك بارغانسېرى ئۆلغىيىپ بارىدۇ دېگەن كۈرەش
ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولسا، ئىككىنچى-
دىن، ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ تەدرىجىي ئەقىل
تېپىپ بارغانسېرى ئۆسۈپ ماڭغان يېتىلىش جەريا-
نىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

تۆمۈر خەلپە «تورپاق يېغىلىقى» دىن قانداق
ساۋاق ئالدى؟ ئۇ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاش ئۈچۈن قولىغا قورال ئالمىسا بولماي-
دىغانلىقىنى چۈشەندى. قوراللىق كۈرەش ئېڭى-
نىڭ يېتىلىشى تۆمۈر خەلپىدەك دېھقان قەھرىمان-
نىڭ ئېڭىدىكى ناھايىتى زور يۈكسىلىش، ئەلۋەت-
تە. شۇڭا ئۇنىڭ تۇنجى قەدىمى مەرگەنلەر (پالگان-
لار) ياشىغان «قارا مىلتىق بولسىمۇ، ھەر ھالدا
مىلتىق بار» تاغدىن باشلىنىدۇ. تۆمۈر خەلپە
(دەسلەپتە ئۇ تۆمۈر مۇجاڭ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن)
ئۆزىنىڭ ئەلنىڭ خۇشلۇقىغا كۈلۈپ، قايغۇسىغا
يىغلايدىغان، تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا سۈكۈت قى-
لىپ تۇرالمايدىغان ئىسيانكار روھى، جەڭگاھتىكى
باتۇرلۇقى، تەشكىللەش قابىلىيىتى، قوماندانلىق
تالانتى، ئاددىي - ساددا ۋە كەمتەرلىكى، چىقىش-
قاقلىقى بىلەن ناھايىتى تېزلا ھۆرمەتكە سازاۋەر
بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلپە يەنى يولباش-
چى بولۇپ قالىدۇ. تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئەسەر
باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە
ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، يازغۇ-
چى ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى باش قەھرىمانىنى
تارىخنىڭ تەرەققىيات ئىزناسىدىن زادىلا ئايرىۋەت-
مىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە قوزغىلاڭنىڭ پارتلى-
شى، كۈچىيىشى، غەلىبە قىلىشى ۋە ئاخىرىدا
مەغلۇپ بولۇشىنىمۇ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا
سۈرەتلىگەن. ئەمدى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى
ئۈستىدە توختالغاندا، ئەلۋەتتە دۈشمەن كۈچلەر-
نىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقىدىن ئىبا-
رەت تاشقى سەۋەبنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا
بولمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىچكى سەۋەب بولسا، ئاسا-
سەن دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ
ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس مەنىۋى ئا-
جىزلىقلاردىن خالى بولالماسلىقى، ئىلغار ئىدىيە-
نىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمەسلىكى، توغرا ۋە ئې-
نىق نىشانىنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر. ئاپ-
تور تارىخىي رېئاللىقنىڭ مۇشۇنداق ماھىيەتلىك
تەرەپلىرىنى ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرد-
گە باغلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشلىرى
ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن تامچە
سۇدىن قۇياش نۇرىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرگىلى بول-
غاندەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. گېگېل قە-
دىمكى گرېك تراگېدىيىلىرىدە زىددىيەت توقۇنۇش-
لىرى ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا، ئوخشىمىغان
ئىككى خىل خاراكتېر ئوتتۇرىسىدىلا قانات يايىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ردىغانلىقىنى؛ ئەدەبىياتنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى تراگېدىيىلەردە بولسا، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدىمۇ ئىپادىلىنىدىغان بولغانلىقى توغرىسىدا توختالغانىدى. دېمەك، گېگېل خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ ئىپادىلىنىش ئەھۋالىدىن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى بايقىيالىغان. بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ رومان ئىجادىيىتى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، دېگىنىمىزدە دەل مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتىمىز. يەنى ئۇنىڭ رومانلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ بەلگىلىك چوڭقۇرلۇق ئىچىدە يورۇتۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرىمىز. «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپە ھەممە دۈشمەنگە بولغان نەپرەت بىلەن كەڭ قوساقلىق، رەھىمسىزلىك بىلەن ئەپۇچانلىق، جەڭگىۋارلىق بىلەن پاسسىپلىق، كۆرەشچانلىق بىلەن ئىلاھىي تەقدىرچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى ئاڭ، ئىككى خىل پۇرسەتنىڭ توقۇنۇشى ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇ ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەننى يوقىتىش لازىملىقىنى بىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن، تۇرۇپلا يەنە ئۇلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. نەتىجىدە، خۇددى ئىت سۇدىن چىقىپلا پاقالچاقتىن ئالغاندەك تۆمۈر خەلپىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەن دۈشمەنلەر قايتا ئات مىنىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىغا قايتا كۈلپەت ياغدۇرىدۇ. ئەسەردە تۆمۈر خەلپىنىڭ جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن چېرىكلەرنى ھەممىشە ئاتقا مىنگۈزۈپ قويۇۋەتكەنلىرى ھەتتا چېرىكلەرنىڭ كاتىباشلىرىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانلىقلىرى يېزىلغان. تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى «يىقىلغاننى تەپمەك يوق» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. توختى سەيپۇڭنىڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ قىزىغا ئېيتقان «يۇچۇنلا» گەپلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قارا نىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىدى. ئەمما تۆمۈر خەلپە بۇ سۆزلەرنى «ئوينىشىپ ئېيتقىنىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ توختى سەيپۇڭنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىنمۇ يۈز تۇرانە سۆزلىشىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايدۇ. ئۇنىڭ قارا بوسۇق قاتارلىق سەركەردىلەرنى ئازدۇرۇپ قوشۇننى پارچىلىشىغىمۇ سۈكۈت قىلىدۇ. ھەتتا توختى سەيپۇڭ خائىنلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاتقان چاغدىمۇ رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىدۇ. خېلى كۆپ ھاللاردا ئۆز ئىرادىسىگە، مەقسىتىگە خىلاپ ھالدا ئىش قىلىدۇ. مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە نۇرغۇن سەۋەنلىكلەرگە يول قويغانلىقىنى غۇۋا سەزسىمۇ، بىراق ئېڭىدىكى تەقدىرچىلىك قارىشى باش كۆتۈرگەن ھامان مەغلۇبىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى قېزىشتىن دەرھال ۋاز كېچىپ، ھەممىسىنى تەقدىردىن كۆرۈپ روھىي تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. لېكىن، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغاچقا، ئۇ بەربىر روھىي ئازابتىن، قايغۇدىن قۇتۇلالمايدۇ. قىسقىسى، ئۇ بۇ سەۋەبلەرنىڭ تېگىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكۈدەك سەۋىيىگە ئىگە بولمىغاچقا، ئۆزىدىكى چەكلىمىلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرى پۈتكۈل قوزغىلاڭنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە تۆمۈر خەلپە ئوبرازى مۇشۇنداق جانلىق تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن تىپىك مۇھىتتىكى بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

خوجىنىياز ھاجى «ئىز» رومانىدا، بولۇپمۇ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا ئەتراپلىق ۋە جانلىق تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر ئاساسلىق قەھرىمان. ئۇنىڭ ئوبرازى «ئىز» رومانىدا تۆمۈرخەلپىگە يانداشتۇرۇلۇپ، قوشۇمچە ئورۇندا تەسۋىرلەنگەن بولسا، «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا ئاساسلىق قەھرىمان سۈپىتىدە تېخىمۇ كەڭ يورۇتۇلغان.

ئۇنىڭ ئوبرازى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تارىخىي شەخس خوجىنىياز ھاجىنىڭ پروتوتىپىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شۇ ئاساستا بەدىئىي چىنلىق بويىچە ئەتراپلىق تەسۋىرلىنىپ، بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. تارىخىي شەخس خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بەك مول، ھەرىكەت قىلغان تۇرمۇش سەھنىسى بەك كەڭ، بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسى ئۇزۇن بولغاچقا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار

قوزغىلىڭى پەقەت قۇمۇل بىلەنلا چەكلەنمەي، پۈت-
كۈل شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن زور تارىخىي
ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەردە ئۇنىڭ بەدىئىي
ئوبرازىنى يورۇتۇشى مۇقەررەر هالدا شىنجاڭنىڭ
يېقىنقى زامان تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ
زىددىيەتلەرنىڭ چىگىشىنى چىقىرىشنى، خىلمۇ
خىل سىياسىي، هەربىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر-
نى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى
تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرگە
چېتىشلىق بولغان خوجىنىياز هاجىدەك تارىخىي
شەخسكە توغرا باها بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەدە-
بىي ئىجادىيىتىنى ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىدىغان
ئۆتكۈر ئەپەندى تارىخقا شۇنىڭدەك خەلققە بولغان
مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىجادىيەتكە يۈز-
لەنگەن بولۇپ، بەزى ئاپتورلاردەك ئۆتكۈر ۋە نا-
زۇك زىددىيەتلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىگەن.
چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ئەسەرنىڭ مەزمۇن كۆچە-
گە تەسىر يېتىپلا قالماي، ئوبرازنىڭ مۇكەممەللە-
كى ۋە چوڭقۇرلىقىغىمۇ يەتكىلى بولمايتتى. ئۆت-
كۈر ئەپەندى خېلى بىر مەزگىل چەكلەنگەن رايون-
لارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن شىنجاڭ تارىخ تەتقىقا-
تىنىڭ تولىمۇ تېيىزلىقىغا قارىماي، قەھرىمانىنى
ياراتقان تارىخىي مۇهىت ۋە شارائىتىنى تەتقىق
قىلىدۇ. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق
شەيئىلەرنى كۆزىتىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق
كۆزقاراش بىلەن تارىخىي ۋەقە ۋە هادىسىلەرنى
تەهلىل قىلدى. شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا هادى-
سىلەرنىڭ يۈز كۆرۈنۈشلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ
ماهىيىتىگە يېتەلىدى، خوجىنىياز هاجىنىڭ ئىن-
قىلابىيلىق، ئىلغارلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي تەرە-
پىنى كۆرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭدىكى تارىخىي
چەكلىمىلىك ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىكلىرىنى،
شۇنىڭدەك ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىنىمۇ قەلەمگە ئا-
لالىدى. گىرەلەشمە زىددىيەتلەرگە تويۇنغان تىپىك
ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ گۆش
ۋە ئۇستىخىنىمۇ بار، تومۇرلىرىدا ئىسسىق قېنى
ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جانلىق يارقىن بەدىئىي ئوبراز-
لارنى يارىتىپ چىقالىدى.
خوجىنىياز هاجى تاغدا ئۆسكەن قورقۇمسىز،
قەيسەر، تۈز كۆڭۈل ئادەم. ئۇنىڭ مۇهەببەت -
نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، هەرگىزمۇ ناهەقچىلىككە
چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئۇ تۆمۈر خەلىپىنىڭ باش-
چىلىقىدا قۇمۇل تاغلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭغا
قاتناشقان ۋە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، پالۋانلىقى بىلەن
دەسلىپىدىلا تونۇلغان. دېمەك، ئېزىلگەن، خور-
لانغانلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش، بايلارغا ئۆچ بو-
لۇش ۋە باتۇرلۇق جەهەتلەردە ئۇ تۆمۈر خەلپە ۋە
باشقا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە. لې-
كىن، ئۇنىڭ ئالاهىدە كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭدا
ئۆزگىچە سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ تۆمۈر
خەلپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقاندا تېخى ياش بالا ئى-
دى. جەڭلەردە پىشتى، تاۋلاندى، مۇهىم سەر-
كەردىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى، بۇ قېتىمقى قوزغى-
لاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شامەخسۇت ۋاڭنىڭ
زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ، يۇرتمۇ - يۇرت سەر-
گەردان بولۇپ يۈردى. خېلى ئۇزاق مەزگىللىك
سەرگەردانلىق هايات ئۇنىڭ كۆپنى كۆرۈشى، كۆپ-
نى چۈشىنىشى ئۈچۈن شارائىت هازىرلاپ ئۇنىڭغا
بىر مەكتەپ بولدى. ئۇ هەممىلا يۇرتتا كەمبەغەل،
يوقسۇللارنىڭ ئېزىلىپ، خارلىنىپ غۇربەتچىلىكتە
ئۆتۈدىغانلىقى، خۇددى جاهاندىكى قاغىلارنىڭ هەم-
مىسىلا قارا بولغىنىدەك، هەممىلا يەردىكى باي -
غوجاملارنىڭ ئاچكۆز، زومىگەر، ئىكەنلىكىنى،
ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل هۆكۈمەت بىلەن ئاپاق -
چاپاق بولۇۋېلىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ،
سۆڭىكىنى چېقىپ يەيدىغانلىقىنى كۆردى. بولۇپمۇ
چېگرىدىن هالقىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن
ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ ئېڭىنىڭ بىر بالداق كۆتۈرۈ-
لۈشىگە تۈرتكە بولدى. مەخسۇت مۇهىدى، هەيدەر
ئەپەندى، خوخول گېرىگورى قاتارلىق هەر مىللەت-
تىن بولغان ئىنقىلابچىلار، ئىلغار زاتلار بىلەن
تونۇشقاندىن كېيىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر-
دىنبىر يولى ئىنقىلاب قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭ-
قۇر چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭدەك ئىنقىلابنى قان-
داق قىلىش مەسىلىسىدىمۇ بەلگىلىك چۈشەنچە ها-
سىل قىلدى. مانا مۇشۇنداق زۆرۈر بولغان چېنى-
قىش ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق هازىرلانغانلىقى ئۈ-
چۈنلا ئۇنىڭ يول باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار

قوشۇنى قۇمۇل تاغلىرىدا قۇمۇل دىيارىدا قايتىدىن يانغان ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرىنى ئۇلغايتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى زۇلۇمغا قارشى خەلق ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور گۈلخانىغا ئايلاندۇرالىدى.

ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنى مانا مۇشۇنداق كەڭ كۆرەش سەھنىسىگە خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناپ تۇرغان داھىيانە سۈپەتلەردىن بولغان ئەينى دەۋردە كەم تېپىلىدىغان ئەقىل ۋە تەجرىبە، مەردۇ مەردانىلىق، پىداكارلىق روھ، ئىنسانىي پەزىلەت قاتارلىقلارنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە تەرەققىيات ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلىگەن، يەنى تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئاددىي بىر تاغلىق يىگىتتىن قەلبىگە مىللەتنىڭ غېمىنى سىغدۇرۇپ، يەلكىسىگە ئەلنىڭ يۈكىنى يۈكلىگەن يول باشچىغا ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت ھەرىكەت جەريانىغا قويغان. ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇشۇنداق بىر پرىنسىپقا ئىزچىل بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن بىز خوجىنىياز ھاجى ئوبرازىدىكى ئۇلۇغۋارلىق ئىچىدىكى كەمتۈكلۈكنى، باتۇرلۇق ئىچىدىكى قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى ئەقىل ۋە تەجرىبە ئىچىدىكى كالتە پەملىكلىكنى، يىراقنى كۆرەرلىك ئىچىدىكى ئامالسىزلىقنى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىچىدىكى دىن ئەقىدىچىلىكىنى، چىقىشقاقلىق، كەمتەرلىك ئىچىدىكى ئۆز سۆزلۈكلۈك، چوڭچىلىقنى ئېنىق كۆرىمىز. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوبرازىدىكى مۇرەككەپلىكلىكنى ھاسىل قىلىۋاتقان تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىرىگە قارىتا چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىدىكى تراگېدىيىلىك خاتىمىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئەلۋەتتە، ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قىمقاسچوقانلار پەلەككە يەتكەن جەڭ مەيدانلىرىنىڭ تەسۋىرلىرىگە يۆلىنىۋالمىغان، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ شۇنىڭدەك ھەر خىل سورۇن ۋە ھەر خىل ئادەملەر بىلەن بولغان تۈرلۈك سۆھبەت، ئۇچرىشىشلارنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشلىرىنى گەۋدىلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاپتورنىڭ غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك تەجرىبە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى ئىزچىل تۈردە تېپىك مۇھىت، تېپىك شارائىت ئۈستىگە قويۇپ يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بەزى ئەسەرلەردەك تارىخىي ۋەقەلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قەھرىمانلار پەقەتلا تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان ياكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى، يەنى ئۇلار قاتناشقان ۋەقە - ھادىسىلەر زىممىسىدە ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ بايانى، شۇنىڭدەك قەھرىمانىنىڭ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئادەتلەردىن ساقلانغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىز» رومانى «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدىكى تارىخىي تۇرمۇش تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجىدىن ئىبارەت باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ھەمدە بىرمۇنچىلىغان يانداش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى يورۇتۇشتىكى سەھنە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇ بىر تۈركۈم پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي تۇرمۇش ۋە جەڭگىۋار كۆرەشلىرىنى سۈرەتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئاپتور ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاچقا، زىددىيەت توقۇنۇشىنى پەقەت دوست - دۈشمەنلەر ئارىسىدىلا بولىدۇ، دەيدىغان سەپسەتىگە زىت ھالدا خاراكتېرنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى (مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى) ئىچكىرىلەپ قازغان. ھەممىشە پسىخىك تەسۋىرلەرنى ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىنىڭ تەسۋىرلىرىگە گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئوبرازلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈرگەن. نەتىجىدە تارىخىي چىنلىق بىلەن

بەدىئىي چىنلىقتا ئۇيغۇن، دەۋر خۇسۇسىيەتلىرىنى
ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە
تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئوبرازلى-
رىنى يارىتىپ چىققان.

ئاپتور ئەسەر قۇرۇلمىسىغىمۇ كۆپ ئەجىر
سىڭدۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىككى رومان ۋەقەلىك
جەھەتتە نىسپىي تۇرغۇنلۇقتا ئىگىدەك كۆرۈنسى-
مۇ، ئەمما بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، كۈچەيتىدۇ.
«ئىز» رومانىدىكى سيۇژىتنىڭ ئاساسلىق لىنىيە-
سى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، را-
ۋاجلىنىشى، مەغلۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي
جەريانغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ غول لىنىيە «ئوي-
غانغان زېمىن» دىكى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقى-
دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ ۋە
شۇ ئىزنا بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. ئەسەردە يەنە ھۆ-
كۈمران گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت
تالىشىش، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشلار ۋە شۇنىڭدەك
قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى ھەر خىل ئىختىلاپلاردىن
شەكىللەنگەن سيۇژىتنىڭ كېسىك لىنىيىلىرى
بار. ئۇلار غول لىنىيە ئىچىگە خۇددى سىمفونىيە-
نىڭ قىستۇرما كۈيلىرىگە ئوخشاش تەبىئىي كىر-
گۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، خىمۇ خىللىق، رەڭدار-
لىق ۋە كەڭلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك،
سيۇژىتنىڭ غول لىنىيىسى بىلەن كېسىك لىنىيە-
لىرى ئۆزئارا كېسىشىپ ۋە گىرەلىشىپ، ئەسەرنى
غايەت زور تورسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان.

ھەممىمىزگە مەلۇم، رومان يېزىش ھېكايە
يېزىشقا ئوخشىمايدۇ، رومان ئىجادىيىتى يازغۇچى-
دىن يېزىقچىلىق ماھارىتىدىن باشقا ناھايىتى پۇختا
ئىدىيىۋى تەييارلىق، مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم تەي-
يارلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىككى روماننىڭ
ئاپتورى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك
نەتىجىلىرى بار ئالىم بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رومان
ئىجادىيىتىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ پۇختا
بىلىم ئاساسى، بىلىم قۇرۇلمىسىغا قانائەت قىل-
ماي، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۆگەنگەن بى-
لىمىنى تولۇقلىغان. ئۇ ئۆزى بۇ ھەقتە توختى-
لىپ: مەن يېنىمدىن كىچىك دەپتەرچەمنى ئايرى-
ماي يۇرگىلى يىگىرمە يىل بولۇپ قالدى، دەيدۇ.
دېمەك، ئاپتور مۇشۇنداق مول بىلىم جۇغلانمىسىغا
تايىنىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولغاچقا، بۇ ئە-
سەرلەر بىزگە ناھايىتى كۈچلۈك تارىخىي تۇيغۇ
بېرىدۇ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى
تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ.
بۇ رومانلار شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي، ھەربىي، سودا، قاتناش، مەدەنى-
يەت، بىناكارلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچى-
لىك، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ئېتنوگرافىيە،
دىنىي ئېتىقاد، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئۆرپ -
ئادەت، ۋەھاكازالاردىن خېلىلا ئىشەنچلىك مەلۇمات-
لارنى بېرىدۇ. بىرلا مىسال ئالساق، ئاپتورنىڭ
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، تاتار، رۇس
قاتارلىق ھەرقايسى مىللەت، ھەر خىل تەبىقە،
ھەرقاتلام ۋە ئوخشىمىغان جىنىس، ئوخشىمىغان
ياش قۇرامىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردە كىيى-
گەن كىيىملىرىنى شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە دۇرۇس
قىلىپ تەسۋىرلىشىمۇ بىزنى قايىل قىلىدۇ. شۇڭا
بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ چوڭ ھەجىملىك بۇ ئىككى
روماننى نۇرغۇن ساھەلەردە بىزنى تەمىنلىگەن ئۇ-
چۇرلىرىغا، بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن
ئېنسىكلوپېدىيىلىك قىممەتكە ئىگە، دەپ قارايمىز.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ئىجادى-
يەتنىڭ پوئېزىيە، پروزا ساھەلىرىدە يۇقىرىدا
شەرھلەنگەندەك ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقاندىن
تاشقىرى ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇ-
غۇللىنىپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇ-
شىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلدى. ئۇ ئىلگى-
رى - كېيىن بولۇپ لى بەي، دۇفۇ قاتارلىق
مەشھۇر كلاسسىك شائىرلارنىڭ بىر قىسىم نادىر
شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ كىتاب-
خانلارغا تونۇشتۇردى. «ليۇخولەن»، «سەي ۋىن-
جى»، «لى زىچىڭ»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»
قاتارلىق ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
ئۆزى مۇستەقىل ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە
تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇردى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى داڭلىق شائىر،
يازغۇچى، ئەدەبىي تەرجىمان بولۇپلا قالماي، يەنە
زامانىمىزنىڭ يىتۇك ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى»، «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ سىۋژېتى» قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدە كەڭ تەسىر قوزغىدى. ئۇ 1986 - يىلى ئامېرىكىنىڭ لوس - ئانژېلېس شەھىرىدە ئېچىلغان دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىياتى، تارىخى توغرىسىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ يىغىندا ئوقۇغان «‹قۇتادغۇبىلىك›، نىڭ جۇڭگودا تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق ماقالىسى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۆتكۈر ئەپەندى «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ يەشمىسىنى ئىشلەش، ئۇلارنى نەشىرگە تەييارلاپ ئىلىم دۇنياسىغا قايتىدىن تونۇشتۇرۇش ئىشلىرىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى مەركەز قىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. ئۇنىڭ يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نەتىجىلىرى مىللىي مەدەنىيەت، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قاتارلىق ساھەلەردىكى بىر قىسىم بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىلگىرى سۈردى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ئىجادىيەت ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىشلىگەن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلىرىمۇ بار. ئۆتكۈر ئەپەندى مەشھۇر دېموكراتىك زات، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ كەلدى. ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈردى، ئۇ پارتىيىنىڭ يېقىن دوستلىرى قاتارىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 5-، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىغا ئەزا بولۇش جەريانىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مىللىي مائارىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيىتىمىزدە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە كۆپ قېتىم تەكلىپ لايىھەلەرنى سۇنۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن تىگىشلىك ھەسسە قوشتى. ئۇ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىجانىدىللىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ زىممىسىگە ناھايىتى كۆپ ئىلمىي خىزمەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار يۈكلەنگەنىدى. بىراق ئۇ زادىلا ھاردىم - تالدىم دېمىدى، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلدى. ئۇ ھايات چېغىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 -، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ - مەدەنىيەت ئىلىم يۇرتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو قەدىمكى يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارمۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش - تەھرىرلەش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شۇنىڭدەك «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، «تارىم» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي خىزمەت-

لەردە بولۇپ، يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداپ كەلگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا 50 يىل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1993 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۇيۇشتۇرغان كاتتا يىغىلىشتا، يىغىنغا قاتناشقان 150 تىن ئارتۇق ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مەنىلىك ئۆتكەن ئىجادىي ھاياتى ۋە غايەت زور نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھالار بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھىنى، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئاددىي - ساددىلىقى، سەمىمىيلىكى، كەمتەرلىكى، كوللېكتىپنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مەدھىيىلىگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى ئۆز سۆزىنى خۇلاسىلەپ: «قىسقىسى، ئۇ ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناشتىن ئىبارەت شەرەپلىك تارىخىي بۇرچىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلدى.»① دېدى.

دەرۋەقە، ئۆتكۈر ئەپەندى ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئەنە شۇنداق ياشىغان ۋە شۇنداق ئىشلىگەنىدى. ئۇ ھەتتا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چېغىدىمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، يوقلىغىلى كەلگەن ياش يازغۇچىلارنى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەدەبىياتىمىزنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈشكە دەۋەت قىلىغانىدى. بىراق شۇم ئەجەل خەلقىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئوغلانىنى يۇتۇپ كەتتى. بۈيۈك ئالىم، ئاتاقلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە كۆزىنى مەڭگۈلۈككە يۇمدى. بۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن شۇنداقلا ئىلمىي تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زور يوقىتىش. بىز قايغۇردۇق ۋە ئۆزىمىزنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلىدۇق. بىراق ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش — قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇشتۇر. بىز ئۆتكۈر ئەپەندىدىن مىراس قالغان تەۋەرۈكلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇلاردىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئۆتكۈر ئەپەندىدىن بىزگە تەۋەرۈك بولۇپ قالغان نەرسىلەر ئاز ئەمەس، لېكىن ئەڭ قىممەتلىكى ئۇنىڭ تىنماي ئىزدىنىش روھىدۇر. مانا مۇشۇ روھ تومۇرلىرىمىزدا شاۋقۇنلايدىغان بولسا، بىز جەزمەن ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز؛ ئىلىم - پەننىڭ تەك داۋانلىرىغا يامىشىپ چىقالايمىز.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «تارىم» ژۇرنىلى 1993 - يىللىق 9 - سانىدىكى ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن توغرىسىدا بېرىلگەن خەۋەر.

2. ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ: «قەشقەر كېچىسى» داستانى توغرىسىدىكى ماقالىسى، «تارىم» ژۇرنىلى 1993 - يىللىق 9 - سان.

3. ئازاد سۇلتان: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى.

4. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 4 - سان.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**


① «تارىم» ژۇرنىلى 1993 - يىلى 9 - سانى، 160 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالى، سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى ھەققىدە

قاھارجان ئىبراھىم*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي بايلىقنى قالايمىقان ئېچىش ۋە ئۈنۈمىدىن تۆۋەن دەرىجىدە پايدىلىنىش ئەھۋالى يۈز بەردى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھەر تۈرلۈك مۇھىت بۇلغىنىش ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر بولدى. بۇ ماقالىدە، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：近几年来，随着新疆人口的增长、经济建设规模不断扩大，出现了对资源的无序开发和低效利用的情况，由此引发的环境污染和生态平衡的破坏日益严重。本文论述上述问题产生的原因及预防的措施。

**Abstract**: In recent years, with the rapid increasing of the population of Xinjiang. the scale of economic construction is extending continuously and the resources have been exploited irregularly and inefficiently. So the pollution of the environment and the destroying of ecology become more and more serious. This article expounded the reasons and prevention measures of the problems above

يولداش جياڭ زېمىن «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇھىم مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە «زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىزچىل تەرەققىياتنى زور ستراتېگىيە قىلىش لازىم. نوپۇسنى تىزگىنلەش، بايلىق مەنبەسىنى تېجەش، مۇھىتنى قوغداشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ياخشى خاراكتېرلىك دەۋر هاسىل قىلىش لازىم» . دەپ كۆرسەتتى. بۇ مۇھىم يوليورۇق تېز مۇددەتتە ئېلىمىزدە خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق، مۇقىم، تېز سۈرئەتتە، ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپا-

• قاھارجان ئىبراھىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

لىتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋ-
زەللىكى ستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، «9 - بەش
يىللىق» پىلان ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان يىراق
كەلگۈسى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم
تەدبىردۇر.

شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى ستراتېگىيە-
سى ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى ئىقتىسادىي
گەۋدە تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەر-
كىبىي قىسمى. مەركەز شىنجاڭنى مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرى ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى
تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-
نىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىدى. شىنجاڭ
كەلگۈسىدە نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائى-
تىنى ئاساس قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېر-
سال زامانىۋىلاشقان خىمىيە سانائىتى بازىسى، ئون
مىليون مولىق دۆلەت دەرىجىلىك ئاشلىق بازىسى
ۋە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا بازىسى،
ئاساسلىق تاتلىق كۆكتاتتىن شېكەر ئىشلەش بازى-
سى، چارۋىچىلىق بازىسى ۋە ئەلا سۈپەتلىك قو-
غۇن- تاۋۇز، مېۋە بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلى-
دۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا شىنجاڭ ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ
باقمىغان تارىخىي پۇرسەتكە يۈزلىنىدۇ. چۈنكى،
سانائەت ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇق-
تىسىنىڭ يۆرۈلۈشى بىلەن مەبلەغ، تېخنىكا،
ئىقتىساس ئىگىلىرى يۆرۈشتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇچۇر
زور مىقداردا ئېقىپ كىرىدۇ ھەمدە قۇرۇلما دەرى-
جىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قال-
ماي، بەلكى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەلالىرى-
نى توپلاش، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش، ئۆزئارا ياردەم-
نى كۈچەيتىش قاتارلىق فۇنكسىيىلەر جارى قىلى-
دۇرۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش ئىمكانى-
يىتىگە ئىگە قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ X XI
ئەسىردىكى ئىقتىسادىنى داۋاملىق ماس قەدەمدە تە-
رەققىي قىلدۇرىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچ شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

لېكىن، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ
يېتىشىمىز كېرەككى، شىنجاڭ ئاسىيانىڭ مەركى-
زىي قىسمىغا جايلاشقان، دېڭىز - ئوكياندىن خې-
لىلا يىراق، كىلىماتى قۇرغاق، ياز پەسلى ئىس-
سىق، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق ھەم ئۇزۇن،
ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، بوستانلىق - يېشىللىق
كۆلىمى كۆپ ئەمەس. يەرلەرنىڭ قۇملىشىپ كې-
تىش ئەھۋالى ئېغىر، تەبىئىي پاكىزلىنىش ئىقتى-
دارى تۆۋەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ناھايىتى
ناچار. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا، ھەتتا
تېخىمۇ ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى مەيلى قايسى سۈرئەتتە تە-
رەققىي قىلمىسۇن، كان بايلىقلىرى قانچىلىك كۆ-
لەمدە ئېچىلمىسۇن، جەزمەن نوپۇسنىڭ كۆپىيى-
شىنى تىزگىنلەش، مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش كېرەك. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاس-
راشنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش ۋە ستراتې-
گىيىلىك ۋەزىپە ئورنىدا كۆرۈشىمىز، «كۆز ئال-
دىمىزدىكى تەرەققىياتنى ياخشى تۇتۇش بىلەنلا قال-
ماي، يەنە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇ-
شىمىز، ھەرگىزمۇ ئەجدادلارنىڭ ئىشىنى يەپ،
ئەۋلادلارنىڭ يولىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز، تەبى-
ئىي بايلىقنى ئىسراپ قىلىش ۋە ئاۋۋال بۇلغاپ،
ئاندىن دۋالاش - تۈزەش يولىدا ماڭماسلىقىمىز»
كېرەك. داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا
تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز لازىم. بۇ كېيىنكى ئەۋلاد-
لارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە بىزگە قويغان
تەلىپى بولۇپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭ، ھەتتا پۈ-
تۈن مەملىكەتنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ، ئىق-
تىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە داۋاملىق، ماس قەدەمدە
تەرەققىي قىلىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى ۋە ئىشەنچى-
لىك كاپالىتى.

ئەمما، رېئاللىق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە
باقمايدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان شىنى-
جاڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا، ئىقتى-
سادىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيى-
شىگە ئەگىشىپ، چەكلىك تەبىئىي بايلىققا قارىتا
زور كۆلەملىك تەرتىپسىز ئېچىش ۋە ئۈنۈمىدىن
تۆۋەن دەرىجىدە پايدىلىنىش ئەھۋالى يۈز بەردى،
بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھەر تۈرلۈك مۇھىت بۇل-

غىنىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندەكىدەك بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، تۇپراق مۇنبەتلىكىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە شورلىشىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولۇشى

ئىككىنچى قېتىملىق يەر تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 663 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، بوستانلىق كۆلىمى پەقەتلا 4.6% بولۇپ، ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر 7 مىليون 330 مىڭ گېكتار، ئىشلىتىلىۋاتقان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4 مىليون 125 مىڭ گېكتار كېلىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى، شەھەر قاتناش، ئېنېرگىيە قاتارلىقلار قۇرۇلۇشى كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى، بولۇپمۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يېزا ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ جانلىنىشى بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش مۇمكىن بولماي قالدى. دېھقانچىلىق يەرلىرىگە سۇ باشلاپ، سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشى تەدرىجىي كۆپىيىپ، تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 32.8% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تەخمىنەن 60% ى يېقىنقى 15 يىل ئىچىدە شەكىللەنگەن. سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن «ئۈچ كېرەكسىز» نەرسە ۋە زور مىقداردا ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق دورىلىرى ھەمدە خىمىيىلىك ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق ئىشلەتمەسلىك قاتارلىقلار تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى. 1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت قاتتىق جىسىملىرى كېرەكسىز ماددىلىرى مىقدارى 4 مىليون 950 مىڭ توننا (تارىختىن بۇيان توپلانغان مىقدارى 19 مىليون 420 مىڭ توننا)، ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش نىسبىتى 34.7%، يەر مەيداندىن ئىگىلىگەن كۆلىمى 931 كۋادرات مېتىر، كېرەكسىز سۇنىڭ قويۇلۇش مىقدارى 179 مىليون 450 مىڭ توننا، كېرەكسىز سۇنىڭ قويۇۋېتىلىش كۆرسەتكۈچكە يېتىش نىسبىتى 32.3% بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە مۇتلەق زور مىقداردىكىسى يەر ۋە دېھقانچىلىق يەرلىرىگە ئېقىپ كىرگەن.

## 2. يەرنىڭ قۇملىشىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولۇشى

شىنجاڭنىڭ چۆل - قۇملۇققا ئايلانغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 995 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 62% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇملۇق 430 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىرنى چۆل 326 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىرنى ئىگىلەيدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى ئېلىمىزدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى چوڭ قۇملۇقلاردۇر. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان تارىم ۋە جۇڭغار نېفىت، تەبىئىي گاز مەنبەلىرىنىڭ قېزىلىشى بىلەن يەر ئاستى سۈيى ئىشلىتىلىپ، بىر قىسىم قۇملۇقلارغا جايلاشقان دەريا ئېقىنلارنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرى قۇرۇپ كەتكەن. نەتىجىدە، قۇملۇقلار ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ قۇرغاقلىشىپ كېتىشى، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاغجىراپ كېتىشى، شامال كۈچىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بولۇپ-

سۇ، چۆللۈك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈر-دە كېمىلىشى، قېزىلىشى شۇ يەرلەردىكى قوم ۋە قوم تۆپىلىكلىرىنىڭ كۆچۈشىنى تېزلەتكەن. يەنە قارىغۇلارچە، ئاڭسىز ھالدا يەر ئېچىش قاتارلىق سەۋەبلەر قۇملۇق بىلەن بوستانلىقلار تۇتۇشىدىغان جايلاردا قوم ئاپىتىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تارىم دەرياسى-نىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ئالاقان دېگەن يەرنىڭ قۇملىشىش كۆلىمى 1978 - يىلدىن 1983 - يىل-غىچە ھەر يىلى %2.23 تېزلىك بىلەن كۆپە-يىپ، شىنجاڭدا تەخمىنەن 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر ۋە ئۈچتىن بىر قىسىم تەبىئىي يايلاق قۇملە-شىش تەھدىتىگە ئۇچرىغان.

## 3. ئورمانلىق كۆلىمى ئازىيىپ، ئوتلاق مەيدانلىرىنىڭ تارىيىپ كېتىشى

شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى ئورمان كۆلىمى ئەڭ ئاز رايونلارنىڭ بىرى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.57 بولۇپ، مەملىكەتنىڭ %13.4 لىك سەۋىيىسىدىن خېلىلا تۆۋەن. يايلاق كۆلىمى 57 مىليون 250 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە ئىگە يايلاق كۆلىمى 48 مىليون گېكتار. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى پاي-دىلىنىش قىممىتىگە ئىگە يايلاق كۆلىمىنىڭ %20.4 نى ئىگىلەيدۇ. يېپىنچا ئورمان يەر شا-رىنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنىڭ مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچى. مۇتەخەس-سىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھەربىر ئادەمگە ئون كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئورمان بولغاندا، ئاندىن ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىغا ئۇچرىمايدىكەن، ئورمان بى-لەن قاپلىنىش نىسبىتى ئادەتتە %30 دىن يۇقىرى بولغاندا، ئاندىن بىر قەدەر ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىكەن. ھازىر ياپو-نىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %67، فىنلاندىيىنىڭ %69، برازىلىيىنىڭ %65.8 ئىكەن، ئېلىمىزدە بولسا، پەقەت يەتتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىلا %30 لىك ئۆلچەمگە يېتىدۇ. شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپە-يىشى، شەھەر ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش كۆلىمى-نىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەددى-دىن ئارتۇق قېزىش، كېسىش، ئورمانلارنى يوقى-تىپ بوز يەر ئېچىش، ئوتلاقلارنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇش، ئورمان ئوت ئاپىتى قاتارلىق سەۋەب-لەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ئورمان ۋە يايلاق كۆ-لىمى تەدرىجىي ئازىيىپ، ھاۋارايى مۇھىتنى ياما-نلاشتۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، يەنە سۇ - تۇپراقنىڭ ساقلىنىشىنى ئاجىزلىتىپ ئوزۇقلۇق سۇ پېتىدىكى سۇ ۋە ھاۋانىڭ ئىقتىدارىنى يوقاتماقتا.

## 4. سۇ بايلىقى بۇلغىنىشىنىڭ ئېغىر بولۇشى

قېزىلما بايلىقلار ۋە سانائەت كۆلىمىنىڭ ئۈز-لۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، سانائەتتىن چىقى-رىۋېتىلگەن كىر-كىسىز سۇ مىقدارىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشقان. 1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن كىر-كىسىز سۇ مىقدارى 179 مىليون 430 مىڭ توننا بولغان، كىر-كىسىز سۇ قويۇپ بېرىش كۆرسەتكۈچى %32.3 گە يەتكەن. پاكىزلىنىشتىن ئۆتمىگەن كىر-كىسىز سۇ بىۋاسىتە تەبىئەتكە تارقىلىپ، تېرىلغۇ يەر، دەريا ئېقىنى، كۆل، يەر ئاستى سۈيى مەنبەسى قاتارلىقلارغا ئې-قىپ كىرىپ، سۇ بايلىقى قاتارلىق ئېكولوگىيە-لىك مۇھىتنى قاتتىق بۇلغىنىشقا ئۇچراتقان. مۇ-ناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايون-ىمىزدىكى 18 دەريا ئېقىنىنىڭ سۇ سۈپىتىنى تەك-

www.uyghurkitap.com

شۇرۇشكە ئاساسلانغاندا، شەھەرلەردىن كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا ئېقىنلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا روشەن بۇلغىنىش بەلبېغى مەۋجۇت بولۇپ، ئاساسلىق بۇلغىغۇچى نەرسە ئوكسىگېن سەرپ قىلىدىغان ئورگانىك ماددا ئىكەن. شۇيمۇ دەرياسى (توگمەنلىك ئېقىنى)، كۆنچى دەرياسى قاتارلىقلاردا بۇلغىنىش بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، سۇ سۈپىتىنىڭ پېرمانگانات كۆرسەتكۈچ سانى، ئاممىياكلىق ئازوت، نىترىتلار قاتارلىق كۆپ خىل كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەتنىڭ يەر ئۈستى سۈيى مۇھىتى 2- دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن. 11 شەھەرنىڭ يەر ئاستى سۈيى سۈپىتىنى تەكشۈرگەندە، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي قاتتىقلىقى ئورتاق ھالدا بىر قەدەر يۇقىرى چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، كورلا، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي قاتتىقلىقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى نىسبەتەن ئېغىر، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسىدىن باشقا، نىترىتلار، تۇز سۇلفات قاتارلىق كۆرسەتكۈچلىرىمۇ دۆلەت بەلگىلىگەن تۇرمۇشقا، ئىستېمالغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى يەتتە كۆل، سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرگەندە، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئوكسىگېن سەرپ قىلىدىغان ئورگانىك ماددا بىلەن بۇلغىنىش مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە موگۇ كۆلىنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر، سەيۈۋپۇ كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتىدە خىمىيىلىك ئوكسىگېن سەرپ قىلىدىغان مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى باغراش كۆلىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسى كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆلچەپ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، ھەر يىلى بۇ كۆلگە چىقىرىلىدىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىكى كېرەكسىز سۈيى 200 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن. ئەگەر بۇ ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا تىزگىنلەنمىسە، باغراش كۆلى كەلگۈسىدە لوپنۇر كۆلىگە ئوخشاش قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

## 5 . ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئېغىر بولۇشى

ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى ئاساسەن كۆيدۈرۈشكە ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىدىغان يېقىلغۇلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئاساسلىقى چاڭ - توزان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز گاز ئومۇمىي مىقدارى 1584 يۈز مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، پاكىزلاپ بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى 67.20% بولغان. شىنجاڭدىكى 16 شەھەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، شىنجاڭدا ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ بەلگىلىك ئىپادىلىرى چاڭ - توزان، كۆمۈر ئىس ئارىلاشقان نەرسىلەر ۋە ئىسسىنىش مەزگىلىدە كۆمۈر ئىسى تىپىدىكى نەرسىلەر ئارقىلىق بۇلغىنىشتا كۆرۈلىدۇ. ئىسسىنمايدىغان مەزگىلدە چاڭ - توزاننىڭ بۇلغىشى ئېغىرراق بولىدۇ. 1994 - يىلى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى 16 شەھەر ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشى ئەڭ ئېغىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئاتموسفېرا دانچىلىرى كاربون ( IV ) ئوكسىدىدىن تەركىب تېپىپ، كۈنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 501 مىكروگرام / كۇب مېتىر، 113 مىكرو گرام / كۇب مېتىر ۋە 107 مىكروگرام / كۇب مېتىردىن توغرا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتى 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپ، ئىس - تۈتەك بىلەن بۇلغانغان تىپىك شەھەر بولۇپ قالغان. بۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىنى مۆل-

چەرلەش تەس.

## 6. شاۋقۇن - سۇرەن بىلەن بۇلغىنىشنىڭ كۆنسېرى ئېغىر بولۇشى

قېزىلمىغان كان بايلىقلىرىنى ئېچىش، شە-
ەر تاش يول قاتنىشى ۋە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ
ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمىغان دە-
رىجىدە شاۋقۇن - سۇرەن بىلەن بۇلغىنىشنى كەل-
تۈرۈپ چىقىرىدۇ. شاۋقۇن - سۇرەن بىلەن بۇلغى-
نىش ھەمىشە بىر قىسىم ھايۋانات، جانلىقلارنى
ماكانلىرىدىن يۆتكىلىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئېكو-
لوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەسى-
لەن، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان قۇشقاچ،
قاغا قاتارلىق قۇشلار زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەت-
تى. شاۋقۇن - سۇرەن بۇلغىنىشى ئېغىرلاشسا،
ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك قانۇنىيىتىگە ۋە
نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر يېتىپ كېسەل پەيدا
قىلىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 شە-
ھەرنىڭ تاش يول قاتنىشى شاۋقۇن - سۇرىنىنى
تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا %60 شەھەرنىڭ يوللى-
رىدا قاتناش شاۋقۇنى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن،
بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى (80 دېتسىبېل)، قۇمۇل
(77 دېتسىبېل)، قەشقەر (74 دېتسىبېل) قا-
تارلىق شەھەرلەرنىڭ نىسبەتەن ئېغىرراق.

## 7. رادىئوئاكتىپلىق بۇلغىنىش

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭدىكى را-
دىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپ ئىشلىتىدىغان 52 ئورۇنغا
قارىتا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدىن ئىسپاتلىنى-
شىچە، رادىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپ ئىشلىتىش ئومۇ-
مىي مىقدارى82 .100536 (كيۇرى 1015 × 72 .3)
بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى-
دىكى ئۆلچەمگە ئاساسەن ئۆيغۇن بولغان. ئەمما،
كۆمۈر قاتارلىق كان بايلىقلىرىنى ئېچىش جەريانى-
دا بىر قەدەر ئېغىر رادىئوئاكتىپلىق بۇلغىنىش
مەسىلىسى مەۋجۇت، مۇھىت تەكشۈرۈش تارماقلى-
رىنىڭ ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ كان رايونىدىكى قال-
دۇق قېزىلمىلار ئورنىنىڭ رادىئوئاكتىپلىق بۇل-
غىنىش نۇقتىسىدىن سىرت رايونلارنى تەكشۈرۈ-
شىگە ئاساسلانغاندا، «ئۈچ بۇرجەكلىك ئورمان
بەلبېغى» بۆلىكىدە تەخمىنەن 5000 كۋادرات مې-
تىر سىرتىغا چۈشكەن رادىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپ
مىقدارى نىسبىتى ئۆلچەمدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ
كەتكەن. 1994 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ
كۆپ قېتىم ھەمكارلىشىپ تىزگىنلىشى ئارقىلىق
ھازىر «ئۈچ بۇرجەكلىك ئورمان بەلبېغى» نىڭ
رادىئوئاكتىپلىق بۇلغىنىش بۆلىكىنىڭ رادىئوئاك-
تىپلىنىش سەۋىيىسى دۆلەت بەلگىلىگەن چەك
ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماقتا.

ھازىرقى مۇھىت بۇلغىنىش ئومۇمىي ئەھۋا-
لىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ مۇھىت سۈپىتى يە-
نىلا ياخشى. لېكىن قىسمەن ھالدىكى بىر قەدەر
ئېغىر بولغان مۇھىت بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيى-
لىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش مەسىلىسى مەۋجۇت.
بىز جەزمەن پۈرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىيات ۋە ئې-
چىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېكولوگى-
يىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش خىزمىتىنى چىڭ
تۇتۇپ ئىشلىشىمىز، ھەرگىزمۇ قول قوشتۇرۇپ
قاراپ تۇرماسلىقىمىز لازىم.

شىنجاڭنىڭ مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ سەۋەبلى-
رى كۆپ تەرەپلىك، بەزىلىرى ئىلگىرىدىن قېپقال-
غان، بەزىلىرى بولسا يېقىنقى بىرقانچە يىلاردىن
بۇيان تەدرىجىي پەيدا بولغان مەسىلىلەردۇر. يى-
غىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلەردى-
كى سەۋەبلەردىن ئىبارەت:

www.uyghurkitap.com

1. نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز كۆپىيىشى، شەھەر كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، لېكىن ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىشقا بولىدىغان بوستانلىق كۆلىمى ئاران ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 4.6% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ چەكلىك يەر بايلىقىنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن. 1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 16 مىليون 327 مىڭ بولۇپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.39‰ كە يەتكەن، بۇ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ 8.95‰ لىك سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ زىچلىقىمۇ بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە. 1990 - يىلى قەشقەر شەھىرى نوپۇسىنىڭ زىچلىقى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 2329 كىشىدىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1386 كىشىدىن توغرا كەلگەن. بۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شەھىرى تيەنجىننىڭ ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1350 كىشىدىن، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون شېنجېننىڭ ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1205 كىشىدىن توغرا كېلىدىغان سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ۋە شەھەر كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر، سۇ، ئېنېرگىيە، ئاشلىق، تۇرالغۇ ئۆي، ئىشقا ئورۇنلىشىش، قاتناش - ئالاقە، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە بارغانسېرى زور بېسىم پەيدا قىلماقتا.

2. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئەسلىھەلىرىنىڭ كونا، ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ قالاق، خام ئەشيا ماتېرىيال ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ يۇقىرى، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى.

شىنجاڭنىڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە، تېخنىكا ئىقتىدارى 80 - يىللار ۋە 90 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى سەۋىيىسىگە يېتىدىغانلىرى 8.28% نى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىدىغانلىرى 27.8% نى، ئادەتتىكى سەۋىيىدىكىلىرى 30.29% نى، ئەنئەنىۋى قالاق پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىدىكىلىرى 70% تىن يۇقىرىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە ئىشلەش، يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن. 1994 - يىلى ئېنېرگىيە ئىشلەش، يەتكۈزۈپ بېرىش ئومۇمىي ئۈنۈمى 66.4%، توك تارقىتىش ۋە توك ئارقىلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈنۈمى 22.6%، كوكس كۆيدۈرۈش مىقدارى 61.9%، نېفىت ئايرىش ئۈنۈمى 88.5% بولغان، مەملىكەتنىڭ 1992 - يىلىدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 66.00%، 37.80%، 92.7%، 96.80% بولغان. زور مىقداردىكى بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىلماي، ئەكسىچە كېرەكسىز ماددىلار قاتارىدا مۇھىتقا چىقىرىۋېتىلگەچكە، ناھايىتى چەكلىك بولغان ئېنېرگىيە ئىسراپ بولماقتا، شۇنداقلا مۇھىتنى بۇلغىماقتا. بولۇپمۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرىدا خادىملارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، مەبلەغ كەمچىل، ئەسلىھەلەر كونا، ئاددىي، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش قالاق بولغاچقا، زاۋۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولماي، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىسقا مەزگىل داۋاملىشىدىغان ئېغىر ئەھۋال كېلىپ چىقىپ، ئېغىر دەرىجىدە بايلىقنى بۇزۇش ۋە مۇھىتنى بۇلغاش مەسىلىلىرى يۈز بەرمەكتە.

3. ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى، كۆمۈرنى ئاساس قىلغان ئېنېرگىيە سەرپ قىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىتنى ئېغىر بۇلغىشى.

1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە سەرپ قىلىش ئومۇمىي مىقدارىدا كۆمۈر 67.9% نى، نېفىت 26.6% نى، تەبىئىي گاز 4.5% نى، سۇ ئېنېرگىيىسى 1.0% نى ئىگىلىگەن. بۇنداق ئېنېرگىيە سەرپ قىلىش قۇرۇلمىسى شىنجاڭنىڭ مۇھىتىنى ئاسراشقا ئىنتايىن پايدىسىز، كۆمۈردىن ئىبارەت بۇ «پاسكىنا» ئېنېرگىيە ناھايىتى ئېغىر مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن كۆمۈر كۆيدۈرۈش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. شەھەر تەرەققىياتى پىلانىنىڭ تېز ئۆزگىرىشى، سانائەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋا-

پىق بولماسلىقى.
شىنجاڭنىڭ كۆپىنچە شەھەرلىرىدە شەھەر تە-
رەققىياتى پىلانىنىڭ رايون خاراكتېرلىكى، ماسلى-
شىشچانلىقى، سىستېمىچانلىقى، نۇراقلىقلىقى ۋە
ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىدە پرىنسىپاللىق كەمچىل،
شەھەر پىلانىنىڭ رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە
سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىش
ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇد-
دەتلىك جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتې-
گىيىسى ۋە تەرەققىيات نىشانى بىلەن ماس كەلمەي-
دۇ، شۇنداقلا، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداشقا
ئىنتايىن پايدىسىز. يەنە بىر جەھەتتىن، سانائەت-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ئەمەس. تەخمى-
نەن %60 سانائەت كارخانىسى ئورۇمچىنى مەركەز
قىلغان شىمالىي شىنجاڭ شەھەرلىرىگە ۋە رايونلى-
رىغا جايلاشقان. بولۇپمۇ، بۇلغىنىش ئېغىر بولى-
دىغان نورغۇن كارخانىلار مەسىلەن، كانچىلىق،
سىمونت ئىشلەپچىقىرىش، توقۇمىچىلىق، كۆن -
خۇرۇم، تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش، قەغەز ياساش،
خىمىيە، تېببىي دورا سانائىتى قاتارلىق كارخانى-
لار شەھەرلەرنىڭ يېقىن ئەتراپىغا، ئاھالىلار زىچ
ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا، سۇ مەنبەسى يۇقىرى
ئېقىنلىرىغا، مەنزىرىلىك رايونلارغا، مەدەنىيەت -
مائارىپ رايونلىرىغا، مەشھۇر تارىخىي شەھەر را-
يونلىرىغا جايلاشتۇرۇلغاچقا، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ
زىيىنى ئېغىر بولماقتا.
5. بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش تەرتىپىنىڭ
قالايمىقان، مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشنىڭ
كەمچىل بولۇشى.
ئۇزۇندىن بۇيان، دۆلەت تەبىئىي بايلىقنى
ئېچىشقا قارىتا تارماقلار ۋە رايونلارغا ئايرىپ باش-
قۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ
كەلگەچكە، مەركەزگەقاراشلىقكارخانىلار، ئاپتو-
نوم رايوننىڭ كارخانىلىرى، يەرلىك كارخانىلار،
بىڭتۇەن كارخانىلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى
ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم گەۋدە قۇرۇۋېلىپ،
كەسپلەشكەن ھەمكارلىشىش سەۋىيىسى تۆۋەن بو-
لۇش، كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلاشما-
لىق، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا
پەقەت ئۆز تارمىقىنىڭلا مەنپەئىتىنى، يەرلىكنىڭ
مەنپەئىتى ۋە كارخانىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ،
دۆلەت مەنپەئىتى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇزۇن
مۇددەتلىك مەنپەئىتىنى كۆزلىمەسلىك قاتارلىقلار
تەبىئىي بايلىقنىڭ زور دەرىجىدە ئىسراپ بولۇش
ۋە زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. يەنە
بىر جەھەتتىن، تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە
مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن،
قائىدە. تۈزۈملەرنىڭ .ۇكەممەل بولمىغانلىقى، يۇ-
رۇشلەشمىگەنلىكى، قانۇن بار تۇرۇپ ئىجرا قى-
لىنمىغانلىقى سەۋەبلىك بەزى كارخانىلار، بولۇپمۇ
كىچىك تىپتىكى كارخانىلار قانۇنسىز كان ئې-
چىپ، قالايمىقان قېزىپ، تەبىئىي بايلىقلارنى ئې-
چىش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ
چەكلىك تەبىئىي بايلىقىنى زور دەرىجىدە ئىسراپ
قىلىپ، ئۇنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماي، بەلكى
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغى-
ماقتا.
مۇھىت سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇ-
شى بىر دۆلەتنىڭ ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي تە-
رەققىيات سەۋىيىسىنى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگى-
دۇر. مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئې-
كولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش سوتسىيالىس-
تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق
ئېلىپ بېرىلىشىغا، تەبىئىي بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك
ئېچىش ۋە داۋاملىق پايدىلىنىشقا پايدىلىق بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ سالامەتلىكى ۋە كې-
يىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش، سوتسىيالىس-
تىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ھەر مىللەت
خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىقىقا پاي-
دىلىق. ئېلىمىزنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشىدىكى ئاسا-
سىي يېتەكچى ئىدىيىسى — «ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش، شەھەر - يېزىلار قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت
قۇرۇلۇشىنى ماس قەدەمدە پىلانلاپ، ماس قەدەمدە
ئىجرا قىلىپ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە مۇھىت
ئۈنۈمىدە بىردەكلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»، مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، «جۇڭگونىڭ XXI ئەسىر پروگراممىسى»دا ئېلىمىزنىڭ «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى مۇھىتنى تىزگىنلەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇ مىقدارىنى 30 مىليارد توننا ئەتراپىدا تىزگىنلەش، سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتىنى %84 كە يەتكۈزۈش، كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىدى چىقىرىش مىقدارىنى 21 — 23 مىليون توننا ئەتراپىدا تىزگىنلەش، سانائەت كېرەكسىز گازىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتىنى %90 كە يەتكۈزۈش، سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز قاتتىق جىسىملاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتىنى %45 - %50 گە يەتكۈزۈش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى %15 - %16 يەتكۈزۈش. مۇشۇ باش نىشاننى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىتنى قوغداش خىزمىتىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2000 - يىلىغا بارغاندا، سانائەتتىن بولىدىغان بۇلغىنىشنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىزگىنلىنىدۇ، نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ مۇھىت سۈپىتىدە بەلگىلىك ياخشىلىنىش بولىدۇ. قىسمەن رايونلاردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى توختىتىلىدۇ. بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان مۇھىتنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلىدۇ. بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەردىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش زۆرۈر.

1. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونترول قىلىش كېرەك.

1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 333 مىڭ 400، 1970 - يىلى 9 مىليون 765 مىڭ 800 ئىدى، 1995- يىلىغا كەلگەندە 17 مىليونغا يەتكەن. تەخمىنەن ھەر 20 يىل ياكى 25 يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيگەن، مۇشۇ كۆپىيىش سۈرئىتى بويىچە بولغاندا يەنە 25 يىل ئۆتكەندە يەنى 2020 - يىلى ئەتراپىدا شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 30 مىليونلۇق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. مۇندىن كېيىنكى ئېغىر نوپۇس ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر چوقۇم كەسكىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشى، كۆپ بالىلىق بولۇشنى قەتئىي توسۇشى، بالدۇر توي قىلىپ، بالدۇر پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلىشى، ئاقما نوپۇس، ۋاقىتلىق نوپۇس، شىنجاڭغا كەلگەن خەلق ئىشچىلىرى ۋە قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئامال - چارىلەر بىلەن نوپۇس ئومۇمىي مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلىشى لازىم. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكى ۋە بەخت - سائادىتىگە، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداپ، «9 - بەش يىللىق پىلان» ۋە 2010 - يىلىغىچىلىك بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىلمىي تەدبىردۇر.

2. كۆمۈرنى ئاساس قىلغان ئېنېرگىيە سەرپىياتى قۇرۇلمىسىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، پاكىز ئېنېرگىيە ۋە يېڭى ئېنېرگىيىنى ئاكتىپ تۈردە ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لازىم.

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ كۆمۈرنى ئاساس قىلغان ئېنېرگىيە سەرپىياتى قۇرۇلمىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىكى نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى زاپاس ساقلاش مىقدارى ۋە ئېچىش مىقدارى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ماسلىشالماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. باشقا ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە پاكىز ئېنېرگىيە مەسىلەن، قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ۋە شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلاردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتىدۇ. سۇ كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارىنىڭ %20 نى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، سۇ بايلىقى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. «9- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە تىرىشىپ كۆمۈر سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەدرىجىي

ھالدا كۆمۈرنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىدىكى سالمىقىنى تۆۋەنلىتىش، ھەر يىلى 2 - 3 پرسەنت ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش، تەدرىجىي ھالدا تەبىئىي گاز، سۇ ئېنېرگىيىسى ۋە شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيىلەرنىڭ سالمىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. 2000 - يىلى تەبىئىي گاز سەرپىياتى سالمىقىنى 10 — 15 پرسەنت ئەتراپىدا كۆپەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈش، سۇ ئېنېرگىيىسىنى 4 — 5 پرسەنتكە كۆتۈرۈش ھەمدە قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ۋە شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى قاتارلىق قايتا ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان ئېنېرگىيە بايلىقلىرىنى ئاكتىپ ھالدا ئېچىش لازىم. «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا بىردىن يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى ئويلىشىپ كۆرۈش، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر كۈچى سانائىتىدىكى ئېغىر قالاقلىق ھالىتى ۋە مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالىنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئۆزگەرتىش كېرەك.

3. كارخانىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

سانائەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ئامىللىرىدا پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلگىرىلەش سالمىقى %80 تىن يۇقىرى تۇرىدۇ. لېكىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدا پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلگىرىلەش سالمىقىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى مەملىكەتنىڭ %25 لىك ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن. خام ئەشيا ماتېرىيال ۋە ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسى سانائەت تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە %70 تىن يۇقىرى، لېكىن، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ %27 لىك ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن. ئەگەر شىنجاڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇ سەۋىيىنى ساقلاپ قالىدىغان بولسا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا «ئۈچ كېرەكسىز» نىڭ مىقدارى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ ، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەشكە زۆرۈر بولىدىغان خىراجەتمۇ زور كۆلەمدە ئېشىپ كېتىپ، كارخانىلارنىڭ خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە سېتىۋېلىشى ۋە مۇھىت بۇلغىنىشنى ئۆزگەرتىشى تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، كارخانىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، يېڭى تېخنىكىنى، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتنى، يېڭى ئەسلىھەلەرنى قوللىنىپ، خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيىنى مۇكەممەل پىششىقلاپ ئىشلەش، تەبىئىي بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھالدا پاكىز ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلگىرىلەش يولىدا مېڭىش، بايلىقنى تېجەپ، بۇلغىنىشنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇش لازىم.

4. تەبىئىي بايلىقنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي بايلىقنى داۋاملىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

كۈچنى ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆپلۈك تەدبىر قوللىنىش، قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەتنىڭ قۇدرىتىنى ھەمدە زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي ۋاستە ۋە مەمۇرىي ۋاستىلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە تەدبىقلاپ ئىشلىتىش، تەبىئىي بايلىقنى ئېچىشنى تەرتىپلەشكەن، مۇاپىقلاشقان ۋە قانۇنلاشقان ئىزغا سېلىش. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇھىت بۇلغىنىش، ئېكولوگىيىلىك بۇزۇلۇش، مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ تۈرلىرى، تارقىلىش دائىرىسى، بۇلغىنىش دەرىجىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ۋە ئىقتىسادىي زىيىنى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، مۇھىتقا نازارەتچىلىك قىلىش تەدبىرلىرى ۋە مۇھىت تەسىرىنى باھالاش تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ ياخشىلىشى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش جەريانىدىكى بيۇروكراتلىق ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى، «مۇھىتنى بۇلغاش جىنايەت» دېگەن ئۇقۇمنى تىكلەپ، ئېغىر بۇلغىنىشنىڭ سەۋەبىگە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ۋە يەرلىك مەمۇرىي رەھبەر-

لەرنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشقا يۈرگۈزىدىغان ماددىلىرىدىكى تارماقلار، رايونلارغا ئايرىپ باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىسىنى بىرلىكتە ئۆزگەرتىش، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى دۆلەتكە مەنسۇپ دېگەن ئۇقۇمنى كۈچەيتىش، تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ھوقۇقى ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلار، يەرلىكنىڭ كارخانىلىرى، بىڭتۇەننىڭ كارخانىلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسىپلەشكەن ھەمكارلىقنى ۋە ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، ھەسسىدارلىق، گۇرۇھلاشقان تەرەققىيات يولىدا مېڭىش، كان ئاچقۇچى كارخانىلار ۋە ھەمكارلاشقۇچى كارخانىلارنىڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تەبىئىي بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك ئېچىش ۋە داۋاملىق پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5. شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېكىتىپ، سانائەتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

40 ـ، 50 ـ يىللاردا ئەنگلىيىنىڭ لوندون، گېرمانىيىنىڭ رۇر، ئامېرىكىنىڭ لوس ـ ئانژېلىس ۋە ياپونىيىنىڭ يوكوخاما قاتارلىق شەھەرلىرى دۇنيادىكى سانائەت بۇلغىنىشى ئەڭ ئېغىر شەھەرلەر ئىدى. 60 ـ يىللاردىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ مول مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىغا تايىنىپ، مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە ـ تەرتىپلەر بويىچە شەھەر پىلانى ۋە سانائەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىتا يېڭى تەڭشەش ـ تۈزەشلەرنى ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ، بۇلغىنىش ئېغىر بولىدىغان كارخانىلارغا نىسبەتەن تاقاش، توختىتىش، قوشۇۋېتىش، ئالماشتۇرۇش، يۆتكەش قاتارلىق چارىلەرنى قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن مۇھىت بۇلغىنىش دەرىجىسى تۆۋەنلەپ، مۇھىت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر شەھەر پىلانى ۋە سانائەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا گەرچە مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كۈچلۈك تېخنىكا ۋە تەدبىرلەر قوللىنىلسىمۇ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شىنجاڭنى سانائەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تەبىئىي شارائىتقا قارىتا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. زاۋۇتلارنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتە ۋە تاللاشتا چوقۇم تەبىئىي شارائىتنى، قاتناش قولايلىقى ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىنى كۆزدە تۇتۇش، يەنە ئۇنىۋېرسال جەھەتتىن مۇھىت بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداشنى ئۆز ۋاقتىدا كارخانىنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلار، بولۇپمۇ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بۇلغىنىش تىپىدىكى كارخانىلارنى شەھەر ـ بازارلارنىڭ شامال ئۇرۇلىدىغان تەرىپىگە، سۇ مەنبەلىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا، مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىغا ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ رايونلىرىغا، يەنى مۇھىت تەلىپى يۇقىرى رايونلارغا قۇرماسلىق، ئېغىر بۇلغىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنمۇ مۇھىت سۈپىتى ئۆلچىمىگە يېتىشى تەس بولغان كارخانىلارغا قارىتا تاقاش ۋە ۋەيران قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىش، مەھسۇلاتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، تارقاق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى بۇلغىنىشى ئېغىر كارخانىلارغا قارىتا كارخانىنىڭ كۆلىمىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، كەسىپلەشكەن ھەمكارلىققا قولايلىق بولۇش ۋە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ياكى قوشۇۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەرگە نىسبەتەن مۇھىت تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم.

6. پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيىتىگە ھەقىقىي ئۇيغۇن كېلىدىغان داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ زور كۆلەمدە تەبىئىي بايلىقنى ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك تەرەققىيات پۇرسىتىگە يۈزلەنمەكتە، شۇنداقلا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتىن كېلىدىغان تەھدىت ۋە سىناقمۇ دۈچ كەلمەكتە. شۇڭا، بىز كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى تىكلەپ، بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك مۇھىت ئاسراش پائالىيىتىنى قوزغىشىمىز، تېز مۇددەتتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇن كۆز قاراشنى كۈچەيتىشىمىز ھەمدە ئىمكانقەدەر تېزلىكتە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ «شىنجاڭنىڭ XXI ئەسىر پروگراممىسى»نى تۈزۈپ چىقىشىمىز ۋە ئۇنى كەلگۈسىدە قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل تەشكىللىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ كارخانىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە داۋاملىق تەرەققىيات يولىدا مېڭىش نەزەرىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنى ۋە يېڭى كەسىپلەرنى تەسىس قىلىپ، مۇھىتشۇناسلىق ۋە ئېكولوگىيە ئىقتىسادىي نەزەرىيىسىنى بىلىدىغان مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ھەمدە ھازىر بار بولغان نوپۇس تەتقىقات ئورنى، ئىقتىساد تەتقىقات ئورنى ۋە ئېكولوگىيىلىك قورغاقچىلىق تەتقىقات ئورنى ئاساسىدا شىنجاڭنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ نوپۇس، تەبىئىي بايلىق، مۇھىت، ئېكولوگىيە، ئىقتىساد، تېخنىكا، قانۇن ۋە جەمئىيەت قاتارلىق تەرەپلىرىگە قارىتا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى ۋە ئۇچۇر تورىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز زۆرۈر. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ بۈيۈك تەدبىرىنى تۈزۈش ئۈچۈن ئىلمىي ماتېرىيال، ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش ھەمدە تىرىشىپ شىنجاڭدا داۋاملىق تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا ماسلىشالايدىغان، ئەسىر ھالقىيدىغان ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. جياڭ زېمىن: «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دائىر مۇھىم مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە»

2. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى توغرىسىدىكى تەكلىپ».

3. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىتوغرىسىدىكىتەكلىپ»

4. «شىنجاڭ ستاتىستىكا يىللىق توپلىمى» 1995

5. «شىنجاڭ ستاتىستىكا يىللىق توپلىمى» 1991



(پوچتا نومۇرى: 830046)


**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

رازىيە مۇھەممەت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىككى خىل ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ مەزمۇنىنى شەرھلەش ئاساسىدا ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى يىرىكلىك تىپىدىن ئۈنۈمدارلىق تىپىغا ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文在阐述振兴两种经济的基础上，简要论述振兴经济的方法由粗放型向效益型变化的必要性。

**Abstract**: In this article, based on the explanation of vitalizing the two kinds of economy the writer gave us an explanation about the importance of the method of citalizing economy from extendive to beneficial.

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «تەكلىپ»تە ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ يۈزلىنىشى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىنىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى يىرىكلىك تىپىدىن ئۈنۈمدارلىق تىپىغا ئۆزگەرتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كېلەر ئەسىردىكى ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈپ مەسىلە.

## 1. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى

ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ئەمگەك، كاپىتال (يەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى نىسبەتەن ياخشى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادنى يۈك-

* رازىيە مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

سەلدۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: ئۇنىڭ بىرى، يېرىكلىك تىپىدىكى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە تايىنىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدا زور مىقداردا ئۇستىلەپ كاپىتال سېلىش ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى نىسبەتەن قالاق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى ئاساسىي يولى ۋە ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئۈنۈمدارلىق تىپىدىكى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، كەسپىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىشكە تايىنىپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى ئاساسىي يولى ۋە ئۇسۇلى.

ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىغا بولغان زور تەڭشەش بولۇپ، ئۇ ماھىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ماس ھالدا يېرىكلىك تىپىدىكى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش ئاساسىنى تىكلەپ، خەلقنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان رولى چەكلىك بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. ئۇ بولسىمۇ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇش، ناچار سېلىنما كۆپ بولۇش، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، قۇرۇلما مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەگەر ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۈنۈمدارلىق تىپىغا ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرمىگەندە زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس.

## 2. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

1) ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. «تەكلىپ» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ ئاچقۇچى -- ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن مەبلەغنى ئۈنۈملۈك، مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ئاز مەبلەغ سېلىپ، كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەي، ھازىرقى ھالەتتىكى مەبلەغ سېلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈنۈم بويىچە ھېسابلىغاندا، ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. ئەلۋەتتە ماس ھالدا مالىيە كىرىمىمۇ ئېشىشى كېرەك. 2000

- يىلغا بارغاندا يىللىق ئېھتىياجلىق بولغان مالىيە كىرىمى بىر تىرىلىيون يۈەن بولىدۇ. ناۋادا بۇنچىلىك كۆپ كىرىم بولمىسا، 600 مىليارد يۈەن زايوم تارقىتىپ قىزىل رەقەمنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. تېخنىكا ئۆزگەرتكەن كارخانىلار بىلەن يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارنى سېلىشتۇرغاندا، 1984 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە ئېلىمىز تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، بىر يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىككى يۈەنلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، يېڭى قۇرۇلغان ئوخشاش كۆلەمدىكى كارخانىلارغا سېلىشتۇرغاندا مەبلەغنىڭ يېرىمىنى تېجىگەن، پايدا بېجى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشقان. بۇ ئەمەلىيەت مەبلەغ كەمچىللىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، 15 يىللىق تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ توپ يولى ئۈنۈمدارلىق تىپىدىكى ئىقتىساد يولىغا مېڭىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەندىلا، ماددىي بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك، مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، مۇھىتنى ئاسراپ، كېيىنكى 15 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى يەنىلا يىرىكلىك تىپىدە بولۇپ، ماددىي سېلىنما كۆپ، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئاز، قوشۇلىدىغان قىممەت ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سەرپىياتى كۆپ، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ئىسراپچىلىقى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇلغىنىش ئىنتايىن ئېغىر. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 500 دىن ئارتۇق شەھەر ئىچىدە ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتى 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولغانلىرى 1% گە يەتمەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، بايلىقى نىسبەتەن كەمچىل. نۇرغۇن بايلىقلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان مىقدارى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەن. تېرىلغۇ يەر ۋە سۇ بايلىقى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ $\frac{1}{4}$ گە، نېفىت $\frac{1}{8}$ گە، تەبىئىي گاز $\frac{1}{20}$ گە توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىز 1993 - يىلى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى. ھازىرقى ماددىي بايلىق سەرپىياتى بويىچە ھېسابلىغاندا «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى 8% لىك ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلىغاندا، 2000 - يىلغا بارغاندا ئېھتىياجلىق پولات مەھسۇلاتى 130 مىليون توننىغا، كۆمۈر مەھسۇلاتى 200 مىليارد توننىغا يېتىشى كېرەك. بۇنى مەبلەغ ياكى بايلىق شارائىتىدىن بولسۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىردىنبىر ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ 1963 - يىلىدىكى پولات مەھسۇلاتى 100 مىليون توننىدىن ئاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ سەۋىيىنى ساقلىدى. لېكىن ئۇلار تېخنىكا يېڭىلاپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 10 ھەسسە ئاشۇردى. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ سېلىنما ۋە سەرپىياتنى ئازايتقاندىلا، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى بايلىقتىن مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ خەلقئارا بازاردىكى بايلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، 8% لىك ئېشىش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، 15 يىللىق پىلاننى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەندىلا، پەن - تېخنىكىنى يېتەكچى قىلىپ تېخنىكا يېڭىلاپ، ئاز سېلىنما بىلەن كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كېيىنكى 15 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسى 60% — 70% نى ئىگىلەيدۇ. مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى يۇقىرى. ئېلىمىزدە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىغا يەتمەيدۇ. (مەسىلەن، 1993 - يىلى يۇقىرى

تېخنىكىلىق كەسپلەرنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليارد يۈەن بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 8% نى ئىگىلىگەن) . ئېلىمىزدە مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچەمگە توشۇش نىسبىتى ئاران 60% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنى ئېلىمىز كاراخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا سەل قارىغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى ۋە تېخنىكىسىنىڭ قالاقلىقى، كارخانىلاردىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مىقدارى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر كارخانىلىرىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ $\frac{1}{2}$ گە توغرا كېلىدىغانلىقى، پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئاران $\frac{1}{4}$ گە توغرا كېلىدىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا بىز پەن- تېخنىكىنى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئامىلى قىلىپ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، پەن - تېخنىكا كەشپىياتى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئىلمىي باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، زور مىقداردىكى مەبلەغ، خام ئەشيا، ئېنېرگىيىنى تېجەپ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىشىمىز لازىم.

تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەندىلا، كەسپىي قۇرۇلمىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئاساسىدا بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەپ، كېيىنكى 15 يىللىق تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بىر تەرەپلىمە ھالدا مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈرئەت قوغلىشىپ، ئۇنى كادىرلارنىڭ سىياسىي تۆھپىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ مالىيە ماددىي كۈچىدىن ھالقىغان ھالدا ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك ۋە ئاساسىي سانائەت سېلىنمىسىنى قىسىش ياكى ئىگىلىۋېلىش، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىپ، كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ناھايىتى تۆۋەن بولدى. مەسىلەن، نۆۋەتتىكى ئېلىمىزنىڭ ماشىنا ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ سانى پۈتۈن دۇنيادىكى ماشىنا ياساش زاۋۇتلىرى سانىنىڭ يىغىندىسىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن پۈتكۈل ماشىنا مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى چەت ئەلدىكى بىر داڭلىق ماشىنا ياساش زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىغا توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يىرىكلىك تىپىدىكى ئىگىلىكتە زور مىقداردىكى سېلىنمىغا تايىنىپ يۇقىرى سۈرئەت قوغلىشىلغانلىقتىن، بانكا نورمىدىن تاشقىرى پۇل تارقىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئاساسىي سانائەت قۇربان قىلىنىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي سانائەتنىڭ قالاقلىقى مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇل پاخاللىقى پەيدا بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام، ئۇدا راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇلارمۇ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەندىلا، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كېيىنكى 15 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كونا تۈزۈلمىدە جۇڭگونىڭ سانائەتتىكى قالاق ھالىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، سانائەتلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تېزلىتىشتە يېزا ئىگىلىك تەمىنلىگەن جۇغلانمىغا تايىنىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن، ئۇزاق مۇددەت يېزا ئىگىلىك مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ، سانائەت تەرەققىياتىنى قوللاش ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن چەتنىگەنلىك بولۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىپ، يېزا ئىگىلىكنى ئۇزاق مۇد-

دەت خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاخىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. ھازىر ئېلىمىز نوپۇسى 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق، مۆلچەرلىنىشىچە 2010 ـ يىلغا بارغاندا 1 مىليارد 400 مىليونغا يېتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1995 ـ يىلدىكى 910 مىليارد جىڭدىن 1 تىرىليون 200 مىليارد جىڭغا يېتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشلىقنى ھەر يىلى ئوتتۇرىچە 20 مىليارد جىڭدىن ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى پەقەت يىرىكلىك تىپىدىكى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىغا تايىنىپلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يەنىلا ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

2) ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەلىپى. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن ئايرىلالمايدۇ. يىرىكلىك تىپىدىكى ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ مەھسۇلى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىلمىغان بولىدۇ، ھۆكۈمەت مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق بايلىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى ۋە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەمچىل، كارخانىلاردا پايدا قوغلىشىدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ تاشقى بېسىمى كەمچىل بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈرئەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمگە سەل قارىدى.

نەتىجىدە ئۈنۈم بارغانسېرى تۆۋەنلەپ ئىسراپچىلىق ئېغىرلاشتى. شۇڭا بۇ خىل ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بىلەن سىغىشمايدۇ.

ئۈنۈمدارلىق تىپىدىكى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. بازار ئىگىلىكىدە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىلغان بولىدۇ، ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ئىقتىسادىي سۇبيېكتلارنىڭ ئاشكارا رىقابىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قۇرۇلمىنى ياخشىلاپ ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. بازار ئىگىلىكى رىقابەت ئىگىلىكى، ئۇنىڭدا كارخانىلار نىسپىي مۇستەقىل ۋە مۇستەقىل ئىقتىسادىي سۇبستانسىيە بولۇپ ئايرىم ئەمگەك ۋاقتىنى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن تۆۋەنلىتىپ، بازاردا پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رىقابەت مەۋجۇت بولىدۇ. كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت مەركەزلىك ھالدا پەن ـ تېخنىكا، سۈپەت، ئۈنۈم، ئىلمىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى كۈچ سىنىشىشتا ئىپادىلىنىدۇ. كارخانىلار بازاردىكى كەسكىن رىقابەتتە پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇش ئۈچۈن بازار ۋەزىيىتى، بازار ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا، باشقۇرۇش ۋە ئەمگەكنى تەشكىللەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، قوشۇلىدىغان قىممەت ۋە بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئۈنۈمدارلىق تىپىدىكى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3) ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بې-

يېشقا يېتىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۈنۈمدارلىق تىپىدىكى كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى ئەڭ ياخشى ۋە ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى پەقەت يىرىكلىك تىپىدىكى ئىقتىسادنى يەكسەلدۇرۇش ئۇسۇلىغا تايىنىپلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قانداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بولسا، شۇنداق ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى.

ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 18 يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىنىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى. پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، بەزى تۈرلەردە خەلقئارادىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. مەدەنىيەت، مائارىپ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى تىكلەندى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى بۇ تەرەققىياتلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4) ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ئىگىلىك بولۇپ، بېكىنمىچىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتىش ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك توپ دۆلەت سىياسىتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىدا كۈنسېرى خەلقئارالىشىش تەرەققىيات يۈزلىنىشى شەكىللىنىپ، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېلىمىزنىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 9.9% دىن 1994 - يىلدىكى 46.6% گە كۆتۈرۈلۈپ، دۇنيا سودىسىدىكى 32 - ئورۇندىن 11 - ئورۇنغا ئۆتتى. 1994 - يىلى ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى دۆلەت ئىچى جۇغلانما نىسبىتىنىڭ 18% دىن يۇقىرىسىنى ئىگىلىدى. لېكىن ئېلىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىش دەرىجىسى، سۈپىتى، تېخنىكا تەلىپى تۆۋەن، رىقابەت كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، مەھسۇلاتلارنىڭ خەلقئارا بازاردىكى سېلىنتىشى ئاستا، بازار ئىگىلەش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ كەلدى. بازار رىقابىتىنىڭ قانۇنىيىتى «ئەلالىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىش»، نۆۋەتتىكى خەلقئارا بازار رىقابىتى، پەن-تېخنىكا رىقابىتى ۋە مەھسۇلاتلار رىقابىتى، يەنى، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى، پەن - تېخنىكا تەلىپى، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىدىكى رىقابەت بولۇپ، ئۇ ئېلىمىز ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. ئېلىمىز مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئارا رىقابەتتىكى تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغۇزۇش، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەڭ ئاز سېلىنما بىلەن يۇقىرى تېخنىكىلىق، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئىسلاھات ۋە نەزەرىيە» خەنزۇچە، 1996 - يىل 6 - سان.
2. «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1996 - يىللىق 1-، 3 - سان.
3. «مالىيە ئىقتىساد مەسىلىلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1996 - يىللىق 1-، 3 - سان.
4. «جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1996 - يىللىق 6 - سان.
5. «نۇر گېزىتى»، 1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى سانى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى توغرىسىدا

ھەنىپە سالىھوۋا

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ھىرقەتنىڭ ئىشق - مۇھەببەت ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئىلمىي قىممىتى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ئاپتورىنىڭ نەۋائى ۋە لۇتفىلاردىن كېيىن يېتىشىپ چىققان لىرىك شائىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要：**本文论述赫尔克提以爱情为内容的长诗《爱情与劳动》的艺术特点、学术价值，说明长诗的作者是继纳瓦依和鲁提菲之后出现的又一位抒情诗人。

**Abstract:** In this article, the author described the artistic features, academic value of Hirkat's Love epis 《Love and Labour》, and explained that the author of the epic is the next lyril poet after Nawa'yi and Lutfil

مۇھەممەد ئىمىن غوجامقۇلى ئوغلى ھىرقەتى XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىستېدادلىق ئۇيغۇر شائىرىدۇر. بىزگە ھىرقەتنىڭ 1670 - يىلى يارىتىلغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئۆز مەزمۇنى، كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئوبرازلار سىستېمىسىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋر ئەدەبىي ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. داستان ئاللاھ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە چاھارىيارلار تەرىپىگە بېغىشلانغان ئەنئەنىۋى مۇقەددىمە بىلەن باشلىنىدۇ. بىراق مۇئەللىپ شۇ مۇقەددىمىنىڭ ئۆزىدە مۇھەببەت ۋە مېھنەتنى («مېھنەت» سۆزى بۇ ئورۇندا بۈگۈنكى مەنىسىدىن تىلشقىرى رەنج ۋە مۇشەققەت مەنىلىرىنىمۇ بېرىدۇ) ئىسلام دىنى ۋە تەسەۋۋۇف تەلىماتى زېمىنىدە تۇرۇپ شېئىرىي شەكىلدە كەڭ شەرھلەپ بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئەنە شۇ خۇسۇسىيىتىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇنى مەلۇم مەنىدە «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئۇسلۇبىدىكى پەلسەپىي - ئەخلاقىي داستان سۈپىتىدە باھالاشقا بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئۆزبېك، فارس، تاجىك ۋە ئازەربەيجان ئەدەبىياتلىرىدا مەۋجۇد بولغان كۆپتىن - كۆپ پەلسەپىي - ئەخلاقىي مەزمۇنلاردىكى ئەسەرلەردە مۇئەللىپلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت، مېھنەت، ئادالەت، قانائەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى

• ھەنىپە سالىھوۋا: ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنجان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزبېك ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ پروفېسسورى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى.

بايان قىلغانلىرىدىن كېيىن، شۇ ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەۋزۇنى ئوبرازلار ۋاستىسىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە قارىتىلغان ھېكايەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا «سەلاتىن بابىدە كىم، ...» دەپ باشلىنىدىغان ماقالەتتە پادىشاھلار، ئۇلارنىڭ تاجۇ ـ تەخت، مۇلكۇ مەملىكەت ساھىبلىرى سۈپىتىدىكى جاۋابكارلىقلىرى، ئادالەت قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشلىرى خۇسۇسىدىكى چوڭقۇر مۇشاھىدىلەردىن كېيىن، شۇ ماقالات تەركىبىدە «شاھ غازىي قەھرىنىڭ سەرسەرى بىر سەركەش خوشەنى بەرباد ئېتىپ، ئەدلىنىڭ سۈيى ئۇل خوشە بۈتكەن بۇزۇغ مەزارەنى ئاباد قىلغانى» ھېكايەتى كەلتۈرۈلىدۇ. «كەرەم ۋەسفى» دىكى يەتتىنچى ماقالات تەركىبىدە بولسا، «ئۆز كەرەمۇ ساخاۋىتى بىلەن خەلق ئاغزىغا چۈشكەن ھاتەمى تايى» ھېكايەتىگە كۆزىمىز چۈشىدۇ.

ھىرقەتى ئۆز داستانىنى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنى «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ «ئىشق ئوتى» تەرىپىگە بېغىشلانغان توققۇزىنچى ماقالاتىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ھىرقەتىنىڭ ئۇستازلار ئەنئەنىلىرى بىلەن نەقەدەر مۇستەھكەم ئالاقىدە بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھىرقەتىنىڭ داستانى ئىشق ۋە ئىشق مېھنىتىگە بېغىشلانغان مۇقەددىمە بابى بىلەن باشلىنىدۇ. شائىر ئىشق تەرىپىنى باشلىغىنىدا، ئىلاھىي ئىشق ھەققىدە ناھايىتى تەسىرلىك مىسرالارنى يارىتىدۇ. ئىشق لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت، ئىشق بۇستانىنىڭ گۇللىرىگە ئېرىشمەك مۇشكۇل، ئىشق سەھراسى پايانسىز، ئۇنىڭغا كىرمەكچى، ئۇنى بېسىپ ئۆتمەكچى بولغانلارنى تۈرلۈك ـ تۈمەن مۇشەققەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا كامىللىق يولى بىلەن، ئۇنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش بىلەنلا ئېرىشىش مۇمكىن. ھىرقەتى ئەنە شۇ ئىلاھىي ئىشقنىڭ لەززىتى ۋە مېھنەتلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ «ئاشىق مۇھەببەتسىز بولماس، مۇھەببەت مېھنەتسىز. لۇقما تۇزسىز بولسا، بولۇر لەززەتسىز. مۇھەببەت تاتلىق ئېرۇر، مېھنەت ئاچچىق» دېگەن ھېكمەتلىك مىسرالارنى يارىتىدۇ.

ھىرقەتى مۇھەببەت بار يەردە ئۇنىڭ مېھنىتىمۇ بار دېگەن غايىنى ئىلگىرى سۈرگىنىدە، مېھنەت ۋە مۇھەببەتنىڭ دائىملىق ھەمدەملىكىنى، دېمەك چىن ئاشىق ئىشق زەخمەتلىرىگە بەرداشلىق بەرگىنىدىلا ياراتقۇچىنىڭ ۋەسلىگە يېتىشى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇف پەلسەپىسىدىن چىقىپ ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەردە ھىرقەتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ غايىۋى ـ بەدىئىي ئەھمىيىتى توغرىسىدا خېلىلا مۇھىم قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا كۆزىمىز چۈشىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇشبۇ «تارىخ» تا ھىرقەتى داستانىنىڭ ھازىرقى مەزمۇنىغا كۆپرەك دىققەت قىلىنىدۇ.① بىز بۇ كىتابتىكى بۇنداق چۈشەندۈرۈشكە قوشۇلغىنىمىز ھالدا مەسىلىنى ماھىيەت جەھەتتىن ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن تەتقىقات دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك، دېگەن پىكىردىمىز. گەپ شۇنىڭدىكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھىرقەتى ئۆز ئەسىرىدە ئىشق مەۋزۇسىنى سوپىلىق پەلسەپىسى نېگىزىدە يورۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇ غايىۋى نىيەت زېمىنىدا تۇرۇپ، شائىر «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئىشق مەۋزۇسىنى مەخسۇس بىر بۆلۈمدە يورۇتۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ مۇشاھىدىلىرىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئۈچۈن «شام ۋە پەرۋانە»، «گۇل ۋە بۇلبۇل» ھېكايەتلىرىنى يارىتىدۇ.

ھىرقەتى تەسەۋۋۇف ئىلمىدىكى ئىشق پەلسەپىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن يورۇتۇش مەقسىتىدە ئاجايىپ چۈشەندۈرۈشلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە ئىشقنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش نىيىتىدە ھاياتىي قىياسلارنى ئىزلەيدۇ ۋە ئۇلارنى تاپىدۇ. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەردە داستاندىكى مۇنۇ مۇشاھىدىلەرگە توغرا دىققەت قىلىنغان: «مۇھەببەتتىن نە ئىشلار تەۋەللۇد قىلۇر. مېھنەت نە ئىشقا ئائىد بولۇر ۋە ئۇل سىرنى ئەيان ۋە ئۇل سۆزنى بەيان قىلماقدا بىلىڭكىم، تۆرت ھەرپ لەفزى مۇھەببەت، ھەر ھەرپ بولۇر

يەتتى قىسمەت»②. بۇ ئورۇندا شائىر مۇھەببەت سۆزىنىڭ ئەرەب ئىملاسى بويىچە تۆت ھەرپ «محبت»تىن تۈزۈلۈشىگە ئىشارە قىلىپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرپىدە يەتتىدىن قىسمەت يوشۇرۇنغان دەيدۇ ۋە ئۇلارنى بىر - بىرلەپ شەرھلەشكە باشلايدۇ. مەسىلەن، «محبت» سۆزىنىڭ «م» ھەرپىدە مىمچىماق، مۇۋاپىقلىق، مۇنىسلىق ۋە مۇستەسىل قىسمەتلىرى يوشۇرۇنغان. خۇددى شۇ يوسۇندا شائىرنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە كۆرە «محبت» سۆزىنىڭ «ح» ھەرپىدىمۇ ھايات، ھىلىم، ھايا، ھەسرەت، ھەقىرلىق... قاتارلىق مەنىلەر يوشۇرۇنغان. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك تۈردە تەسەۋۋۇف ئىشقىنىڭ شەرت ۋە تەلەپلىرى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ.

ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك ئۆزىدىكى ئىشق ۋە ئىشق مېھنىتى مۇلاھىزىلىرى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئەسىرىدىكى توققۇزىنچى ماقالات مەزمۇنىغا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. بىز ئەلۋەتتە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىنى نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئەسىرى بىلەن تەڭلەشتۈرۈش پىكرىدىن پۈتۈنلەي يىراقمىز. بىز يۇقىرىدا ھىرقەتى ئەسىرىدە باشتا پەلسەپىي - ئەخلاقىي قاراشلار بايان قىلىنىپ، كېيىنچە شۇ غايىۋى نىيەتنى ئىپادىلىگۈچى ھېكايىلەر بىلەن تولدۇرۇلۇپ بېرىشىنى شەرق پەلسەپىي - ئەخلاقىي داستانلىرى، جۈملىدىن «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئۇسلۇبىغا قىياس قىلغانىدۇق. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئەسىرىدە ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مەۋزۇلار ناھايىتى چوڭ بىر تىزمىنى تەشكىل قىلغان بولسا، ھىرقەتى ئۆز ئەسىرىدە نەۋائى ئەسىرىدە قەلەمگە ئېلىنغان ئىشق مەۋزۇسى توغرىسىدىلا بەھس قىلىدۇ، خالاس. دېمەك، ھىرقەتى داستانى ئۆزىنىڭ شۇ مۇھىم بىر تەرىپى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»ى بىلەن يېقىنلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇ تەرەپتىن ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدە ئىشق ۋە كامىل ئاشىقلىقنىڭ مۇشەققەتلىرى توغرىسىدا بايان قىلىنغان پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى ئەلىشىرنەۋائى «ھەيرەتۇل ئەبرار»نىنىڭ ئىشق تەرىپىگە بېغىشلانغان توققۇزىنچى ماقالاتىنىڭ «شۇئلەسى بەلا سەھراسىنىڭ لالەلەرى ۋە ئەختەرى بەلاكەش كۆڭۈل پەرگالەرىدۇرۇر ۋە مېھنەت قارا شامى ئانىڭ تۈتۈنى ۋە شامىنىڭ مۇھتەرىق كەۋكەبلەرى ئانىڭ ئۇچقۇنىدۇرۇر»③ دېگەن سەرلەۋھەسىگە قىياس قىلىش ئورۇنلۇق.

تۆۋەندىكى مىسرالاردىكى ھەمئاھاڭلىققا دىققەت قىلايلى:

ئەلىشىرنەۋائى:

ئاشىق ئانى بىلكى، ئېرۇر دەردناك،
ھەم تىلى، ھەم كۆزىيۇ، ھەم كۆڭلى
پاك.
ئارقاسىدىن ئىشقكى يۈز غەم ئۆكۈب،
ھەرگىرىھى بىر غەم ئاياغىن تۆگۈب.
دەرد يۈكىدىن بولۇبان ھەم قەدى،
دەرددەغى «دال» ئانىڭ ھەم قەدى.
چەرخ كەبى جىسمى سەراسەر تۈغان،
مېھنەتى شامىغا تانۇق ھەر تۈغان.
كۆكسى شىگافى بولۇپ ئاتەش فىشان،
شام بەلاسىغە سەھەردىن نىشان④

ھىرقەتى:

مۇھەببەت بولماسا مېھنەت كېرەكمەس،
شەجەردە مېۋە يوقتۇر شاخ ئېگىلمەس.
مۇھەببەتنى تۇھفەش مەئشۇق ئېرۇر،
ئاشىققا مېھنەت لۇقما مەتلۇب ئېرۇر.
ئىچەر مېھنەت شەرابىن نېچە ئاچچىق،
بولۇپتۇز ئۈستى ئاچچىق، تەگى تاتلىق⑤.

«ھەيرەتۇل ئەبرار»دا ئەلىشىرنەۋائى «ئىشق تەرىپى...» ماقالاتىدا ئىشقى ھەقىقىينىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «شەيخى ئىراقىي شامدا ھۆسن شەمئى گۈلىنى كۆرگەچ، پەرۋانەدەك تۇتاشقانى ۋە شۇئلەسى ئىنكار تىكەنلەرىنى كۆيدۈرۈپ مۇنكىرلەر باشىغە ئاشقانى» ھېكايىتىنى كەلتۈرىدۇ. ھىرقەتى بولسا ئۆز ئەسىرىدە ئىشقى ھەقىقىينىڭ شەۋق ۋە ئىزتىرابلىرى توغرىسىدىكى پەلسەپىي - ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ بايانىدىن كېيىن، ئۇنى قۇۋۋەتلىگۈچى «شام ۋە پەرۋانە» ھەمدە «گۈل ۋە بۇلبۇل» ھېكايەتلىرىنى كەلتۈرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۇشبۇ ھېكايەتلەردىن بىرىنچىسى، يەنى «شام ۋە پەرۋانە» نىسبەتەن مۇجەز، يەنى پاساھەت ۋە بالاغەتتە خېلى يۇقىرى دەرىجىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى شام ۋە پەرۋانە ئوبرازلىرى ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق كۈچىگە ئاپىرىنلار ئوقۇلىدۇ.

«شام ۋە پەرۋانە» داستانلىرى شەرقتە خېلى كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى مەۋزۇلارغا ئاساسلىنىدۇ. بىز XVI ئەسىر تۈرك شائىرى لامىينىڭ «شام ۋە پەرۋانە» داستانىنى بىلىمىز. بۇ مەۋزۇدىكى ئەسەرلەر باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدىكى «شام ۋە پەرۋانە» ھېكايىتى بولسا شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىنىڭ مەركىزىگە قويغان مۇھەببەت ۋە مېھنەت مەۋزۇسىنى ئوبرازلىق يورۇتۇش مەقسىتىدە كەلتۈرگەن كىچىك بىر لەۋھەدىن ئىبارەتتۇر. ھىرقەتى «شام ۋە پەرۋانە» ھېكايىتى ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق كۈچى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز مېھنەت، مۇشەققەتلىرى توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي قاراشلىرىغا بىر مىسال كەلتۈرىدۇ ۋە مەۋزۇنى تەدرىجىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىغا كۆچىدۇ.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدىكى «شام ۋە پەرۋانە» ھېكايىتى ھىرقەتنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شەرق شېئىرىيىتىدە كۈيلىنىپ كېلىنىشىچە، شام قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدۇ، ئاشىقلارنىڭ سۆھبىتىگە زىننەت بېرىدۇ. شام غەزەللەردە فەقىرلەر بەزمىسىدە نۇر تارقىتىپ ئولتۇرغان مەشۇقىغا قىياس قىلىنىدۇ. بىراق شام ۋە پەرۋانە مەجازىي مەشۇقە ۋە ئاشىق رەمزى سۈپىتىدە شەرق ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئوبرازلارغا ئايلانغان. بۇنىڭغا ھاياتىنىڭ ئۆزىدە شامنىڭ مەپتۇنكار ياغدۇسى، پەرۋانىنىڭ شۇ ياغدۇغا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقىچە بولغان پىدائىيلىقى ماتېرىيال بەرگەن. ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدە ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئوبرازلارغا مۇراجىئەت قىلغىنىدا، ئۆزىگە خاس مۇلاھىزىلەر يارىتىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ[6].

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈندە ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر سۆھبەت ئولتۇرۇشىدا! شام ئولتۇرۇشنى يورۇتۇپ تۇراتتى. شام ئۆزىنى ئۆزى ئۆرتەش بەدىلىگە نۇر تارقىتىپ ئولتۇرۇشتىكىلەرگە خۇشۋاقلىق بەخش ئېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ «ئاتەشۇ ئاب» ئىچىدىكى ھالىتىدىن ئولتۇرۇشتىكىلەر پۈتۈنلەي غاپىل ئىدى. دېمەك، ھەركىم ئۆز خېرىدارىنى دەردكەشىنى، غەمگۇزارىنى تېپىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇزاقتىن شام شولىسىنى كۆرگەن پەرۋانە ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىدۇ.

بەناگاھ بولدى بىر پەرۋانە پەيدا،
ئۇ بولدى شامنىڭ ھۆسنىگە شەيدا[7].

شۇ شەيدالىق تۈپەيلى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا تاشلاشقا، ھايات تارلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشقىمۇ تەييار تۇرار ئىدى.

ئۇرۇپ شام ئوتىغا گاھى قاناتىن،
ئۆزەي دەپ دۇنيادىن تارى ھەياتىن[8].

ھىرقەتى مۇھەببەتنىڭ ئەنە شۇنداق ھاياتنى ئۆرتىگۈچى، جاننى كۆيدۈرگۈچى شەرارى (ئوتى) بارلىقىنى تەكىتلەپ، نەپىس تەسۋىرلەر يارىتىدۇ.

بولۇپ پەرۋانە شام ئوتىغا ۋاسىل،
قۇچۇپ مەشۇق، ئېتىپ مەقسۇد ھاسىل[9].

پەرۋانە ئاتەشىن ئىشق (رەمزەن يېنىپ تۇرغان شام) يولىدا ئۆزىنى نابۇد قىلىدۇ.

نىگارى جىلۋەگەر بولسا كۆزىگە،
قالۇرمۇ يېچىشكە بېدىل ئۆزىگە.
شەرارىدىن تۇتۇشۇپ پەرۋانەگە ئوت،
مۇھەببەت ئوتى بىرلە قويدى ساۋۇت[10].

ھىرقەتى پەرۋانىنىڭ پىدائىيلىقى تەسۋىرلىرىدە غايەت تەسىرچان ئوبرازلارنى ئىشلىتىدۇ.

تۆكۈلدى جان سۈۋى، تەن زەربى تىندى[11].

ھىرقەتى مۇھەببەت ۋە مېھنەتنىڭ ھەممىدىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى نامايىش قىلىش مەقسىتىدە كەلتۈرگەن يۇقىرىدىكى ئىخچام - كېلىشكەن ھېكايىتى بىلەن ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى مۇھەببەت، شۇ مۇھەببەتنىڭ سىناقلىرى، ۋىسال

پەيتلىرىنىڭ تەڭداشسىز لەززىتىنى يەنىمۇ كەڭرەك رىجە ئاساسىدا تەسۋىرلىگەن يېڭى بىر داستاننى ئاڭلاشقا تەييارلايدۇ. بۇ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدۇر.

گۈل ۋە بۇلبۇل ۋەسفى شەرق خەلقلىرى ئاغزاكى ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەۋزۇلىرىدىندۇر. بۇ ئىككى نام ئاشىق ۋە مەشۇقلارنىڭ رەمزىي ئوبرازلىرى سۈپىتىدىمۇ ئەدەبىياتتا ناھايىتى بۇرۇندىنلا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارلىققا كەلگەن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ مەۋزۇسى بولۇپ قالغان. ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسى پروفېسسور ب. ۋەلىخوجايېف ئۆزىنىڭ ئۆزبېك ئېپىك شېئىرىيىتى تارىخىغا بېغىشلىغان تەتقىقاتىدا توغرا تەكىتلىگىنىدەك «ھەربىر مۇئەللىپ ياراتقان ‹گۈل ۋە بۇلبۇل›دا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر، ئوبرازلارنى چۈشەندۈرۈشتە ئورىگىناللىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا، بىر خىل ناملانغان ياكى قەھرىمانلىرى ئوخشاش بولغان ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلغاندا ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەرنى، ئەسەر يارىتىلغان دەۋر، ئاپتور كۆزلىگەن مەقسەتنى، ئۇنىڭ ئەدەبىي - ئېستېتىك پرىنسىپلىرى ۋە ئومۇمەن دۇنياقارىشىنى ئېتىبارغا ئېلىش شەرت»[12].

تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ مەۋزۇغا يېقىن ئەسەرلەردىن بىرى مەۋلانا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدۇر. كېيىنچە تۈركمەن ئەدەبىياتىدا شابەندەنىڭ (XVIII ئەسىر) «گۈل — بۇلبۇل» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولسا ھىرقەتى ۋە سەلاھىلارنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» مەۋزۇسىدىكى داستانلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر سيۇژېت قۇرۇلۇشى، ئوبرازلارنىڭ تاللىنىشى جەھەتتىن بىر - بىرىگە بەلگىلىك دەرىجىدە يېقىن تۇرسىمۇ، يۇقىرىدا تەكىتلەنگىنىدەك ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئالەمدۇر. شۇ قاتاردا ئۇيغۇر شائىرلىرى قەلىمىگە مەنسۇپ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانلىرى، بىر تەرەپتىن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئەنئەنىلىرى بىلەن يېقىندىن ئالاقىدارلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتىدا مۇھىم بىر ھادىسە سۈپىتىدىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنمۇ ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانلىرى توغرىسىدا سۆزلەنگەندە بۇ مەۋزۇدىكى تۇنجى ئەسەر سۈپىتىدە لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى تىلغا ئېلىنىدۇ. كېيىنچە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر، جۈملىدىن سەلاھىنىڭ «بۇلبۇل ۋە گۈل» داستانى لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»ى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىنىپ، سەلاھىنىڭ لۇتفى داستانىنىڭ تېما ۋە ئوبرازلىرىدىن بەھرىمەن بولغىنى ھالدا، ئۆز ئەسىرىدە مۇستەقىل يول تۇتقانلىقى تەكىتلىنىدۇ. ب. ۋەلىخوجايېف يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن مونوگرافىيىسىدە ئۇيغۇر شائىرى ھىرقەتنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»ىدىن كۆپ جەھەتلەردە ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ[13]. دەرھەقىقەت، ھىرقەتنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭدا مەجازىي ئوبرازلارنى قوللىنىش جەھەتتىن «گۈل ۋە نەۋرۇز» بىلەن مەلۇم باغلىنىش بارلىقى كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا ھىرقەتى ئەسىرىنىڭ مەۋزۇ ۋە ئوبرازلار جەھەتتىن ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە يېقىنلىقى ھەققىدىمۇ قەيتلەر مەۋجۇد. ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسى روزى قادىرى ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى بىلەن نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭداشلىق توغرىسىدا سۆزلەپ، بۇ ھالنى ئۇيغۇر شائىرىنىڭ ئۇستاد سۆز ئۇستىسىدىن ئىلھاملىنىشى دەپ ناھايىتى توغرا كۆرسەتكەندى[14]. لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىنى پەقەت «فەرھاد ۋە شىرىن» ئەنئەنىلىرى بىلەنلا چەكلەش ئىككى شائىر ئىجادىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرنى خېلىلا تارايتىپ قويىدۇ. ب. ۋەلىخوجايېف يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تەتقىقاتىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» تىپىدىكى ئەسەرلەرنى مەسەل - داستان سۈپىتىدە

خاراكتېرلەيدۇ ۋە لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»، ئەلشىرنەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير»، سەلاھىنىڭ «بۇلبۇل ۋە گۈل»، نىشاتىنىڭ «ھۆسن ۋە دىل» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەسەل - داستانغا ياخشى مىسال بولالايدۇ، دەپ يازىدۇ⑮. شۇنداق ئىكەن، خىرقەتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرى، جۈملىدىن «لىسانۇتتەير» داستانى ئەنئەنىلىرى ھەققىدىمۇ بەھس قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. ئەپسۇسكى، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا ئائىت ئىشلاردا، ئايرىم ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ماقالىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىدى.

بىز تۆۋەندە داستانغا ئائىت بۇگۈنگىچە مەۋجۇت بولغان قاراشلارنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نەۋائىي ئىجادىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق تەرەپلىرىگە كەڭرەك توختىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئالدۇق. چۈنكى، ھەرقانداق ئەسەرنىڭ تەھلىلىدە مەۋزۇ تارىخىنى يېتەرلىك يورۇتماسلىق شۇ ئەسەرنىڭ ھەممە غايىۋى - بەدىئىي پەزىلەتلىرىنى، دېمەك ئۇنىڭ مۇئەللىپى ماھارىتىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

گۈل ۋە بۇلبۇل. بۇلارنىڭ بىرى باھارنىڭ ھۆسنى لاتاپىتى، ئىككىنچىسى بولسا شۇ مەپتۇنكار تەبىئەت مۆجىزىسىنىڭ كۈيچىسىدۇر. باھارنىڭ كېلىشى، باھار يامغۇرىدىن بەھرىلەنگەن كۆكاتلارنىڭ يەرگە خىلمۇ خىل گىلەملەر سېلىنغاندەك تاۋلىنىشى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن ئورۇن ئالغان شېئىرلاردىمۇ كۈيلەنگەندى. كۆكلەم كۆركىنى رابغۇزىمۇ، لۇتفىمۇ ئىنتايىن گۈزەل مىسرالىرى بىلەن كۈيلىگەنىدى.

باھار كېلىشى بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەرنىڭ ئېچىلىشى، ئۇنىڭغا مەپتۇن بۇلبۇلنىڭ سايراشلىرىنى ئەلشىرنەۋائىي بولۇپمۇ مول مەزمۇنلۇق ۋە ئاجايىپ كۆركەم مىسرالىرىدا ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. نەۋائىي «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا «جاھان بېغى كۆپ دىلكەشتۇر» دەپ يېزىپ بۇ باغدىكى گىياھلارنىڭ چىن تەبىئىتىنى نامايىش قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇ يەردىكى ھەربىر گۈل گۈزەللەرنى ئەسلىتىدۇ. يالقۇندەك شولا چېچىپ تۇرغان قىزىلگۈلنى كۆرۈپ بۇلبۇل بىچارە سەمەندەر كەبى كۆيۈپ يانىدۇ. ئۇ يېنىپ، شولىلىنىپ تۇرغان گۈل ئەمەس، بۇلبۇل ئۇۋىسىغا چۈشكەن ئوتتۇر، ياق، ئۇۋىسىغا ئەمەس، جېنىغا چۈشكەن ئاتەشتۇر⑯. گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ بىر - بىرىگە ئۇيغۇنلۇقى توغرىسىدىكى بۇ تەسۋىرلەر بۇ مەۋزۇدىكى بۈيۈك داستانلارنىڭ بىخىدەك كۆزگە تاشلىنىدۇ. نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا ئىسكەندەر ئوبرازى توغرىسىدىكى شەرھ داۋامىدا مەخسۇس تۈردە «بۇلبۇل ھېكايىتىدىكىم، ...» دەپ باشلىنىدىغان كىچىك باب بار. بۇنىڭدا ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر باغدا بۇلبۇل كۆيۈپ - يېنىپ پىغان چېكىۋاتقىنىدا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان قاغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، بۇلبۇلنى ئەزمىلىكتە، ئىرادىسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي بۇلبۇل، سەن باغدا بىر ئاي جۇش ئۇرۇپ كۈيلەپ، ئون بىر ئاي غەم - قايغۇدا يۈرىسەن، بۇ ئىشنىڭ ئۈچۈن چىمەن گۈللىرىدىن ئۇيالمامسەن؟» شۇ چاغدا بۇلبۇل ئۈستىدىكى لىباس كەبى ئىچكى ئالەمى ھەم قارا بولغان قاغىغا قارىتا ئاچچىق - ئاچچىق سۆزلەپ ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى تىكىپ قويغاندەك قىلىۋېتىدۇ، بۇلبۇل ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىغىنىدا، چىمەندە گۈل بىر ئايلا يۈز كۆرسىتىدۇ ۋە قايتا باھار كەلگىچە مەن ئون بىر ئاي جۇدالىقتا مەھكۇممەن. ئاھۇ پىغانلىرىمنىڭ بائىسى شۇنىڭدىندۇر. ئىشق - مۇھەببەتتىن خەۋەرسىز سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، دەپ ئېيتىدۇ. بۇ جاۋابتىن قاغا تېخىمۇ قارىيىپ كېتىدۇ ۋە خاموش قالىدۇ⑰.

ئەلشىرنەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىكى بۇلبۇل قەلبىگە ئوت سالغان گۈل ۋە گۈل شەۋقىدە ھەمىشە ئاھ ئۇرۇپ يىغلايدىغان بۇلبۇل توغرىسىدىكى پارچىلار بىلەن تونۇشقىنىمىزدا، بولۇپمۇ ئۇ يەردىكى بۇلبۇل بىلەن قاغىنىڭ سوئال - جاۋابىدىن ئىبارەت ھېكايەتكە قۇلاق سالغىنىمىزدا، نەۋائىنىڭ بۇ تەسۋىرلىرى بىلەن خىرقەتىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى ئوتتۇرىسىدا بىر مەنتىقىي باغلىنىش بارلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل

www.uyghurkitap.com

قىلىمىز. شۇبھىسىزكى، ھىرقەتى تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىياتتا، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلىدىكى ئەدەبىياتتا ئۆزىگىچە مەۋجۇد بولغان ئەنئەنىلەر بىلەن تونۇش ئىدى. شائىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىي ئەسەرلىرىدىنمۇ ئىجابىي تەسىرلەنگەن بولۇشى مۇقەررەر. مۇھەممەد ئىمىن ھىرقەتىگە يېقىن بىر دەۋردە ياشىغان غۇربەتى تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭمۇ «گۇل ۋە بۇلبۇل» نامى بىلەن داستان ياراتقانلىقىنى شائىر سەلاھىنىڭ «بۇلبۇل ۋە گۇل» داستان مۇقەددىمىسىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلاردىن بىلىمىز. سەلاھى ئەنە شۇ شائىر ئەسىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندا:

بولۇپ فەيز بەھارى كاشغەردىن،
تاپىپ تەبئىم سەفا بۇ سۆزلەردىن.

مىسرالىرىنى كۆيلەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان غۇربەتىنى قەشقەرلىك ئۇيغۇر شائىرى دەپ ھېسابلاشقا ئاساس بار. مۇھەممەد ئىمىن ھىرقەتىنىڭ بۇ شائىر بىلەن مۇناسىۋىتى توغرىسىدا يەنە قوشۇمچە مەلۇماتلار ئېنىقلانغۇچە بىرەر پىكىر ئېيتىش قىيىندۇر.

شۇنداق قىلىپ، ھىرقەتى ئۆز داستانىدا شەرق مۇھەببەتنامىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بۇلبۇل ۋە گۇل رەمزىي ئوبرازلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھاياتىغا ئائىت قاراشلىرىنى شېئىرىي يوسۇندا ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدى.

داستان ۋەقەلىرى بۇلبۇل، گۇل ۋە سابا ئوبرازلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئەسناسىدا راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

سابا — تاڭنىڭ ئارامبەخش مەيىن شامىلى — شەرق ئەدەبىياتىدا ئاشىقنىڭ مەشۇقىگە ۋە ئۆز نۆۋىتىدە مەشۇقىنىڭ سۆيگىنىگە دۇئايى سالاملىرىنى يەتكۈزۈش يولىدا ۋاستىچى رولىنى ئادا قىلىپ كەلگەن پىدائىي سىمۋولىدىكى بىر ئوبراز سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان. ساباغا خىتاپ ھافىز ۋە سەئدى، لۇتفى ۋە نەۋائى غەزەللىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. فۇرقەتنىڭ «ساباغا خىتاپ» ناملىق مەخسۇس مەسنەۋى مەكتۇبى بار. شۇنداق قىلىپ، دەسلەپ لىرىكىلىق ئەسەرلەرگە كىرىپ بارغان سابا ئاستا-ئاستا ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. جۈملىدى سابا گۇل ۋە بۇلبۇل ئوبرازلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قاتناشقان. بۇ ئەسەرلەردىكى سابا ۋەقەلەر داۋامىدىكى غايىۋى ۋەزىپىسىگە قارىغاندا لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىكى بۇلبۇل ئوبرازىغا يېقىن تۇرىدۇ. ئۇشبۇ ئەسەردىكى بۇلبۇل رەمزىي ئوبرازى نەۋشاد شاھزادىسى نەۋرۇز ۋە فەرخار مەلىكىسى گۇلنىڭ مۇھەببەت كەچمىشلىرى داۋامىدا نەۋرۇز تەرىپىدە تۇرۇپ ئاشىق - مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىدۇ.

جۈملىدىن، نەۋرۇز چۈشىدە گۇلنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، فەرخارغا ئىزلەپ كەلگىنىدە، قوشاقچى بۇلبۇل ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. گۇلنىڭ ئالدىغا بىرىپ نەۋرۇز نامىدىن غەزەل ئوقۇيدۇ. نەۋرۇزنىڭ گۇلگە بولبۇل ئارقىلىق يوللىغان دۇئايى سالىمى ۋە سۆيگۈ تۇيغۇلىرى ئىزھارىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆپىنچە گۇلنىڭ ئىنىكئانىسى سەۋسەن مەيدانغا چىقىدۇ.

ھىرقەتى داستانىدا بولسا «گۇل ۋە نەۋرۇز»دىكى بۇلبۇل ئوبرازى ۋەزىپىسىنى سابا ئاتقۇرىدۇ. شۇ يەردە تەبىئىي بىر سوئال تۇغۇلىدۇكى، ھىرقەتى ئەسىرىدە بۇلبۇلنىڭ گۇلگە بولغان سۆيگۈ ماجىراسى ھېكايىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان تۇرۇقلۇق، گۇلنىڭ مەڭگۈلۈك ئاشىقى بولغان بۇلبۇل نېمىشقا گۇلگە ئۆزى توغرىدىن توغرا مۇراجىئەت قىلمۇەرمەيدۇ؟ ۋە بۇ ئالبەتتە ئاشىقنىڭ سۆزلىرىنى گۇلگە يەتكۈزۈشتە سابا ۋاستىچىلىك قىلىدۇ؟ مېنىڭچە، ھىرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»ىدىن ئورۇن ئالغان «گۇل ۋە بۇلبۇل» ھېكايىتىدە ئەنئەنىۋى ئىشقىي داستانلاردا مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىپ كەلگەن ئاشىق - مەشۇقلار كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرىگە باغلىغۇچى، شۇ سەۋەبلىك ئەسەر كومپوزىتسىيىسىدە ھەم بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان ئۈچىنچى ئوبراز — ۋاستىچى ئوبرازىدىن پايدىلانغان. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدىن ئورۇن ئالغان ۋە بىز يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن «شام ۋە پەرۋانە» ھېكايىتىدە بۇنداق ۋاستىچى ئوبرازىغا زۆرۈرىيەت

يوق ئىدى. شاپۇر (نەۋائى)، بۇلبۇل (لۇتفى) ۋە سابا (ھىرقەتى) تىپىدىكى ئوبرازلار كۆپىنچە چوڭ ئېپىك ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. سابا ئوبرازىنىڭ ئەنئەنىۋى مەنبەلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئەنە شۇنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. لېكىن ھىرقەتى ئۇنى سيۇژېتتا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان كاتتا ئوبراز سۈپىتىدە ياراتقان. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا ھىرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا سابا ئوبرازىنى ئېپىك قەھرىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر ئوبراز بىلەن بېيىتتى.

ھىرقەتىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ھېكايىتى توغرىسىدىكى تەھلىلنى باشلاشتىن ئىلگىرى سابا ئوبرازىنىڭ مەنبەلىرى، ئۇنىڭ داستاندىكى ئورنى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرگە مەخسۇس توختىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، ئەسەر ۋەقەسى سيۇژېتتا سابا ئوبرازىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن باشلىنىدۇ.

سابا ياخشىلىق، ئېزگۈلۈك ئەلچىسى. ئۇ سۇبھى سادىقتىن باشلاپ تاغۇ تاشلارنى، باغۇ بوستانلارنى، گۈلشەنلەرنى كېزىدۇ، ئادەملەرنىڭ قەلبىگە ئاراملىق بېغىشلايدۇ. شەرق خەلقلىرى ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە يازما ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە كۈيلەنگىنىدەك، ئاشىقلارنىڭ قەلبىنى قەلبىگە باغلايدۇ. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدىمۇ شۇ ئەنئەنىگە مۇناسىپ ئورۇن بېرىلگەن. سابا ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتى بويىچە گۈلشەنلەرنى كېزىپ يۈرگىنىدە، تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر بىلەن زىننەت تاپقان بىر باغنىڭ ئۈستىدىن چىقىپ قالىدۇ، بۇ گۈلشەننىڭ رەڭگارەڭ گۈللىرى شۇ قەدەر گۈزەل ۋە تازا ئىدىكى، بۇ ئېرەم بېغىغا ھەممە ھەۋەس قىلسا ئەرزىيتتى. سابا بۇ باغنىڭ لالىلىرى، گۈللىرىنى تاماشا قىلىپ، قۇشلارنىڭ شوخ، چاڭ - چاڭ سايراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ سەيرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، بىردىن لاتاپەت، زاراپەت رەمزى بولغان قىزىلگۈلگە كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. ھەممىگە ھەمىشە ياخشىلىقنى، ئېزگۈلۈكنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن سابا قىزىلگۈلگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن نەزەر سېلىپ، «بۇ گۈلگە مۇھەببەت يولىدا بىر سادىق كېرەك ئىكەن» دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. ئۇ قىزىلگۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ساڭا مۇناسىپ يار تاپقايمەن، دەپ سۆز بېرىدۇ[18].

داستان سيۇژېتىدا شۇ نۇقتىدىن باشلاپ گۈل ئوبرازى پەيدا بولىدۇ. مەجازەن تولىمۇ گۈزەل، ئەينى چاغدا تەڭداشسىز ئېپپەت تىمسالى بولغان گۈل مۇھەببەت تىمسالىدۇر. گۈل گۈلشەندە ئەڭ گۈزەل بولۇشقا قارىماي، ئۆز كۆركىنى كۆز - كۆز قىلمايدۇ. گۈل ئۆزى بىلەن ئۆزى مەشغۇل. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۆزىنىڭ غۇنچە بەرگلىرىنى ئىختىيارسىز يېزىشقا باشلايدۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار مەي بىلەن كەيپلەنگەن كىشىلەردەك ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلاشقا باشلايدۇ، سابا بۇ گۈزەللىك خەۋىرىنى ئېلىپ يەنە باغۇ راغلار ئارا سەير قىلىۋېتىپ، بىر مەنزىلدە توپ - توپ گۈللەر ۋە ئۇلارغا پەرۋانە بولغان يېقىملىق كۈيچى قۇشلارنى ئۇچرىتىدۇ. سابانىڭ ئەنە شۇ يەردە چاڭ - چاڭ قىلىپ يېقىملىق سايراۋاتقان بۇلبۇلغا كۆزى چۈشىدۇ. سابا زېرەكلىك بىلەن كۆزىتىپ بىلدىكى، بۇلبۇل شۇ يېقىندىكى گۈلىقەھقەھگە مەيل بىلدۈرۈپ، ئىختىيارسىز ھۇشسىزلىنىشقا باشلىغان. بۇنى سەزگەن سابا بۇلبۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ، دۇنيادا نېمە كۆپ، گۈل كۆپ — چىمەن كۆپ، لېكىن «مەھرەم» ۋە «ھەمدەم» تېپىش ناھايىتى قىيىن. بۇنداق ئالىيجاناپ جۈپ تېپىش ئۈچۈن زەھمەت دەشتلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈش، ۋاپا ۋە ساداقەت سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش كېرەك، دەپ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى قوشنا بىر گۈلشەندە كۆرۈپ كەلگەن قىزىلگۈلنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىدۇ:

ئېرۇر بىسيار گۈلى رەئنا ۋە زىبا،
قىزىلگۈلدۇر بۇ گۈللەر ئىچىدە يەكتا.
يەنە گۈللەردە بولسا رەڭ ئىلە روي،
نەزاكەتتە قىزىلگۈل تۇرفە خۇشبوي[19].

خەلقتە «چىمەندە گۈللەر كۆپ بولغىنى بىلەن بۇلبۇلنىڭ سۆيگىنى قىزىلگۈلدۇر» دېگەن نەقىل بار. داستاندا خۇددى شۇنداق ۋەقە يۈز بېرىدۇ. بۇلبۇل سابادىن قىزىلگۈلنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا بۇ گۈلنى كۆرۈش ئىشتىياقى پەيدا بولىـ

دۇ.
ھەرقەتى داستان ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەشنى
داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىدا بۇلبۇلنى گۈلگە، ياكى
گۈلنى بۇلبۇلغا ئاسانلا ئىرىشتۈرۈپ قويمايدۇ.
ئىككى ئوتتۇرىدا، يەنى بۇلبۇل بىلەن گۈل ئوتتۇ-
رىسىدا سىناقلار باشلىنىدۇ. سابا ئۇلارنىڭ بىر -
بىرلىرىگە يوللىغان نامەلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.
ھەرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنى
مەسنەۋى شەكلىدە ياراتقان. بىراق ئەسەردە بۇل-
بۇل بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدىكى نامەلەر غەزەل
ئۇسلۇبىدا بولۇپ، بۇ ھال ھەرقەتىنىڭ غەزەلنە-
ۋىسلىكتىمۇ خېلىلا ياخشى ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەن-
لىكىنى كۆرسىتىدۇ. داستاندا ۋەقەلەرنى ھېكايە
قىلغۇچى مەسنەۋى قايسى بەھرىدە بولسا، غەزەللەر-
مۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇ ئۆلچەمدە يارىتىلغان.
شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھ-
نەتكام» مەسنەۋىسى ھەجەزى مۇسەددەسى مەھزۇف
(مەفائىلۇن مەفائىلۇن فائۇلۇن) ۋەزنىدە يېزىلغى-
نىغا ئوخشاش، داستاندىن ئورۇن ئالغان غەزەللەر-
مۇ شۇ ئۆلچەمدە يېزىلغان، دەپ ئېيتالايمىز.
ھەرقەتى داستانىدىكى مەسنەۋى ۋە غەزەللەر-
نىڭ شەكلىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەسى-
لە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى گې-
پىمىز ئەسەر ۋەقەلىرىنىڭ تەدرىجىي رەۋىشتە را-
ۋاجلىنىپ بېرىشىدا بۇلبۇل ۋە گۈل ئوبرازلىرىنىڭ
ھېس - ھاياجانلىرى، سۆيگۈ ۋە ساداقەت كەچۈر-
مىشلىرىنى ناھايىتى نەپىس ئىپادىلەپ بەرگەن نامە-
لەر توغرىسىدا بارىدۇ. بۇلبۇل سابادىن گۈلنىڭ
ۋەسپىنى ئىشتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دىل ئىزھا-
رى سۈپىتىدە غەزەل شەكلىدە نامە يوللايدۇ:

سېنى ئەي گۈل، كەمالىڭنى ئىشتتىم،
قىزىل ئوتتەك جەمالىڭنى ئىشتتىم.
ئەدەتسىز ۋەسفىڭ ئاڭلاپ مەن سەبادىن،
جەھاندا يوق مىسالىڭنى ئىشتتىم.
سۆچۈك بولدى مېنىڭ جىسمۇ جانىم،
ئۇشۇل دام شەھرى بالىڭنى ئىشتتىم.
سىنانى ئىشق بۇ جانىمغە تەگدى،
بۇ رەڭ نازۇك نىھالىڭنى ئىشتتىم.
بولۇپ قۇل خىزمەتىڭ قىلماققا بارسام،
غۇلام ئىستەر خىيالىڭنى ئىشتتىم[20].

گۈل بۇلبۇلنىڭ مەكتۇبىدىن غايەت تەسىرلە-
نىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب قىلىشقا تۇتۇنىدۇ. گۈلنىڭ
نامەسىمۇ باشتىن - ئاياق ئاشىقانە بولۇپ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى غەزەللەر تېماتىكىسى،
ئوبرازلار سىستېمىسى ئىچىگە قۇرۇلغاندۇر.
لېكىن ھەرقەتىنىڭ گۈل ۋە بۇلبۇل ئوبرازلىرى
مەنىۋى ئالىمىنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان غەزەللە-
رى ئۆزىدە نامەلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى ئىپا-
دىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇلبۇلنىڭ نامەسى مۇ-
ھەببەتلىك دىل ئىزھارىدىن ئىبارەت بولسا، گۈل-
نىڭ مەكتۇبى شۇ مۇھەببەت تۇغيانىغا مۇناسىپ
بىر جاۋاب تەرزىدە كەلگەن. گۈلنىڭ بۇلبۇلغا جا-
ۋابنامىسىدە شۇ ھال كۆزگە ئېنىق تاشلىنىدۇ:

دېدى گۈل: ئاڭلىدىم ۋەسفىڭنى بۇلبۇل،
نېچە بولدۇم مۇئەككەن سەنگە مەن قۇل.
ئىشىت نامەمنى، كەل ئەندىشە قىلماي،
ئۇمىدىڭ تارىدىن بوينۇمدادۇر غۇل…
مەنى دەپ سەن كېلەر بولساڭ بۇ يەرگە،
فىدا ئەيلەي دىلۇ جانىمنى بىلگۈل[21].

شۇ ئورۇندا بۇلبۇل ۋە گۈل ئوتتۇرىسىدىكى
نامەلەرنىڭ لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى-
دىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ نامەلىرىگە يېقىنلىقى
توغرىسىدا سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. دۇرۇس،
لۇتفى داستانىدا نەۋرۇز ۋە گۈلنىڭ ئۆزئارا يېزىش-
قان نامەلىرى ئۆزىگە خاس بىر تەرزدە قۇرۇلغان.
داستاندا بىز «بۇلبۇل نەۋرۇز تىلىدىن غەزەل ئو-
قۇغانى» كەبى ئىپادىلەرگە دۇچ كەلسەكمۇ، ئە-
سەردە بىرەر ئورۇندا مەسنەۋىدىن چەتلىشىش كۆز-
گە چېلىقمايدۇ[22]. دېمەك، ئۇ يەردە «غەزەل»
ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، نامە مەسنەۋى
يولى بىلەن بېرىلىدۇ. ھەرقەتى داستانىدا بولسا،
غەزەللەر ئۆز مەزمۇنى ۋە شەكلىي خۇسۇسىيىتى
بىلەن غەزەلدۇر. لېكىن ئۇلار غايىۋى يۆنىلىشى
جەھەتتىن ھەر ئىككى ئەسەردە ئوخشاشلا ئاشىق -
مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەكتۇبلار بولۇپ قېلىۋې-
رىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇلارنى XIV — XV
ئەسىرلەر ئەدەبىياتىدا كەڭ ئورۇن ئالغان «مۇھەب-

بەتنامە» (خارەزمى)، «دەھنامە» (ئەمىرى) ئەسەرلىرىگە قىياس قىلىش مۇمكىن. بۇ نامىلەردە ئۆزئارا مۇھەببەتلەشكەنلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ۋاپا ئۈمىدى، ۋەسىل ئىشتىياقى، جاپاسىز قالغان سۆيگۈ تۇيغۇسى ئۈچۈن تەنە - يالۋۇرۇشلار ۋە باشقا كەچۈرمىشلەر شارقىرىمىسى رەڭمۇرەڭ دىلكەش تەسۋىرلەر ۋاستىسىدە ئىپادەقىلىنىدۇ. داستانلاردا بولسا، ئېپىكلىق يېتەكچى ئورۇن تۇتۇشى بىلەن باغلىق ھالدا لىرىك پېرسوناژلار ئادەتتىكى تەدرىجىي ھەرىكەتتە بولغان شەخسلەرنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىشىدۇ. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نامىلەر بولسا، شۇ قەھرىمانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەپسىلاتى دائىرىسىدە بولىدۇ. ھىرقەتى داستانىدا بۇلبۇل سابانىڭ رەھنامەلىكى بىلەن گۈلنىڭ قېشىغا كەلگىنىدە، ئۇلار بىر - بىرىنى ساداقەت بابىدا سىناشقا باشلايدۇ. گۈلنىڭ سىنىغۇچى سۆزلىرىگە بۇلبۇل «سېنى دەپ دىيارىمدىن كەچتىمەن»، «جانى زارىمدىن كەچتىمەن»، «يولۇڭدا ئىختىيارىمدىن كەچتىمەن» دەپ پىدائىيلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. ھىرقەتى داستانىدىكى بۇلبۇلنىڭ بۇ سۆزلىرى لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىكى نەۋرۇز غەزەللىرىنى ئەسلىتىدۇ. نەۋرۇز نەۋشادىتىن گۈلنى ئىزلەپ فەرخارغا بارغىنىدا ئۇنىڭغا قارىتا: — «يانار ئوت ئىچرە ئۆرتەپ خانىلىقىمنى، قۇلۇڭبولدۇم قويۇپ سۇلتانلىقىمنى»، «ئەگەرچى شاھ ئىدىم، ئەمدى گەدامەن»، «غەرىبلىق دەردى بىرلە مۇبتەلامەن»، دەيدۇ[23]. ئۆزئارا مۇھەببەتلەشكەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەكتۇبلاردا ھىرقەتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىكى فەرھاد بىلەن شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى مەكتۇبلاردىنمۇ بەھرىمەن بولغانلىقى شۈبھىسىز.

ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىغا بۈيۈك سۆز سەنئىتى ئەسىرى سۈپىتىدە قاراپ، ئۇنىڭدىكى ئۇستاز ماھارەت مەكتىپىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى داستان ھېكايىسى داۋامىدىكى يەنىمۇ بىر قاتار پارچىلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇلاردىن بىرى بۇلبۇل بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق داۋاملاشقان سوئال - جاۋابلار ئېيتىشىشدۇر. سابا ئۆز ساياھەتلىرى داۋامىدا گۈلشەندە قىزىلگۈل بىلەن تونۇشۇپ، ئۇ يەردىن چىقىپ بۇلبۇل ئاشىيان قۇرغان چىمەنگە بارىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىلگۈل توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇلبۇل بولسا، سابادىن ئاڭلىغان تەرىپ - تەۋسىپلەرگە مەھلىيا بولۇپ شۇئان يولغا چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن گۈلنىڭمۇ خاھىش - ئىرادىسىنى بىلمەكچى بولىدۇ. گۈلنىڭ ئىللىق ۋە سەمىمىي سۆزلىرىنى ئىشتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يولغا چىقىدۇ. ھىرقەتىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، گۈلمۇ بۇلبۇلغا بىردىنلا ئىشەنچە - ئىختىيارىنى بېرىپ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىشلىرى جىددىي، لېكىن سەمىمىي سوئال - جاۋابلار بىلەن ئۆتىدۇ. شۇ ئەسنادا بۇلار بىر - بىرىنى يېقىندىن چۈشىنىشكە باشلايدۇ، مۇھەببەت يۈكسەك سىناقتىن ئۆتىدۇ.

ھىرقەتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدىكى دىئالوگلار نەۋائىنىڭ «فەرھاد - شىرىن» داستانىدىكى فەرھاد ۋە خۇسرەۋ سوئال - جاۋابلىرىنىڭ تەسىرىدىن يېزىلغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھىرقەتى ئەسىرىدە بۇنداق سوئال - جاۋابلار ئىككى قېتىم ئۇچرايدۇ. ئۇلاردىن بىرى دەسلەپ سابا بۇلبۇل ياشاۋاتقان گۈلزارغا بارغىنىدا يۈز بېرىدۇ. بۇلبۇلنىڭ چىمەندىكى خۇشئىلھام، بىراق ئاشىقانە سايراشلىرىنى ئاڭلىغان سابا ئۇنى ئۇزاق سۇئالغا تۇتىدۇ.

ھىرقەتى بۇ دىئالوگنى يارىتىشتا نەۋائى داستانىدىكى ئېيتىشىشنىڭ تاشقى مۇۋاپىقلىقىنىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەزمۇن ئاھاڭداشلىقىنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا، ۋە ئەينى چاغدا ئورىگىنال (ئۆزىگە خاس) گۈزەل بىر مەنزىرە يارىتىشقا تىرىشقان ۋە بۇنىڭغا ئېرىشكەن.

مەلۇمكى، نەۋائى داستانىدا خۇسرەۋنىڭ بىرىنچى سوئالى فەرھادنىڭ ۋەتىنى - ماكانىنى سوراشتىن ئىبارەت بولىدۇ، دېدى: قايدىنسەن، ئەي مەجنۇنى گۇمراھ؟ فەرھاد خۇسرەۋنىڭ بۇ سۇئالىغا «ئەخمەق بولمىساڭ شۇنداق سوئال بېرەرمىدىڭ» دېگەندەك زەھەرخەندىلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ:

دېدى: مەجنۇن ۋەتەندىن قايدا ئاگاھ[24].

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدىمۇ سابانىڭ بۇلبۇلغا دەسلەپكى سوئالى نەۋائى تەلقىنلىرىگە ئاھاڭداشتۇر:

دېدى: قايدىن بولۇرسەن مۇرغى خۇشخان؟

بۇلبۇلنىڭ جاۋابىمۇ نەۋائىچە:

دېدى بۇلبۇل: مەكانىنى ئىرەمەس ئەيان[25].

تۆۋەندىكى سېلىشتۇرۇشمۇ ھەر ئىككى ئەسەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى كۆرسەتكۈچى مۇھىم دەلىللەردۇر.

نەۋائى:

دېدىكىم، ئىشق ئوتىدىن نە فەسانە،

دېدى: كۆيمەي كىشى تاپماس نىشانە[26].

ھىرقەتى:

دېدى: شەرھ ئەيلەگىل ھالىڭ خەرابى،

دېدى: ئىشق ئوتىدىن باغرىم كەبابى[27].

نەۋائى:

دېدى: بۇ ئىشقىدىن ئىنكار قىلغىل،

دېدى: بۇ سۆزنى ئىستىغفار قىلغىل[28].

ھىرقەتى:

دېدى: بۇ ئىشق ئوتۇن جانىدىن ئۆچۈرگىل،

دېدى: بۇ سۆزنى كۆڭۈلدىن كۆچۈرگىل[29]،

نەۋائى:

دېدى: فاي چاغدىن ئولدۇڭ ئىشق ئارا مەست،

دېدى: رۇھ ئەرمەس ئەردى تەنگە پەيۋەست[30].

ھىرقەتى:

دېدى: شەرھ ئەت مەي پەيمانەسىدىن،

دېدى: ئىچتىم ئەزەل مەيخانەسىدىن[31].

بۇ پارچىلاردىكى پەرق شۇنىڭدىكى، نەۋائى داستانىدا بىر - بىرى بىلەن ھەر تەرەپلىمە مۇخالىپەتتە بولغان كۈچلەر ئۇچراشسا، ئۇلار خۇددى ئات ئۈستىدە تۇرغان قىلىچبازلاردەك بىر - بىرىگە ئەسلا يان بەرمەي سۆز تىغى بىلەن ھەملە قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، ھىرقەتى داستانىدا سابا سوئال - جاۋاب ئەسناسىدا بۇلبۇلنىڭ سىررۇ ئەسرارىدىن تولۇق خەۋەردار بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋابلارمۇ كۆپىنچە نازاكەتلىك سۆزلەر بىلەن داۋاملىشىدۇ. مەسىلەن، سابانىڭ:

… نە ۋەجھدىن ئەيلەرسەن ئەفغان، —

دېگەن سورىقىغا بۇلبۇل:

بىر گۇل ئۈچۈن باغرىم مېنىڭ قان[32]

دەپ جاۋاب بېرىدۇ…

سابا بۇلبۇلغا قارىتا:

…ئەي قۇش مەنگە ۋەسفى بەيان ئەت، —

دەپ بەرگەن سورىقىغا بۇلبۇل:

…چېھرىمنى كۆر، سىررىم ئەيان ئەت،[33]

دەپ خەلقىنىڭ «چىراي كۆرۈپ، ھال سورا» ئىبارىسىگە ئىشارە قىلىدۇ.

ھىرقەتى داستانىدىكى بۇلبۇل بىلەن سابا ئوتتۇرىسىدا بولغان تۆۋەندىكى سوئال - جاۋاب مىسرالار كىشىدە ئاشىقلارنىڭ مۇڭداشقىنىدەك تەسىرات قالدۇرىدۇ. جۈملىدىن سابانىڭ بۇلبۇلغا قارىتا: سېنىڭ دەردىڭ ئالەمنى ئۆرتەيدۇ، چۈشكۈن ھالىڭنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەرگىن، — دېگەن سوئالىغا ئۇ: —سەن بىلەرمەنلىك بىلەن سۆزلىدىڭ، باغرىم ئىشق ئوتى بىلەن كاۋابتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھىرقەتى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ مەنىۋى ئالىمىنى ئېچىپ بېرىدىغان سادda، ئەينى چاغدا پەۋقۇلئاددە شېئىرىي تەپسىلاتلار ئىزلەپ تاپىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن سوئال - جاۋابلارنىڭ تەسىر كۈچىنىمۇ، ئۇنىڭ بەدىئىي سالمىقىنىمۇ ئاشۇرىدۇ، شۇ جەھەتتىن تۆۋەندىكى مىسرالار ناھايىتى خاراكتېرلىكتۇر.

سابا:

دېدى: ئەي خەستە، ھالىڭ نە كېچەدۇر.

بۇلبۇل:

دېدى: غەمدىن مەنگە كۈندۈز كېچەدۇر[34].

سابا ئۆزىنى بىلمەسلىككە سېلىپ يەنە سوئال سورايدۇ:

دېدى: جانىڭغە بۇ ئوتنى نە ياقتى.

بۇلبۇلمۇ ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ مۇددىئاغا كۆچىدۇ:

دېدى: بۇ كۆز بىنەگاھ گۈلگە باقتى[35]

سابا بۇلبۇلنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئىشارەت قىلىپ ئېيتىدۇ:

دېدى: نە ۋەجدىن كۆكدۇر بۇ پەيكەر[36].

بۇلبۇلمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى تاپقۇرلۇق بىلەن جاۋاب قىلىدۇ:

دېدى: ئوتدۇر ئىچىم، بىل، تاشىم ئەخگەر[37].

داستاندا ئاشۇ ئېيتىشىش لەۋھەلىرىدە تۆۋەندىكى مىسرالارغا كۆزىمىز چۈشىدۇ.

دېدى: جىسمىڭ نەدىندۇر پەچ - تابى،

دېدى: جامىمدەدۇر مېھنەت شەرابى.

دېدى: كۆيدۇردى تەسىرى فىغانىڭ،

دېدى: ئىشق ئوتىدىندۇر ئەسلى ئانىڭ[38].

بۇ پارچىدا «جىسمىدىكى پەچۇتاپ جانىدىكى مېھنەت ئازابى تۈپەيلىدۇر، پىغانىڭ كۆيدۈرگۈچى تەسىر كۈچى ئىشق سەۋەبىدىندۇر» دېيىلىشى ھىرقەتنىڭ پۈتۈن داستان روھىغا سىڭدۈرۈلگەن

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ يارقىنراق ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدىكى ئىككىنچى ئېيتىشىش (سوئال - جاۋاب) بىۋاستە تۈردە گۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئىلگىرى گۈلىقەھقەھ ۋە باشقا گۈللەرگە ئاشىق بولۇپ، ئۇلارنى ۋەسپ ئېيتىپ يۈرگەن بۇلبۇل چىن ئاشىقلىقنىڭ كەيپىياتىنى ئەندىلا سېزىشكە باشلايدۇ.

تۆۋەندىكى مىسرالاردا شۇ ھال كۆزگە تاشلىنىدۇ.

دېدى: نەدىن بولۇبدۇر رەڭگى زەردىڭ،
دېدى: جانىمنى ئۆرتەر ئىشق دەردىڭ.
دېدى: نەدىن توشۇندۇر جىسمى زارىڭ،
دېدى: سانچىلدى ھەردەم تەنگە خارىڭ[39].

سوئال - جاۋاب ئەسناسىدىكى:

دېدى: نوش ئەتمەيىن شېرىن زۇلالىڭ[40].

دېيىلىشى ۋە گۈلنىڭ «نېمىشقا كۆز ياشلىرىڭ لەئلىگە ئوخشاش قاندەك قىزىل» دېگەن سوئالىغا بۇلبۇلنىڭ «چۈنكى جىگىرىم قاندۇر» دەپ جاۋاب بېرىشى بۇلبۇلنىڭ ھاياتىنىڭ نافاسەت گۈلىگە ئاشىقلىقى بەلگىسى بولۇپ قالغان باتىنىدا شائىر باتىنىي مەزمۇن بىلەن ئاللاھقا بولغان بۈيۈك ئىشقىنىڭ زەۋقى ۋە مۇشەققىتىنى كۈيلەيدۇ. بىز بۇ ھەقتە ھىرقەتى داستانىنىڭ مۇقەددىمە بابىدىكى مۇھەببەت مېھنىتى (سۆيگۈ جاپاسى) توغرىسىدا بايان قىلىنغان پىكىرلەرگە تايىنىپ مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بۇ يەردە يەنە شۇ مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ھىرقەتى داستانىنىڭ غايىۋى مەزمۇنى توغرىسىدا سۆزلىگەندە بۇ ھالەتلەرنى تەكىتلەش ئەسەرگە بىر تەرەپلىمە ياندىشانلىق بولىدۇ. ھىرقەتى ئۆز ئەسىرى ۋەقەلىرى داۋامىدا بۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشنىمۇ ئۇستاز نەۋائىدىن ئۆگەنگەن. بۇ خۇسۇستا نەۋائى داستانىدىكى «دېدى: قاي چاقدىن ئولدۇڭ ئىشق ئارا مەست، دېدى: رۇھ ئەرمەس ئەردى تەنگە پەيۋەست.» مىسرالىرىنىڭ ھىرقەتى داستانىدىكى «دېدى: شەرھ ئەت مەي پەيمانەسىدىن، دېدى: ئىچتىم ئەزەل مەيخانەسىدىن.» بېيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش ياخشى مىسال بولالايدۇ.

يۇقىرىدىكى چېكىنىشلەردىن كېيىن يەنە ئەسەر ۋەقەلىرى تىزمىسىنىڭ تەھلىلىگە ئۆتىمىز. ئەسلىنى ئالغاندا يۇقىرىدا سابا ۋە بۇلبۇل، گۈل ۋە بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى ئېيتىشىشلاردىن كېلىپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر - مۇلاھىزىلەر مەۋزۇدىن چەتلىشىش ئەمەس، بەلكى داستاندا مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايىۋى نىيەتنى روشەنلەشتۈرۈش، ئۇنى شەرھلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئەسلىدە، داستان ھېكايىسىنىڭ راۋاجلىنىپ بېرىشىمۇ شۇ پىكىرنى ئاساسلاشقا خىزمەت قىلىدۇ.

داستان ۋەقەلىرىنىڭ كېيىنكى ئېقىمىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇلبۇلنىڭ چىن ئاشىقلىقى، ئۆز ئىشقىدا پىدائىيلىقىنى چۈشەنگەن گۈل ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق بىلەن قاراشقا باشلايدۇ. بۇلبۇلنى «مېھرىبانىم» دەپ ئاتايدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا ئەھدلىشىشلەر باشلىنىدۇ. لېكىن كۆپ ئۆتمەي بۇلبۇلنىڭ چىدامسىزلىقى، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئاجىزلىقى بىلىنىدۇ. ئۇ قىزىلگۈلنىڭ تىكىنىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىدۇ. «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل قىزىلگۈل قەدرىگە يەتمەس» دېگەن ماقال مەزمۇنىدىكى ھالەت يۈز بېرىدۇ. گۈلگە يېتىشمەكنىڭ ئۆزى مۇشەققەت. ئەمدى ئۇنىڭ تىكىنى زەخمەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بۇلبۇل ھەقىقىي ئاشىق ئەمەس، بەلكى ھەردەمخىيالدۇر. بۇلبۇلنىڭ ئۆزىنى بۇنداق تۇتۇشى، ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىكى يەڭگىلتەكلىك گۈلنى قاتتىق رەنجىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا گىناخانلىق - ئۆچەكىشىش باشلىنىدۇ، بىر بىرىنى كەمسىتىدىغان گەپ - سۆزلەر بولىدۇ. مانا شۇ ئۆتە زىددىيەتلىك، كۆڭۈلنى ئۆرتىگۈچى جۇدالىق دەملىرىدە سابا يەنە ۋەقەگە ئارىلىشىدۇ. ئۇ بۇلبۇل بىلەن گۈلنى بولار - بولماس ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىشكە، پىدائىي ئاشىقلىق يولىدا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. سابانىڭ پەند - نەسىھەتلىرى ۋە ئورنىنى تېپىپ «دوست يىغلىتىپ سۆزلەيدۇ» مەزمۇنىدىكى خىتابلىرىدىن ئويلىنىپ قالغان بۇلبۇل گۈلنىڭ ئالدىغا يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈل ھوزۇرىغا قايتا كېلىپ قىلغان يالۋۇرۇش - ئۆتۈنۈشلىرىدە سۆيگۈگە ئېتىقاد، ۋاقىتلىق ئاراز ۋە ئادىشىشلىرىغا بولغان پۇشايمان، ۋەسل دەملىرى ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسىتىش بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلبۇلنىڭ شۇ دەملەردىكى ئەرزنامىسى بىۋاستە تۈردە نەۋائى داستانىدىكى فەرھاد ۋە شېرىن مەكتۇبلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

گۈلنىڭ يۈرەك خىتابلىرىغا قۇلاق سالايلى:

دېدى: ئەي بۇلبۇلى زارىم، نېچۈكسەن،
فىراق ئىلكىدە ئەفگارىم، نېچۈكسەن؟
مەنگە ئەردىڭ جەھاندە يارى دىلدار،
جەمالىم بەيشىگە ئەردىڭ خەرىدار.
فىراق ئىچرە سەنىڭ ھالىڭ نە كەچتى،
غەمىم بىرلە مەھۇ سالىڭ نە كەچتى؟[41]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇلبۇلنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بەئەينى فەرهادنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ:

كېچە - كۈندۈز قىلىپ ھەجرىڭدە زارى،
كۆڭۈلنىڭ يوق ئىدى سەبرۇ قەرارى.
خىيالىڭ تىغ ئۇرۇپ، جاندىن ئاقىپ قان،
نەزەرگاھىمدە بولدى ئۇل گۈلىستان.
مەنگە سەندىن بۆلەك جانان كېرەكمەس،
بۇ كۆڭلۈم تەختىگە سۇلتان كېرەكمەس.
ئاياغىڭ تۇپراغى گەۋھەردىن ئارتۇق،
غەمىڭ زەھرى مەنگە كەۋسەردىن ئارتۇق㊷
.

داستان بۇلبۇل ۋە گۈلنىڭ ھىجرانلىق كۈنلىرىدىن كېيىنكى خۇشبەخت دەملىرى تەسۋىرلىرى بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

بۇلبۇلنىڭ پۈتكۈل شەرق شېئىرىيىتىدە گۈلنىڭ پىداكار ئاشىقى سۈپىتىدە كۈيلىنىپ كەلگەنلىكى، ئىشقىي - رومانتىك داستانلارنىڭ قەھرىمانلىرىنى بۇلبۇلغا ئوخشىتىشى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەنئەنىدۇر. لېكىن شۇ گۈلگە ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قونغىنىچە تاڭنى كۈتۈۋالغۇچى سايرىغۇچى بۇلبۇلغا تىل ئاتا قىلىنغان بولسا، ئۇ ئۆز مەشۇقەسى گۈل ھۇزۇرىدا قەلبىنى قانداق ئىزھار قىلار ئىدى، نېمىلەر دېگەن بولۇر ئىدى؟ سۆيگۈ ھەسرەتلىرىنى، ۋىسال زەۋقلىرىنى قانداق ئىپادە قىلار ئىدى؟ شەرق ئەدىبلىرى بۇلبۇلنىڭ مەجازىي ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە تەرجىمانلىق قىلدى. ئەگەر لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا بۇلبۇل ئوبرازى ئادىمىلىك شەنىنى يۈكسەك بىلىپ، خەيرلىك ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر پىدائىي دوست سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلسا، كېيىنچە ئۇ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ئوخشاش ئەسەرلەردە مەركىزىي قەھرىمان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئىستىبداتلىق ئۇيغۇر شائىرى ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنى شۇ مەۋزۇدىكى باشلاپقى ئەسەرلەردىن بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇلبۇل «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تەدرىجىي تاكامۇللىشىش يولىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئوقۇرمەن باشتا ئۇنى ئۆزى ماكانلىغان چىمەندىكى گۈلقەھقەھگە مەپتۇن بولغان ھالدا ئۇچرىتىدۇ. بۇلبۇل گۈلقەھقەھنى گۈللەرنىڭ شاھى دەپ چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ كۆركىنى ھەممىدىن ئەلا دەپ بىلىدۇ. ئۇ سابا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنلا چىمەننىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە خۇشبۇي گۈلى قىزىلگۈل ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، قىزىلگۈل بىلەن دەسلەپكى ئۇچراشقان چاغلىرىدا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. نازاكەتلىك قىزىلگۈلنىڭ نازۇ تاغافىللىرىنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇھەببەتنىڭ مېھنەت - جاپاسىنى كۆتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

شۇ ئورۇندا ئۇلۇغ ئازەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجەۋىنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىدىكى خۇسرەۋ ئوبرازى يادىمىزغا كېلىدۇ. داستانىنىڭ مەركىزىدە خۇسرەۋ بىلەن شېرىننىڭ ئىشقىي كەچۈرمىشلىرى تۇرىدىغىنى كىتابخانلارغا مەلۇم. لېكىن گەپ شۇنىڭدىكى، شاھزادە خۇسرەۋ پەرۋىز يۈسۈپ سۈپەت گۈزەل يىگىت بولۇشىغا قارىماي، خاراكتېر جەھەتتىن زەئىپ، شەخسىيەتچى - مەنپەئەتپەرەست ۋە مۇھەببەتتە تۇراقسىز - ئۈچمە كۆڭۈل شەخس سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىدىن بولغان شاپۇردىن تاغلار مەملىكىتىدە ياشىغۇچى ناھايىتى گۈزەل شېرىننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولىدۇ. نىھايەتتە ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا سۆيگۈ ۋە ساداقەت ئەھدلىشىشلىرى بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، خۇسرەۋ ئاتا تەختىنى ئىگىلەش يولىدىكى كۈرەشلەردە بوشاڭلىق قىلىپ، مەملىكەتتىن قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ ياردەم تىلەپ رۇم پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان چوڭ ياردەم بەدىلىگە ئۇنىڭ قىزى مەريەم بىلەن توي قىلىشىپ قايتىپ كېلىدۇ. خۇسرەۋ كېيىنچە يەنە شېرىنغىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئىسفاھان مەلىكىسى شەكەرگە ئۆيلىنىدۇ ۋە كۆپ ئۆتمەي ئۇنىمۇ تاشلاپ كېتىدۇ. داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، ئەنە شۇ ئۆز قاراشلىرىدا ئىككىلىنىپ تۇرغۇچى، ئۈچمە كۆڭۈل خۇسرەۋنى شېرىن ئۇزاق داۋاملاشقان ئىشقىي سەرگۈزەشتلەر داۋامىدا قايتا تەربىيىلەيدۇ. يەنىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، يارقىن مۇھەببەت خۇسرەۋنى ھەممە زىددىيەتلەردىن خالى قىلىدۇ. ئۇ دۆلەت ئىشلىرىدىمۇ، شېرىنغا بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ بىر يېڭى ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا يېقىن بىر غايىۋى نىيەت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. يۇقىرىدا داستان تەھلىلى داۋامىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇلبۇلنىڭ باشتا گۈلقەھقەھگە مەيل بىلەن قاراپ، كېيىن قىزىلگۈلنى ئىزلەپ كېتىشى، كۆپ ئۆتمەي قىزىلگۈلنىڭ تىكىنىنى باھانە قىلىپ ئۇنى تاشلاپ كېتىشى ھەققىدىكى بايانىنى ئەسلەڭ. بۇ ئورۇنلاردا بۇلبۇلدىكى ئاغمىچىلىق، چىدامسىزلىق، يەڭگىلتەكلىك خۇسرەۋ ئوبرازىنى ئەسلىتىدۇ. ئاقىۋەتتە «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىدىكى شېرىن ئوبرازىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قىزىلگۈلنىڭ مۇھەببىتى غالىپ كېلىدۇ. باشقىچە

ئېيتقاندا، قىزىلگۈلگە بولغان مۇھەببەت بۇلبۇلنى قايتا تەربىيىلەيدۇ. مۇھەببەتنىڭ مېھنىتى ئۇنى يۈكسەك مەقسەتلەرگە باشلاپ ماڭىدۇ.

دېدىكىم گۈلگە: ئەي رۇخسارى ئاتەش،
باشىڭدىن ئۆرگىلەي، ئەي نۇتقى دىلكەش.
مېنىڭ سەن ئىككى ئالەم دىلنەۋازىم،
سېنىڭ ئۇچۇن دۇرۇر سۆزۇ گۇدازىم.
سېنىڭ دەردىڭ مەنگە دەرماندىن ئارتۇق،
سېنىڭ ئۆلتۇرگەنىڭدۇر جاندىن ئارتۇق㊸

ھىرقەتى بۇلبۇل ئوبرازىنى ياراتقىنىدا، ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىپ، ئاشىقلىق كۈيلىرىنى كۈيلەش ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مەزمۇنىدۇر دېگەن غايەنى بەدىئىي رەڭدار تەسۋىرلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شائىر بۇلبۇلنىڭ كۆلرەڭ تېنىگە ئىشارە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يالقۇن، چوغ بار، يۈزى، تېنى بولسا شۇ چوغ ئۈستىدىكى كۈلدۇر، دەيدۇ.

قۇرئان ۋە ئىنجىللاردا ئېيتىلىشىچە، داۋۇد پەيغەمبەر ناھايىتى يېقىملىق يۇقىرى ئاۋاز ئېگىسى بولغانىكەن. ئۇ ئۆزىگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن «زەبۇر» كىتابىنى ئوقۇغان چېغىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلار ئىكەن. ھىرقەتى بىر ئورۇندا بۇلبۇل تىلىدىن ئەنە شۇ داۋۇد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئەسلەيدۇ. بۇلبۇل گۈلگە ئۆز سۆيگۈ ھېسلىرىنى بايان قىلغىنىدا، مېنىڭ ئىشىم سېنىڭ ئۇچۇن كۈيلەش ۋە نالە قىلىشتۇر. مەن شۇ داۋۇد سازىم بىلەن جاھان خەلقىنى سۇ قىلىپ ئېرىتمەكتىمەنۇ، ئەمما سېنىڭ كۆڭلۈڭ يۇمشىمايدۇ، دەپ تەسۋىرلەيدۇ. داستاندىكى بۇ تەپسىلاتلار كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا بۇلبۇل ئوبرازىنىڭ يارقىن جانلىنىشىغا خىزمەت قىلىدۇ.

قىزىلگۈل گۈزەل مەشۇقە تىمسالىدۇر. ھىرقەتى ئۇنىڭ گۈزەل ۋە زىبالىقىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىراق قىزىلگۈل مەنىۋى ئالەمى بىلەنمۇ گۈزەل، زىبا ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئەسلەنگەن بۇلبۇل بىلەن بولغان سوئال - جاۋابلىرىدا ئۇنىڭ ئىپپەتنى يۈكسەك بىلىپ، ئەقىل ۋە تەدبىر بىلەن ئىش كۆرۈشى، بۇلبۇلنىڭ سۆيگۈ ھېسلىرىنى قەدىرلەشنى بىلىشى ئايان بولىدۇ. گۈلنىڭ ئۆز قەلبىنى ئۆزى ئېچىشى، يوشۇرۇن ھېس - تۇيغۇلىرىنى سۆيگىنىگە تۆكۈپ سېلىشى ئۇنى لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» ىدىكى گۈل، نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىكى شېرىن ئوبرازلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرىدۇ. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا تەسۋىرلىنىشىچە، گۈل بۇلبۇل بىلەن سابا ۋاسىتىسىدە ئۇچرىشىپ، كېيىنچە ئىككى ئوتتۇرىدا ئارازلىشىشلار، كېتىپ قېلىپ قايتا كېلىشلەر يۈز بەرگەن چاغلاردا چوڭقۇر كۆزىتىش بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن بۇلبۇلنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ ئەيىبدار ھېسابلايدۇ. ئۇ بۇلبۇلغا يازغان نالىسىدە «قېشىمدا بولغان چاغلىرىڭدا قەدرىڭگە يەتمىدىم، ئەرزىمنى ئىشىت، ماڭا بولغان گىنالىرىڭنى ئۇنۇت» دەپ ئەرز قىلىدۇ ۋە يەنە داۋام قىلىپ «سەن گۈلشەنگە كېلىپ مەي ئىچمەكچى بولساڭ، مەن ساڭا ساقىيلىق قىلاي» دەپ ئۈمىد سۆزلىرىنى ئېيتىدۇ.

شۇ يوسۇندا ھىرقەتى ئۆز داستانىدا بۇلبۇل ۋە گۈل ئوبرازلىرىنى ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى تەسۋىرلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش يولىدىن بارىدۇ. سابا ئوبرازى ھەققىدىمۇ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھىرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا بۇلبۇل ۋە گۈل ئوبرازلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرى ئارقىلىق يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى كۈيلەيدۇ. سۆيگۈ ۋە ساداقەتنى، دوستلۇقتا پىدائىيلىقنى ئۇلۇغلايدۇ. شائىر ئۆز ئەسىرى مەركىزىگە مۇھەببەت ئالىمىنىڭ مېھنەت ۋە مۇشەققەتلىرىدىن ئىبارەت سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش، بۇ يولدىكى توسۇق ۋە داۋانلارنى چىدام ۋە غەيرەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈش زۆرۈرلۈكى غايىسىنى قويىدۇ. بۇ غايىۋى نىيەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XVI ئەسىردىكى ھاياتى شارائىتىدا غايەت مۇھىم ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، بۇلبۇلمۇ، گۈلمۇ ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مەقسەتلەر يولىدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن، يەنى ئېزگۈلۈكنى قەدىرلەشلىرى، ياخشىلىققا ئىنتىلىشلىرى، يۈكسەك ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەرگە يۈزلىنىشلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئوبرازلىق ئىدى. ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا ئەنە شۇ ھاياتىي غايىلەرنى رەڭگارەڭ ئوبرازلار ۋاسىتىسىدە ئىپادىلەپ بېرىشتە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» داستانلىرىدىن پايدىلاندى، نەۋائىي ماھارىتىدىن مەدەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا ئەنئەنىلەرگە زور ئېتىقاد بىلەن قارىغان ھىرقەتنىڭ ئىجادىي ئىزلىنىشلىرىنىڭ مېۋىسى بولغان ئۆزىگىلا خاس ئورىگىنال قەلىمىنىڭ قۇدرىتى كۆزگە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئىزلىنىشلىرىدە نەۋائىي ئەنئەنىلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى مۇتەفلىرىدىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆلمەس مەجازىي ئوبرازلار بىلەن بېيىت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تى. مەجازىي ئوبرازلار تىزمىسىغا ئىگە بولغان
داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى.

## ئىزاھلار

①② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، ئالمۇتا، 1983 - يىل نەشرى، 72 -، 74 - بەت.

③④ ئەلىشىر نەۋائى «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، ئۆزبېكچە، VII توم، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، تاشكەنت، 1991 - يىل، 193 - بەت.

⑤⑦⑧⑨⑩⑪ «شىنجاڭ ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1957 - يىللىق 4 -، 5 - سانلار.

⑥ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، ئالمۇتا، 1983 - يىل، 75 - بەت.

⑫ ۋەلىخوجايېف، ب. «ئۆزبېك ئېپىك پوئېزىيىسى تارىخىدىن»، ئۆزبېكچە، تاشكەنت، 1974 - يىل، 57 - بەت.

⑬ ۋەلىخوجايېف ب. «ئۆزبېك ئېپىك پوئېزىيىسى تارىخىدىن»، ئۆزبېكچە، تاشكەنت 1974 - يىل، 58 - بەت.

⑭ قادىرى ر. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەۋائى ئەنئەنىلىرى»، «ئەدەبىي مىراس» تاشكەنت، 1968 - يىل، I توم، 53 - بەت.

⑮ ۋەلىخوجايېف ب. «ئۆزبېك ئېپىك پوئېزىيىسى تارىخىدىن»، تاشكەنت، 1974 - يىل، 57 - بەت.

⑯⑰ ئەلىشىر نەۋائى، «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، XI توم، تاشكەنت، 1993 - يىل، 405 - 406 - بەتلەر.

⑱ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇتا، 1983 - يىل، 76 - بەت.

⑲ «ئەسىرلەر ساداسى»، كونا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى، ئۇيغۇرچە، ئالمۇتا، 1963 - يىل، 65 - بەت.

⑳ «ئەسىرلەر ساداسى»، كونا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى، ئالمۇتا، 1963، 83 - بەت.

㉑ «ئەسىرلەر ساراسى»، 87 — 86 - بەتلەر.

㉒㉓ لۇتفى: «سەنەمەن سېۋەرىم»، ئۆزبېكچە، تاشكەنت، 1987 - يىل، 378 - بەت.

㉔ ئەلىشىر نەۋائى. «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، VIII توم، «فەرھاد ۋە شېرىن»، تاشكەنت، 1991 - يىل، 323 - بەت.

㉕ «ئەسىرلەر ساداسى»، ئالمۇتا، 1963 - يىل، 70 - بەت.

㉖ ئەلىشىر نەۋائى، «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، VIII توم، 323 - بەت.

㉗ «ئەسىرلەر ساداسى»، 72 - بەت.

㉘ ئەلىشىر نەۋائى ، «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، VIII توم، 323 - بەت.

㉙ «ئەسىرلەر ساداسى»، 72 - بەت.

㉚ ئەلىشىر نەۋائى، «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، VIII توم، 323 - بەت.

㉛ «ئەسىرلەر ساداسى»، 73 - بەت.

㉜ يۇقىرىقى ئەسەر، 70 - بەت.

㉝ يۇقىرىقى ئەسەر، 71 - بەت.

㉞㉟㊱㊲㊳ «ئەسىرلەر ساداسى» 72 - بەت.

㊴ ئەسىرلەر ساداسى، 99 - بەت.

㊵ ئەسىرلەرساداسى، 98 - بەت.

㊶ «ئەسىرلەر ساداسى»، 117 - بەت.

㊷ يۇقىرىقى ئەسەر، 122 - بەت.

㊸ «ئەسىرلەرساداسى»، 124 - بەت.

(پوچتا نومۇرى: 710032)
تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە

پەرھات جىلان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە ئۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文以《突厥语大词典》和此领域的相关研究资料为据研究马赫穆德·喀什噶里的籍贯及其活动的区域。

**Abstract**: In this article, based on the 《Big Dictionary of Turkish Language》and the relative researching materials, the writer made a study on the native place and nationality of Mahmut. Kashkari

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ ئۇيغۇرچە (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1997 - يىللىق 1 - سانىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ نەشرىيات مۇقەددىمىسى ئېلان قىلىندى. (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئىنگلىزچە مۇقەددىمە» دەپ ئاتىلىدۇ). ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى يازغان بۇ قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرنىڭ ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى دۇنياۋى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىكى، جۈملىدىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك كاتتا ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدە دىۋاننىڭ قول يازمىسىدىكى كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان تۈرلۈك خەت ئىزلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە شەرھلەنگەن. دىۋان ئەسلى نۇسخىسىنىڭ بوش ئورۇنلىرىغا يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەنە شۇ قىسقىچە خاتىرىلەر، ھەقىقەتەنمۇ، دىۋان تەتقىقاتىدىكى يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇ يېڭىلىقلار بۇ ساھەدىكى ئىلمىي خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگۈسى.

ۋەھالەنكى، دىۋان تەتقىقاتى مۇنداق ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: 1) دىۋاننىڭ تولۇق تېكىستى (كېيىنكىلەر تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان خەت ئىزلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ 2) دىۋان ئاپتورىنىڭ سالاھىيىتى ۋە دىۋاندا ئىپادىلەنگەن تىلنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسى. ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدە 1 - مەزمۇنغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلگەن، بىراق 2 - مەزمۇن نىمە ئۈچۈندۇر تەتقىقات خاراكتېرىدە ئەمەس، بەلكى خەۋەر ياكى ئادەتتىكى بايان تەرىقىسىدە قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن.

بىز بۇ ماقالىدە ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدىكى دەل ئاشۇ ئاجىز ھالقا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

* پەرھات جىلان: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى دىۋان ئاپتورىنىڭ يۇرتى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەندە «ئۇ (مەھمۇد قەشقەرى) XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارسغان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن» دېگەن بىر جۈملە سۆز بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل كۆز قارىشىنى ئىلمىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات كەلتۈرمەيدۇ. ئىنگلىزچە مۇقەددىمىگە بېرىلگەن 5 - ئىزاھتا يەنە «〈الكاشغرى〉 دېگەن تەخەللۇس تىتۇل بېشىدىلا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا بىر ئاز گۇمان بار. چۈنكى ئاپتور قەشقەردىن بولماستىن، بارسغاندىندۇر» دېيىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئىزاھتىمۇ ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى ئىسپاتلانمىغان كۆز قارىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدۇ. شۇ ئىزاھنىڭ ئاخىرىغا يەنە: «ئاپتورنىڭ (مەھمۇد قەشقەرىنىڭ) ھاياتى ھەققىدە ئومېلىئان پرىتساكنىڭ ... 〈مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر؟〉 دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن» دېگەن بىر جۈملە قوشۇپ قويۇلغان.

ئۇنداقتا بىز ئەنە شۇ «مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر؟» دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئو. پرىتساك «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسەر ۋە ئەرەب تارىخچىسى ئىبن ئەل - ئەسىرنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسلىنىپ، XI ئەسىردىكى قەشقەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نەسەبلىك باغلىنىش مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ ۋە ئاخىرى: «بۇنداق بولغاندا، ماۋارائۇننەھرنىڭ دەسلەپكى ئىستىلاچىسى (يۇسۇپ قادىرخاننى دېمەكچى — ئاپتور) نىڭ نەۋرىسى بولغان بارسغان ئەمىرى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى بولۇپ چىقتى» دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئو. پرىتساك يەنە ھۈسەيىن بىن مۇھەممەدنىڭ XI ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا «ئارسلان ئىلىك خان» ئۇنۋانى بىلەن قەشقەردىن بېرىپ، بارسغانغا ھاكىم بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ ماقالىدە، مەھمۇد قەشقەرىنى ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىنى بارسغانلىق دېيىدىغان پىكىر تىلغا ئېلىنمىغان. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكى قاراخانىلار تارىخىدىن ئېلىنغان پاكىتلار ئاساسىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

تۈركىيە ئالىمى شاكىر ئۈلكۈ تاشىرنىڭ «بۈيۈك تۈرك تىلچىسى قەشقەرلىك مەھمۇد» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەسىلە بىر قەدەر كېڭەيتىپ سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەشقەردە تۇغۇلغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى گېڭ شىمىننىڭ «قاراخانىلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ① ناملىق ماقالىسىدە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەشقەردىكى خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى نەسەب تەرتىپى بويىچە سىخېمىلاشتۇرۇپ كۆرسىتىلگەن، يەنى — يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخان، ئۇنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك خان، ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد قەشقەرى.

ئېلىمىز تارىخچىسى ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇندىمۇ يۇقىرىقىدەك كۆز قاراش تەكىتلەنگەن.

شۇنداق قىلىپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىكى مەلۇماتلار بىلەن قاراخانىلار تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا ۋە بولۇپمۇ بۇ خانلىقنىڭ XI ئەسىردىكى خانلىرىنىڭ نەسەبلىك باغلىنىشىنى ئېنىقلىغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى بارسغان بولماستىن، قەشقەر ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. ئەقەللىسى، «قەشقەرى» دېگەن تەخەللۇسنىڭ ئۆزىلا دىۋان ئاپتورىنىڭ يۇرتىنى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇ تەخەللۇس «تىتۇل بېشىدىلا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا بىر ئاز گۇمان بار. چۈنكى ئاپتور قەشقەردىن بولماستىن، بارسغاندىندۇر» دېگەن پىكىرنى چۈشىنىش تەس. ئەجەبا، ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى تىتۇلدا بىر قېتىملا يېزىلغانلىقى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بارلىق پاكىتلار، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، دىۋان ئاپتورىنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرنى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ تۇرماقتا.

ئەمدى بىز مەھمۇد قەشقەرىنى بارسغانلىق دېگەن كۆز قاراشنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. ئالدى بىلەن شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، دىۋان ئاپتورى شەرقىي قىسىم قاراخانىلار خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى. بۇ نۇقتىنى مۇشۇ ساھەدىكى بارلىق تەتقىقاتچىلار، جۈملىدىن ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرىمۇ بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. تارىخىي پاكىتلار ئەينى دەۋردىكى خان جەمەتىنىڭ قەشقەردە تۇرغانلىقى ياكى قەشقەردىن چىقىپ باشقا جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ

تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى تامامەن چۈشىنىشلىك بولۇپ، كىشىنى قايىل قىلىدۇ، چۈنكى قەشقەر شەھىرى دەسلەپتە پۈتۈن خانلىقنىڭ، كېيىنچە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئاستانىسى بولغانىدى. ۋەھالەنكى، بارسغان شەھىرى ھېچقانداق خانلىقنىڭ ۋە ياكى بىرەر مەمۇرىي رايوننىڭ سىياسىي - مەدەنىي مەركىزى بولغان ئەمەس.

بىز ئەمدى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بارسغان ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بارسغان ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بارسغان ئەفراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر». ②

بۇ تەبىر ھەرگىزمۇ مەھمۇدنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بارسغانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدۇ، بەلكى «مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقۇرغان شەھەر» دېگەن مەنىنى خېلى روشەن ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە يەنە مۇنداق بىر ماقال خاتىرىلەنگەن:

قۇشنىڭ ئەسكىسى سىغىزخان،
ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان،
يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان،
خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان.

مەھمۇد قەشقەرى بۇ ماقالنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «... ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بارسغانلىقتۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ خۇيى ئەسكى ۋە ئۆزلىرى بېخىل كېلىدۇ». ③

بۇ ماقال ۋە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى دىۋان ئاپتورىنىڭ ئەسلا بارسغانلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق دەلىللەپ تۇرىدۇ. مۇبادا مەھمۇد قەشقەرى بارسغانلىق بولغىنىدا، ئۆز يۇرتى ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان بۇنداق ماقالنى مىسالغا ئالمىغان ۋە بۇنداق چۈشەندۈرمىگەن بولاتتى. خۇسۇسەن، كىشىلەرنىڭ ئەدىيىسىدە قەبىلىۋازلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئەقىدىلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىدا ياشىغان بىر شەخسنىڭ بۇنداق غەيرىي پىكىرلەرنى بايان قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ھالبۇكى، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ دىۋانىدا «ئوپال» ④ ۋە «ئازىخ» ⑤ دېگەن يەر ناملىرىغا «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ تەبىر بېرىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە كەلتۈرۈلگەن باشقا ھېچقانداق يەر - جاي ناملىرىغا بۇنداق تەبىر بېرىلمەگەن. دېمەك، بۇ ئىككى تەبىرمۇ دىۋان ئاپتورىنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، چۈنكى ئازىخ (ھازىر - ئازىق) ئوپالدا، ئوپال قەشقەردە.

بىز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىنمۇ ۋە باشقا ھەر قانداق مەنبەدىنمۇ «قەشقەرلىق» تەخەللۇسىنى قوللانغان مەھمۇدنىڭ بارسغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىرەرمۇ پاكىت تاپالمايمىز. ئەكسىچە، بارلىق پاكىتلار بۇ زاتنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرىدۇ.

ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدە يەنە مۇنداق بىر جۈملىنى كۆرىمىز: «مەھمۇد قەشقەرى شۇ يەردە (بارسغاندا) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋارائۇننەھرگە ھۆكۈمران بولغان قاراخانىلار سۇلالىسى جەمەتىگە مەنسۇپ». مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «قاراخانىلار سۇلالىسى جەمەتىگە مەنسۇپ» بولغانلىقىدا شەك يوق، لېكىن «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋارائۇننەھرگە ھۆكۈمران بولغان» شۇ قاراخانىلارنىڭ چوڭ خاقانلىرى بارسغاندا ئەمەس، بەلكى قەشقەر ۋە بالاساغۇندا تۇرغان. مىلادى 1042 - يىلى قاراخانىلار خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن شەرقىي قىسىمدىكى «ھۆكۈمرانلار» قەشقەردە، غەربىي قىسىمدىكىلىرى سەمەرقەنتتە تۇرغان. بارسغاندا بۇنداق ئالىي «ھۆكۈمرانلار» ئەمەس، ئىككىنچى دەرىجىلىك خانلاردىن ئىبارەت بولغان ئىلىك خانلار ئىش باشقۇرغان.

ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئىپادىلەنگەن تىل ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئاپتور (مەھمۇد قەشقەرى) ئۆزى تەسۋىرلىگەن تىلنى (تۈركىي) دەپ ئاتايدۇ. بەزى سۆزلەرگە (خاقانىيە) تىلى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ (قاراخانىلار ئوردىسى) غا خاس سۆزلەر دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن قاراخانىلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى چىگىل قەبىلىسىنىڭ تىلى ئاساس قىلىپ ئېلىنغان». ئەپسۇسكى، بۇ كۆز قاراشمۇ ھېچقانداق تارىخىي پاكىت ياكى تىل ماتېرىياللىرى بىلەن ئىسپاتلانمىغان.

رۇس تۈركولوگ ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ «تۈركىي تىللار» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە دىۋاندىكى تىل توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك نۇقتىئىنەزەرلەر بايان قىلىنىدۇ:

«مەھمۇد قەشقەرى سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل دىۋاندا تۈركىي تىل ياكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇنداقلا، قىپچاق، ئوغۇز تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تىللار ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ...

ئۇ زاماندىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى، ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىللار تىزىملىكىدە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇر - قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى»⑥.

بىز ئەمدى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى چىقىش قىلىپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى.

XI — XII ئەسىرلەر تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئۆتكۈنچى دەۋردىن ئىبارەت. XI ئەسىردىن ئىلگىرى بارلىق تۈركىي تىللار ئۇيغۇر - ئوغۇز ئەدەبىي تىلىنى مەركەز قىلاتتى. XI ئەسىردىن باشلاپ ئىككى مەركەز، يەنى ئىككى خىل ئەدەبىي تىل شەكىللىنىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر - قارلۇق تىلى، ئىككىنچىسى ئوغۇز - تۈركمەن تىلىدىن ئىبارەت. XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن ئېتىبارەن ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ، يېڭى بىر سىياسىي - ئىجتىمائىي گەۋدىنى تەشكىل قىلغان سالجۇقىلار سۇلالىسىنى شەكىللەندۈرۈشى نەتىجىسىدە بۇ خىل بۆلۈنۈش تۈركىي تىللار قۇرۇلمىسىدا يەنىمۇ مەركەزلىك ئىپادىلەندى. بۇ دەۋردە ئوغۇز تۈركۈمى ئىچىدىن يەنە قىپچاق تىلى ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان بولسىمۇ، كېيىنكىسى تېخى رەسمىي ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

روسىيە ئالىمى ئا. سامويلوۋىچ XI ئەسىردىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلنى «قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار تىلى» دەپ ئاتايدۇ.⑦ ئاتاقلىق قازاق تىلشۇناس ئا. قايداروۋ ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ئەسىرىدە ئۇيغۇر - ئوغۇز ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا «ئالتۇن يارۇق» تۇرپان تېكىستلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭ تىلى ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، خاقانىيە (ئۇيغۇر - قارلۇق) ئەدەبىي تىلىغا بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئاتاقلىق رۇس تىلشۇناس ئا. م. شېرباكمۇ يۇقىرىقىدەك پىكىرلەرنى قۇۋۋەتلەپ، قاراخانىلار تىلىنى« XI — XII ئەسىرلەردىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان قارلۇق - ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتايدۇ.⑧ «ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گراماتىكىسى»نىڭ كىرىش قىسمىدىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش پىكىر بايان قىلىنىپ: «قاراخانىلار دەۋرىدە ماۋارائۇننەھىر ۋە قەشقەردە قارلۇق - ئۇيغۇر ۋە قىسمەن قىپچاق - ئوغۇز ئۇرۇقلىرى تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي ئەدەبىي تىل مەۋجۇت ئىدى» دېيىلگەن.

«دىۋاندا چىگىل تىلى تەسۋىرلەنگەن» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ خىل كۆز قاراشنى دەسلەپتە ئۆزبېك ئالىمى سالىھ مۇتەللىپوۋ 1961- يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى ئېھتىمال شۇنىڭغا ئاساسلانغان بولسا كېرەك.

دەرۋەقە چىگىل قەبىلىسى ئەسلىدە قارلۇق قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قارلۇق تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى يېقىن تۇغقان تىللار ئىدى. XI ئەسىردە قارلۇق ئىتتىپاقى بىلەن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى بىرلىشىپ، ئىلىم ساھەسىدە «ئۇيغۇر - قارلۇق ئومۇمىيلىقى» دەپ ئاتالغان زور ھەم قۇدرەتلىك سىياسىي - ئىجتىمائىي تۈركۈمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ تۈركۈم ئىچىدە يەنىلا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن «قارلۇق» ئاتالغۇسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەدرىجىي ھالدا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالدى. ئەكسىچە، «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە «چىگىل تىلى» ياكى «چىگىل تىلىغا تەئەللۇق ماتېرىياللار» ئىلىم دۇنياسىغا تېخى مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت يادىكارلىقلار ناھايىتى كۆپ، بۇ ھال، شۈبھىسىزكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىز سۆزلەۋاتقان ئاشۇ XI ئەسىردە

(باشقا دەۋرلەر توغرىسىدا سۆزلىمەي تۇرايلى) ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر ئورتاق قوللانغان ئەدەبىي تىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرىدە تەسۋىرلىگەن تىل ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى دەپ تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز⑨.

«خاقانىيە تۈركچىسى» دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، بۇ ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدە ئېيتىلغاندەك، «ئوردا تىلى» ئەمەس، بەلكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىنىڭ شېۋىسى ئىدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق⑩. «خاقانىيە» سۆزى ھەرگىزمۇ «ئوردا» مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. توغرا، بۇ سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسىدىن قارىغاندا «خاقان تۇرىدىغان ئورۇن، جاي» دېگەندەك مەنىسى بار دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. لېكىن بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «خاقان تۇرىدىغان ئورۇن» ئوردا بولماستىن، كەڭ مەنىدىكى جۇغراپىيىلىك يەر نامىنى ئىپادىلەيدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىرمۇنچە ئورۇنلىرىدا «خاقانىيە تۈركلىرى»، «خاقانىيە بەگلىرى»، «خاقانىيە خانلىرى»، «خاقانىيىلىكلەر» دېگەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ پاكىتلار «خاقانىيە» سۆزىنىڭ خانلىقنى ياكى بەلگىلىك بىر مەمۇرىي رايوننى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «-ىيە» قوشۇمچىسى مەمۇرىي بىرلىك نامىنىڭ گرامماتىكىلىق ـ مورفولوگىيىلىك شەكلىدىن ئىبارەت.

شۇنداق قىلىپ، تىلشۇناسلىق ساھەسى بويىچە تەھلىل ـ تەتقىق قىلغاندىمۇ، تارىخىي پاكىتلار بويىچە تەكشۈرگەندىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تەسۋىرلەنگەن تىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شەرقىي قىسىم قاراخانىلار خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاساسلىق ئاستانىسى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى بىر قاتار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە خېلى بۇرۇنلا ئىسپاتلىنىپ، مۇقىملىشىپ بولغان مەسىلە ئىدى. ھالبۇكى، «ئىنگلىزچە مۇقەددىمە» دىكى مەزكۇر تېمىدا سۆزلەنگەن دەلىلسىز بايانلار بىزنى بۇ ھەقتە يەنە بىر قېتىم ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان، 61 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، III توم 569 ـ بەت.
③ «دىۋان»، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 571 ـ، 572 ـ بەتلەر.
④ «دىۋان» I توم، 99 ـ بەت.
⑤ «دىۋان»، I توم، 87 ـ بەت.
⑥ ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە، 1986 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ 3 ـ بەتلەر.
⑦ ئا. بوروۋكوۋ «XII — XIII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تەپسىرىنىڭ لېكسىكىسى»، رۇسچە.
⑧ ئا. م. شېرباك «ئوغۇزنامە. مۇھەببەتنامە»، رۇسچە، 113 ـ بەت.
⑨ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىلى ئاساسىدا ھازىرقى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرى شەكىللىنىپ چىققان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىنىڭ نەسەبلىك ئەجدادى دېيىشكە بولىدۇ. ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرى ئەڭ يېقىن تۇغقان تىللار تەرىقىسىدە تونۇشتۇرۇلۇپ، تۈركىي تىللارنىڭ «ئۇيغۇر ـ قارلۇق تارماق گۇرۇپپىسى» غا كىرگۈزۈلگەن.
⑩ خاقانىيە تىلىنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ «〈تۈركىي تىللار دىۋانى〉» دا ئاساس قىلىنغان ئەدەبىي تىل -- خاقانىيە تىلى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. («ئىبراھىم مۇتىئى ماقالىلىرى»، توپلام، 110 ـ بەت).

(پوچتا نومۇرى: 830011)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

www.uyghurkitap.com



# گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ

## 3 . شىخەنزە شەھىرى

مۇھەممەت ئوسمان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «چۆلدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» دەپ تەرىپلىنىدىغان يېڭى شەھەر — شىخەنزە شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：系统叙述石河子市的历史、地理环境、社会结构和经济发展等重要情况。

**Abstrast**: In this article, the writer made a systematic description about how Shihezi Came into being and he also described its geographie environment, Social structure, economic development and Some other important aspects.

شىخەنزە شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر. ئۇ، تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكى ئىلانقابىر تاغلىقىنىڭ شىمالىي ئې-تىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە ۋە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. شەھەر-نىڭ شەرق تەرىپى ماناس دەرياسى ئارقىلىق ماناس ناھىيىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، شىمال، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرى چۆرىدەپ ساۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەھەرنىڭ غەربىتىن شەرققە ئۇ-زۇنلۇقى تەخمىنەن 19 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شى-مالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 36 كىلومېتىر بولۇپ، يەر مەيدانى 460 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

هازىر شىخەنزە شەھىرىگە تۆت مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى (يېڭى شەھەر، قىزىلتاغ، شاڭ-ياڭ، كونا بازار)، بىر يېزا (شىخەنزە) قارايدۇ. شەھەر تەۋەسىدە يەنە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى شىخەنزە باش مەيدانى، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى تەت-قىقات ئورنى، يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، مې-دىتسىنا ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 152- پولك مەيدان ۋە نۇرغۇنلىغان سانائەت، قات-ناش، سودا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بار. يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايو-نىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 7529 كۋادرات كىلو-

---

* مۇھەممەت ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

مېتىر بولۇپ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ مەيدانى ئۇ-
نىڭ %11. 6 تىنى ئىگىلەيدۇ.

شىخەنزىنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك 8
- دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى يېڭىدىن
ئېچىلغان جاي. قىسقىغىنە 47 يىل ئىچىدە، بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭى شەھەر قۇرۇلۇشى ئىش-
لىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇسىنىڭ
كۆپىيىشى ناھايىتى تېز بولدى. شەھەرنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ
1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى
552 مىڭ 509غا يېتىپ، 1949 - يىلىدىكىدىن
1381 ھەسسە ئاشتى. بۇ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە
شىخەنزە شەھىرىنىڭ نوپۇسى 242 مىڭ 700 گە
يېتىپ، 1949 - يىلىدىكىدىن 607 ھەسسە ئاش-
تى. شىخەنزە شەھىرىنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نو-
پۇسنىڭ %93. 43 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. شى-
خەنزە شەھىرى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان را-
يون. يېزا ئىگىلىك سەككىزىنچى دىۋىزىيە بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ۋە شىخەنزە شەھىرى نوپۇ-
سىنىڭ مىللەت تەركىبى بويىچە ئالغاندا، خەنزۇلار
526 مىڭ 264، ئۇيغۇرلار 5780، قازاقلار
2931، خۇيزۇلار 12 مىڭ 558، مانجۇ، موڭ-
غۇل، روس، قىرغىز، شىۋە، ئۆزبېك، تاتار قا-
تارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىڭ
976. ئومۇمىي نوپۇستا خەنزۇلار %25. 95 نى،
ئۇيغۇرلار %05. 1نى، قازاقلار %53. 0نى،
خۇيزۇلار %27. 2نى، باشقا مىللەتلەر %90. 0
نى تەشكىل قىلىدۇ. غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى
شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %05. 70 تىنى تەش-
كىل قىلىدۇ. شەھەر نوپۇسىنىڭ زىچلىقى ئەڭ
يۇقىرى بولۇپ، ھەر كۋادرات كىلومېتىرغا 6.
527 ئادەمدىن توغرا كېلىدۇ.

شىخەنزە ئەتراپى قەدىمدە كۆچمەن چارۋىچى-
لارنىڭ يايلىقى بولۇپ «يىپەك يولى» شىمالىي
تارماق يولىنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولى ئىدى. X
VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ھەربىي
جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى
ۋە ئەتراپىدىكى قوشنا رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى باغ-
لىنىشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن شىخەنزە (تاشلىق
جىلغا) گە ئاھالىلەر كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، يېزا - قىشلاقلار بارلىققا كې-
لىشكە باشلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10-
يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇ-
لۇپ، بىر تۈتاش مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرى
يولغا قويۇلغاندا، شىخەنزە ماناس ناھىيىسىگە قا-
راشلىق يېزىلارنىڭ بىرى بولغان. كېيىنچە شىما-
لىي شىنجاڭ تاش يول قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا
ئەگىشىپ مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.
40 - يىللىرىغا كەلگەندە، شىخەنزىنىڭ دائىرىسى
كېڭىيىپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىل-
لەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاتمىشتىن ئارتۇق ئا-
ئىلە جايلاشقان، يېزا - بازار ئىگىلىكى بىر قەدەر
راۋاجلانغان رايونغا ئايلاندى. 1945 - يىلى 9 -
ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بۇ جايغا ئو-
رۇنلاشقاندىن كېيىن، شىخەنزە رايونى ساۋەن نا-
ھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بازارلىق مەمۇرىي
باشقۇرۇش ئورنى قىلىنىپ بېكىتىلدى. يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى 10 - ئايدا
دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان-
دا، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بەش با-
زار (يېزا) ئۈچ رايونغا ئۆزگەرتىلدى، شىخەنزە
3 - رايون بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قى-
سىملىرى 1950 - يىلىدىن باشلاپ بۇ يەردە يېڭى
شىخەنزە شەھىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. 40 نەچچە
يىل قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇرۇنقى
شىخەنزە بازىرى ئاساسىدا يېزا ئىگىلىكىنى تايانچا،
يېنىك سانائەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، سانائەت
بىلەن يېزا ئىگىلىكى ۋە شەھەر بىلەن يېزا- قىش-
لاق بىرلەشكەن يېڭى تىپتىكى شەھەر بارلىققا كەل-
دى. شىخەنزە ئۇزاقتىن بېرى ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى-
نىڭ دىۋىزىيە شتابى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلگە-
نىدى. 1976 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى
گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىخەنزە ۋىلا-
يىتى تەسىس قىلىنىدى. شىخەنزە ۋىلايىتىگە شى-
خەنزە شەھىرى ۋە ساۋەن، ماناس ناھىيىلىرى قا-
رايدىغان بولدى. 1979 - يىلى 2 - ئايدا شىخەنزە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىخەنزە شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىۋاستە قارايدىغان بولدى، ساۋەن ناھىيىسى يەنىلا تارباغاتاي ۋىلايىتىگە، ماناس ناھىيىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارىدى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەسلىگە كېلىپ، شىخەنزە شەھىرى شەھەر بىلەن يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى بىرلەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1984 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ «شىخەنزىنىڭ تۈزۈلمىسى، ئاپپاراتى ۋە شتاتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە پارتكومى بىلەن شىخەنزە شەھەرلىك پارتكوم بىرلا ئاپپارات تەسىس قىلىپ، ئىككى ۋۇۋىسكا ئېسىپ دىۋىزىيە ۋە شەھەرلىك پارتكومىنىڭ هوقۇقىنى يۈرگۈزدى، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى جەھەتتە يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە باش شتابى ۋە شىخەنزە شەھەرلىرىگە بۆلۈنۈپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. شۇندىن ئېتىبارەن شىخەنزە شەھىرى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇ يەنىلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىۋاستە قارايدىغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ قالدى.

شىخەنزە شەھىرى ماناس دەرياسىنىڭ ئېقىندى تىنىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان، يەر ۋەزىيىتى تەكشىرەك بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 420 — 520 مېتىر غىچە كېلىدۇ. بۇ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى تىنىما تۈزلەڭلىكىنىڭ چەتلىرى يەر - ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىپ چىقىدىغان ئورۇنلىرى بولۇپ، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان بۇلاق سۇ جىلغىلىرى شەكىللەنگەن، سۇ ۋە ئوت - چۆپلىرى مول، يېرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قۇرغاق، هۆل - يېغىنى ئاز، تۆت پەسلى ئېنىق، تەقسىملىنىشى تەكشىسىز، ئەتىياز - كۈز پەسلى قىسقا، ياز پەسلى بولۇپمۇ قىش پەسلى ئەڭ ئۇزۇن؛ ئەتىياز پەسلى كۆپ، بورانلىق، ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق؛ قىش بىلەن يازنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناهايىتى چوڭ؛ يىللىق ئوتتۇرىچە هاۋا تېمپېراتۇرىسى 6.6℃، 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە هاۋا تېمپېراتۇرىسى -16.8℃، ئەڭ تۆۋەن هاۋا تېمپېراتۇرىسى 42.8℃، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە هاۋا تېمپېراتۇرىسى 24.8℃، ئەڭ يۇقىرى هاۋا تېمپېراتۇرىسى 43.1℃؛ يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 201 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1538 مىللىمېتىر؛ سوتكىلىق ئوتتۇرىچە هاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ قا تەڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولىدىغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 3428.5℃؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 171 كۈن؛ قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى 2798 سائەت؛ ئەڭ زور توپلانما قار قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىر، مۇز تۇتۇش قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىر بولۇپ، يەرنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 70 - 140 سانتىمېتىرغىچە؛ سەككىز بالدىن ئارتۇق بوران چىقىدىغان ۋاقىت ئەڭ كۆپ بولغاندا، 48 كۈنگە بارىدۇ.

ماناس دەرياسى شىخەنزە شەھىرىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبىيى. يېزا ئىگىلىكىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلار نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ماناس دەرياسىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ بىر تۇتاش نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىپ بەرگەن سۈيىنى ئىشلىتىدۇ، سانائەت ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ يەر ئاستى سۈيىدىن ئېلىنىدۇ.

شىخەنزە شەھىرى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ پولك - مەيدانلىرىنى تايانچ قىلىپ، يېنىك سانائەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، يېزا - قىشلاق بىلەن شەھەر ۋە سانائەت بىلەن يېزا ئىگـ

لىكى بىرلەشكەن، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سو-
دا، قۇرۇلۇش ۋە مۇلازىمەت ساھەلىرى ئۇنىۋېر-
سال تەرەققىي قىلغان چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە
كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى تىپتىكى
ئىقتىسادىي رايون. شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-
تونوم رايوندا يېڭىدىن سانائەت بولۇپمۇ توقۇمىچى-
لىق سانائىتى بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن قالسا
2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر.
خەلق ئىگىلىكىدە سانائەت ئاساسىي ئورۇندا، يېزا
ئىگىلىكى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر يۇڭ توقۇ-
مىچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، بوياش - توقۇش،
شېكەر ئىشلەش، يېمەكلىك، قەغەز ئىشلەش، كى-
يىم - كېچەك، ماشىنىسازلىق، بىناكارلىق ماتې-
رىياللىرى، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، سېمونت ئىش-
لەش، خىمىيە سانائەت ۋە ئىچىملىكلەر سانائىتىنى
ئاساسىي گەۋدە قىلغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش را-
يونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مۇكەممەل سانائەت
سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شە-
ھەر رايوندا يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى ۋە
شەھەرگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرى 306 گە
يېتىپ، ئۇلارنىڭ ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى پۈ-
تۈن ئاپتونوم رايون سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتىنىڭ %82 .2 تىنى ئىگىلىدى. بۇ كارخا-
نىلار ئىچىدە چوڭ تىپتىكى كارخانىدىن ئۈچى،
ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىدىن يەتتىسى، يۇقىرى
دەرىجىلىك كارخانىلاردىن 14ى بار. يۇقىرى دەرى-
جىلىك كارخانىلار ئاساسەن ئۇسكۈنىلىرى ئەڭ يې-
ڭى، سەۋىيىسى ئىلغار بولغان، مەملىكەت ۋە ئاپ-
تونوم رايون دەرىجىلىك زامانىۋى كارخانىلار ھې-
سابلىنىدۇ، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى يې-
رىك كارخانىلار يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرماقتا.
1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتتىن قارىغان-
دا، شىخەنزە شەھىرىنىڭ سانائەت ئومۇمى مەھسۇ-
لات قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇ-
لات قىممىتىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ
ئىگىلىگەن نىسبىتى %16 .84 كە يەتكەن. سانا-
ئەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 270
مىليون 910 مىڭ يۈەن گە يېتىپ، 1994 -
يىلىدىكىدىن %89 .5 ئاشقان. شىخەنزە شەھىرى-
نىڭ يېنىك سانائىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان،
سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە يېنىك
سانائەت %66 .78نى، ئېغىر سانائەت %34 .21
نى ئىگىلەيدۇ. يېنىك سانائىتىدە توقۇمىچىلىق،
يېمەكلىك سانائەتنىڭ سالمىقى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك-
نى ئىگىلىگەن. دېمەك، يېنىك سانائەت شىخەنزە
شەھىرى سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى-
گە ۋە مالىيە كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبىيىگە ئايلان-
غان.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپ-
چىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 8 - دىۋىزىيىسى
باش مەيدانى ۋە شىخەنزە يېزىسىنى مەركەز قىل-
غان، يېزا - ئىگىلىك قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋا-
پىق تەڭشەلگەن، بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلى-
مىگە ئىگە كۆپ خىل يېزا - قىشلاق كەسپىي
ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ماشىنىلىشىش ۋە
مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بول-
غان ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك. يېزا ئىگىلىك ئىقتى-
سادىي قۇرۇلمىسىدا دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋى-
چىلىق ۋە باقمىچىلىق كەسىپلىرى قوشۇمچە قىلى-
نىدۇ. شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇ-
لاتلىرىغا بولغان تەلىپى، زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ
يېزا ئىگىلىك خام ئەشيالىرىغا بولغان جىددىي ئېھ-
تىياجىنى ھەل قىلىشتا شىخەنزە شەھىرى، يېزا
ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان
ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدى-
لىنىش ئاساسىدا، شىخەنزە شەھىرىنىڭ يېزا ئى-
گىلىك قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەڭشەش ئېلىپ بې-
رىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىلگىرىكى ئاددىي قۇ-
رۇلمىسىنى ئۆزگەرتتى، كەسپىي قۇرۇلمىسىنى
تەڭشەپ، ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسپىي ساھەلەرنى
كۆچەيتىپ، ئۇنى شىخەنزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-
قىيات تەلىپى بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ناھايىتى
زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. يېزا ئىگى-
لىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى، سانائەت، بىناكار-
لىق، قاتناش - ترانسپورت ۋە سودىنىڭ راۋاجلىنى-
شىنى ئىلگىرى سۈردى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخى-
رىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتى 427 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ،

1994 - يىلدىكىدىن %17.87 ئاشقان، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى شۇ يىلدىكى شىخەنزە شەھىرىنىڭ سانائەت — يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە %15.84 نى ئىگىلىگەن. كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشەلگەن بەش كەسپىي ساھەنىڭ مەھسۇلات قىممىتى شىخەنزە شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە بەلگىلىك نىسبەتنى، يەنى دېھقانچىلىق %80.38 نى، ئورمانچىلىق %2.46 نى، چارۋىچىلىق %9.64 نى، قوشۇمچە كەسىپ %7.30 نى، بېلىقچىلىق %0.22 نى ئىگىلىگەن. دېمەك، شىخەنزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ يەر مەيدانى كىچىك، تېرىلغۇ يېرى چەكلىك بولۇپ، يېرى مۇنبەت، سۇ-تۇپراق شارائىتى ياخشى بولغاچقا، دېھقانچىلىقتا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلىرى ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ بولۇنغان. يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ شىخەنزە شەھىرى تەۋەسىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، شىخەنزە شەھىرىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 32 مىڭ 790 گېكتار بولۇپ، شەھەر يەر مەيدانىنىڭ %71.28 تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى شىخەنزە يېزىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 7367 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ %22.47 تىنى، يېزا ئىگىلىك سەككىزىنچى دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى تېرىلغۇ يەر %77.53 نى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىقتا ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا زىرائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، كېۋەز، قىزىلچا، مايلىق دان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. 1995 - يىلى 13 مىڭ 160 گېكتار (ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ %13.40) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 12 مىڭ 620 گېكتار (%38.43) يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت، 7010 گېكتار (%21.44) يەرگە كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز ۋە باشقا زىرائەتلەر تېرىلىپ، 80 مىڭ توننا ئاشلىق، 89 مىڭ 200 توننا قىزىلچا، 8573 توننا پاختا، 6642 توننا مايلىق دان ۋە 73 مىڭ 100 توننا ھەر خىل كۆكتات ئىشلەپچىقاردى.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ يەر مەيدانى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، ئوتلاق بايلىقى چەكلىك بولغاچقا، چارۋىچىلىقى دېھقانچىلىق بىلەن بىرلەشكەن ھەر خىل شەكىلدىكى باقمىچىلىق ئاساسىدىكى ئىگىلىك. چارۋا ماللىرىنىڭ سانى 80 مىڭ 801 تۇياق، چارۋىچىلىقتا قويچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. 1995 - يىلى شىخەنزە شەھىرىنىڭ چارۋا ۋە باقمىچىلىق كەسپلىرى 2902 توننا گۆش، 6102 توننا سۈت، 1263 توننا ئۇي قوشلىرى توخۇمى، 1454 توننا سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، شەھەر ئاھالىسىنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ ئورمان مەيدانى 8860 گېكتار بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي مەيدانىنىڭ %19.26 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تەبىئىي ئورمانلار بولماستىن، بەلكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق رايونىدا قايتىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە سۈنئىي ئۆستۈرۈلگەن ئورمانلارنى ئاساس قىلىدۇ. شىخەنزىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى پۈتۈنلەي ئورمانلاشتۇرۇلغان، شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش مەيدانى 730 گېكتارغا يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كۆكەرتىلگەن يەر 40.87 كۋادرات مېتىرغا، شەھەر رايونى كۆكەرتىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %41 گە يەتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 شەھەر ئىچىدە كۆكەرتىلىش مەيدانى ئەڭ كۆپ شەھەرگە ئايلىنىپ، مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىلىشتە ئىلغار شەھەرلەر قاتارىغا ئۆتتى.

شىخەنزە شەھىرى شىمالىي شىنجاڭ تاش يولى غول لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئورۇن، ئۈرۈمچى — ئىلى، ئۈرۈمچى — ئالتاي تاش يولى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بېسىپ ئۆتىدىغان جاي. شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكى 8 - دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى ھەرقايسى پولك - مەيدانلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان



www.uyghurkitap.com

قاتناش تۈگۈنى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىخەنزەنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، شەھەر رايونىنىڭ قاتناش - ترانسپورت شارائىتى ياخشىلىنىپ، تورە [illegible] قولايلاشتۇرۇلدى. شىخەنزە شەھىرى تەۋەسىدە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاش يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 272 كىلومېتىر بولۇپ، يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى ئومۇمىي تاش يول ئۇزۇنلۇقى (2341 كىلو مېتىر) نىڭ 11.62% تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۈرۈمچى — ئىلى تاش يولى شىخەنزە بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، سوتكىلىق ئوتتۇرىچە قاتناش مىقدارى 5849 ئاپتوموبىل قېتىمىدىن ئاشىدۇ. تاش يولنىڭ قالغان قىسمى شىخەنزە شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، كۈنگە 35 تاش يول قاتناش لىنىيىسىدە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكى ھەر خىل قاتناش ئاپتوموبىللىرى شىخەنزىدىن ئۈرۈمچى، 8 - دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى پولك - مەيدانلار ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قاتناپ، شىخەنزە شەھىرىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. 1995 - يىلى ئاپتوموبىللاردا شىخەنزىدىن توشۇلغان يۈكنىڭ مىقدارى 4 مىليون 681 مىڭ توننىغا، يولۇچى 3 مىليون 496 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. ھازىر يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شىخەنزە رايونىدا، 18 پولك - مەيدان. 787 روتا دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورنى ۋە شىخەنزە يېزىسىنىڭ 24 كەنتى تاش يوللار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىخەنزە شەھىرىنى مەركەز قىلغان ناھايىتى زور قاتناش تورى شەكىللەندى. قاتناش شارائىتى ياخشىلىنىپ، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى راۋاجلاشتى. بۇ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى قارمىقىدىكى پولك - مەيدان، شىخەنزە تەۋەسىدىكى يېزا - بازار ۋە قوشنا ناھىيىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىنى كۈچەيتىپ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقى 2 - كۆۋرۈكىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلىكى — شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى شىخەنزە شەھەر رايونىدىن ئۆتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر. 1995 - يىلى بۇ تۆمۈر يولدا شىخەنزىدىن 160 مىڭ 300 توننا يۈك، 136 مىڭ 400 ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇلدى. ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللەشتۈرۈپ، ماددىي ئەشيالار توشۇلۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ تۆمۈر يول شىخەنزە ئىقتىسادىنىڭ سىرتقا يۈزلىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، كەسپىي دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، مۇلازىمەت تۈرى كۆپەيدى، ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى زامانىۋىلاشتى. ئۇ، ھازىر يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى ھەرقايسى پولك - مەيدانلارنى ۋە شىخەنزە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى ھەممە بارلىق يېزا - قىشلاقلارنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىدىغان پوچتا - تېلېگراف ئالاقە تورىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ھازىر شەھەر ۋە يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى دائىرىسىدە 50 دىن ئارتۇق پوچتا - تېلېگراف ئورگانلىرى بار. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئورنىتىلغان تېلېفونلارنىڭ سانى 31 مىڭ 803 گە يېتىپ، تېلېفون سىغىمى ئاشۇرۇلدى، ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون يولغا قويۇلدى. شىخەنزە شەھىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك دىۋىزىيىلىرى بىلەن ئالاقىسى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى.

بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شەھەر — يېزا ئاھالىسى ئىستېمالىنىڭ جىددىي ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىدا، سودا - سېتىق كۆلىمى چوڭىيىۋاتقان، ئىجتىمائىي تاۋار تۈرى كۆپىيىۋاتقان، تاۋار ئوبوروتى جانلىنىۋاتقان ۋە مۇلازىمەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ھازىر يېزا ئىگىلىك رايونىنى ئۆز ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

ئالغان شىخەنزىدە شائىياڭ سودا دۇكىنى، قىزىل بايراق سودا سارىيى، بوستان سودا سارىيى، ئىتتىپاق سودا دۇكىنى، بەخت سودا سارىيى ۋە شىخەنزە شەھىرى سودا سارىيى قاتارلىق ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇنىۋېرسال سودا سارىيىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىك تەۋەلىكىدىكى 6696 سودا، مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا - سېتىق، مۇلازىمەت تورى شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سېتىق ئورۇنلىرى 54.57% نى، يېمەك - ئىچمەك تىجارەت ئورۇنلىرى 20.03% نى، ھەر خىل مۇلازىمەت ئورۇنلىرى 25.40% نى ئىگىلەيدۇ. يەنە 22 گە يېقىن بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان مۇقىم سودا بازىرى (بەشى شەھەردە، 17 سى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ پولك - مەيدانلىرىدا) قۇرۇلغان. بۇ سودا مۇلازىمەت ئورۇنلىرى شىخەنزىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ئىگىلىك رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن باغلاپ، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرماقتا. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 575 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.35% ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىگىلىكنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش قۇرۇلمىسى كۈچەيتىلىپ، تاشقى سودا قەدىمى تېزلەشتى، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، سودا شىركەتلىرى كۆپەيدى. ھازىر پاختا ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان، خەلقئارادا رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە ئەلا سۈپەتلىك 24 خىل مەھسۇلاتى 26 دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىندى. تاشقى ئىقتىسادىي سودىدا ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 300 مىڭ دوللارغا، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 340 مىڭ دوللارغا يەتتى (1995 - يىلى).

شىخەنزە شەھىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر راۋاجلانغان شەھەرلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بويىچە پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورۇنلىرى ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن جاي. تەتقىقاتى يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، تەتقىقات كەسىپلىرى بىر قەدەر يۈرۈشلەشكەن. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ۋە شەھەرگە قاراشلىق كەسىپىي تەتقىقات ئورۇنلىرى 14 كە، كەسپىي تېخنىك ۋە تەتقىقاتچى خادىملار 5224 كە يەتتى. ئالدىنقى ئون نەچچە يىل ئىچىدە پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى 415 تۈردىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭغا ئاجراتقان سېلىنمىسى 3 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدە 15 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 53 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 27 تۈر بىڭتۇەن دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 85 تۈر دىۋىزىيە - شەھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 237 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پەن تەتقىقات سېلىنمىسىدىن 68.70 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. 1995 - يىلى باھالاپ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتكەن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئىچىدە بىر تۈر مەملىكەتلىك ئەڭ ئىلغار سەۋىيىگە، بەش تۈر مەملىكەتلىك ئىلغار سەۋىيىگە، 10 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. يەنە 61 تۈر ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئىلغارى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى شىخەنزە رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ھازىر شەھەر بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن باللار مائارىپى، باشلانغۇچ مائارىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپىدىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق ئۇنىۋېرسال راۋاجلىنىۋاتقان مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. 1995 -

يىلى شىخەنزە شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 30 (مىللىي مەكتەپ ئۈچ)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 100 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 1485)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 29 (مىللىي مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 400 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 815)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 1373؛ ئالىي مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 8653؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 535؛ گاس - گاچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 80 گە يەتتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ۋە يېڭى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شىخەنزىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى. 1995 - يىلى شەھەر تەۋەسىدە ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە شەھەرگە قاراشلىق سەھىيە ئورگانلىرى 115 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 15) كە، كېسەل كارۋاتلىرى 2642 گە، تىببىي تېخنىكا خادىملىرى 3923 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1860) كە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ شەھەر ئاھالىسىگە 9.10 كېسەل كارۋىتى، 2.16 تىببىي تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى.

يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە ۋە شەھەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى مۇناسىپ ھالدا راۋاجلاندى. ھازىر شەھەر بويىچە ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن بىر، كۇتۇپخانىدىن بىر، كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىدىن ئىككى، كىنو - تىياتىرخانىدىن يەتتە، تەنتەربىيە سارىيىدىن بىر ۋە رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزور ئىستانسىسى، گېزىتخانا بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىرى بار. ئاھالىسىنىڭ رادىئو ۋە تېلېۋىزورلار بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %100 گە يەتتى.

شىخەنزە شەھىرى يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، ماناس دەرياسىنىڭ بويىدىكى كونا شىخەنزە (تاشلىق جىلغا) بازىرى ئورنىدا بارلىققا كەلگەن، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئىگە، تۇقۇمچىلىق، يېمەكلىك ۋە شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت يېنىك سانائەتنى گەۋدە قىلغان سانائەت شەھىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مەركىزى بولۇپ، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ شەرقىي رايونىدىكى شىمالىي شىنجاڭ غول تاش يولى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئارىلىقىدا مەيدانى 11.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شىخەنزە ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇنىڭغا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى. ھازىر ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق 4.9 كۋادرات كىلومېتىردىكى قۇرۇلۇشى تاماملىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىنىڭ ئوموميۈزلۈك راۋاجلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. ئۇزاققا بارمىغان بىر مەزگىل ئىچىدە شىخەنزە يېنىك سانائەتنى ئاساسىي گەۋدە، كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شەھەر فۇنكسىيىسى تولۇق، مۇھىتى گۈزەل يېڭى تىپتىكى سانائەت شەھىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇ شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. 农八师垦区石河子志,新疆人民出版社,1994.8
2. 石河子市地名图志,石河子市地名委员会,1986.12
3. 新疆年鉴 1994,新疆人民出版社,1994.8
4. 新疆年鉴 1996,新疆人民出版社,1996.8
5. 新疆统计年鉴 1992,中国统计出版社,1992.7



(پوچتا نومۇرى: 830046)


**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

www.uyghurkitap.com



# «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دىكى ئايال تەسۋىرى توغرىسىدا

قەمبەرنىسا مۇهەممەتهاجى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلار ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاياللارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاهىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文通过对维吾尔史诗《乌古斯汗传》中妇女形象的分析，提出对维吾尔先民女性崇拜思想的看法。

**Abstract**: In this article, by analysing the images of women in Uyghur historical epic 《Oghuzhan》, the author advanced her view on the feminine worsipping ideology of Uyghur ancestors.

هەممىمىزگە مەلۇم ئىنسانلار پەيدا بولۇپ هازىرغا قەدەر ناهايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا بىرنەچچە خىل جەمئىيەتنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. تارىختىن بۇيان تەبىئەت دۇنياسىدا ئاجايىپ - غارايىپ هادىسىلەر دائىم بولۇپ تۇرغان. بۇ هادىسىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىنسانلارغا بالايى- ئاپەت ئېلىپ كەلسە، بەزىلىرى بەخت ئېلىپ كەلگەن. قەدىمكى ئىنسانلار بۇ هادىسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەپەككۇرى بويىچە كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن قورققان، ئۇنى ئۇلۇغلىغان ياكى ئۇنى ئۆزىنىڭ هامىيسى دەپ تونۇغان. شۇنىڭ بىلەن هەر خىل دىنلار، هەر خىل توتېملار بارلىققا كەلگەن. هەر خىل نەرسىلەرگە تېۋىنىشمۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇ ساددا تەپەككۇرىنىڭ مەهسۇلىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار قەدىمكى، مەدەنىيەتلىك مىللەت، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خۇددى باشقا ئىنسان توپلىرىغا ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس توتېمى، ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى بولغان، ياكى تېۋىنىدىغان نەرسىلىرى بولغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن، هازىرچە ئەڭ قەدىمى بولغان بىر يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمچىلىق دەۋرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن باشقا يەنە ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئايال جىنسىغا تېۋىنىشنىڭ قىسمەن ئىپادىلىرى ئۇچرايدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئاياللار ئەڭ هۆرمەتلىك ئورۇنغا — ئىلاهىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئاياللارنى ئىلاهلاشتۇرۇش ئەرلەردىن بۇرۇنراق بولغان. «مېتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا سەنئەت ۋە قول هۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئىجادىيەتلەرنىڭ تۆهپىسى ئەر ئىلاهلارغا

* قەمبەرنىسا مۇهەممەتهاجى: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇهەررىرى.

ئەمەس، بەلكى ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپ بولغان» .

تارىختا ئاياللارنىڭ ئورنى ئوخشاش بولماي كەلدى، باشلانغۇچ ئورۇقداشلىق دەۋرىدە، ئانا جەمەت ئورۇقداشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئاياللار جەمئىيەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانىدى. «تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئاساسىي رول ئوينىغان ۋە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئىگىلىگەن سىنىپ ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ» .[1] دېمەك، باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ئاياللار ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، ئۇلار شۇ جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى بولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئاياللار باش قەھرىمان ۋە ئىلاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. «ئەپسانىلەردىكى ئايال ئىلاھلارنىڭ ئورنى بىزگە تېخىمۇ بۇرۇنقى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ئەركىنرەك ۋە ئىززەتلىكرەك ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئانىلىق ئورۇقداشلىق تۈزۈمىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغا: ئەپسانىلەردىكى ئايال ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار دۇنيانى ياراتقۇچى ئىلاھ، ئىنسانلارنى پەيدا قىلغۇچى ئەڭ بىرىنچى ئانا، ئانىلارنىڭ ئانىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

يۇنان ئەپسانىلىرىدە يارىتىلغان 12 تەڭرىنىڭ ئوبرازىمۇ ئەنە شۇ ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئانىمەستىنىك روھ سىڭدۈرۈلگەن. يۇنان ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلىنىشىچە، 12 ئىلاھنىڭ بىرى بولغان ئاتېنا ئايال ئىلاھ بولۇپ، پاراسەت ئىلاھى دېيىلىدۇ، ئۇ گرېكلارغا يىپ ئىگىرىش، رەخ توقۇش، هارۋا ياساش، كېمە ياساش، مېتال ئېرىتىش، چويۇن قۇيۇش، ئاياغ كىيىمى تىكىش، نەقىش ئىشلەش قاتارلىق ئەينى دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ئۆگەتكەنىكەن.

خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تارقالغان قەدىمكى ئەپسانىسى «ئاسمان ئىلاھى نۈيۋا» دا ئايال ئىلاھ نۈيۋانىڭ تۇنجى ئىنساننى لايدىن ياسىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئايال ئىلاھ مۇدەنچىڭمۇ ئەپسانىسىدە مۇدەنچىڭمۇ ( 牡丹青姆 ) نىڭ بېشىغا تاقىغان ئالتۇن تاغىقىنى دېڭىزغا 360 قېتىم سۇركەپ قۇياش بىلەن ئاينى ياراتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. موڭغۇللارنىڭ بىر ئەپسانىسىدە، ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىلاھىي ئانىسى مەيدىر ( 表德尔 ) نىڭ دولدۇلغا مىنىپ دۇنيانى ياراتقانلىقى ۋە ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن ئىنسانلارنى ياراتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. مانجۇلارنىڭ بىر ئەپسانىسىدە، مانجۇ مىللىتىنىڭ ئىلاھىي ئانىسى ئابۇكا خې خې ( 阿布卡赫赫 ) نىڭ توپان بالاسىدا قالغان ئىنسانلارنى قايتا ھاياتلىققا ئىگە قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، يۇقىرىقى ئەپسانىلەردە دۇنيانىڭ يارىلىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئايال ئىلاھلارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

جۈملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەپسانىلىرىدىمۇ ئايال ئىلاھ تەسۋىرلەنگەن ئەپسانىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىمۇ ئەڭ دەسلەپ ئايال ئوبرازلار گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە گەرچە ئايال ئىلاھ، ئايال تەڭرى، ئايال باتۇر ئوبرازلىرىنىڭ ئورنىنى ئەر ئىلاھ، ئەر تەڭرى، ئەر باتۇر ئوبرازلىرى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە داۋام ئەتكەن، بولۇپمۇ ئاياللارنى گۈزەللىكتە ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەش يەنىلا ئاساسىي ئېقىم بولغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دە ئايال ئوبرازى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن.

ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا، (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى.

ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان. ئۇ ساھىپجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پىشانىسىدە چوغدەك پارقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى تۆمۈر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھوشى

[1] ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن «ئاياللار ھەققىدە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى، 536 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن كەتتى، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن
بىرگە ياتتى، تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات
بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇنىڭ
كۆزى يورىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا
كۈن دەپ، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە
يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. بىر كۈنى ئوغۇزخاقان
ئوۋغا چىقتى، ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر
تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر
قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىپجامال
ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى
سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇن-
داق ساھىپجامال قىز ئىدىكى، يەر- جاھاندىكى
كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «ئاھ، ئاھ، جاننى ئالىدى-
كەن» دەرلەر ئىدى. سۈت قېمىزغا ئايلاندى. ئو-
غۇزخان ئۇنى كۆرگىنىدە ھوشىدىن كەتتى، يۈرۈ-
كىگە ئوت چۈشتى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، ئۇنى
ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتى، تىلىكىگە يەتتى،
ئۇ قىز ئىككى قات بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر
ئۆتۈپ ئۇ يەڭگىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى تۇنجىسىغا
كۆك، ئوتتۇرانجىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ
ئات قويدى. شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان چوڭ
توي بەردى، ئەل - جامائەتنى تەكلىپ قىلدى،
ئۇلار كېلىپ قاتناشتى، قىرىق شىرە، قىرىق بەن-
دىڭ ياساتتى. كۆپچىلىك تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەر-
نى يېيىشتى، تۈرلۈك مەي - شارابلارنى
ئىچىشتى». ①

ئوغۇزنامىدىكى يۇقىرىقى تەسۋىرلەردە قىز-
نىڭ كۆكتىن چۈشكەن نۇر ئىكەنلىكىنى، تەبىئەت-
تىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ قىزنىڭ چىراي
ئۆزگىرىشى بىلەن بىردەكلىكىنى ئەپسانىلەردىكى
«ئايال تەڭرى» بىلەن بېقىنلاشتۇرۇش مۇمكىن.
چۈنكى تەبىئەت ھادىسىلىرى كۆكتە تۇرىدىغان ئا-
يال تەڭرىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ
ئۆزگىرىدۇ. ئوغۇزنامىدىكى ساھىپجامال قىز ئوب-
رازى بەلكىم «ئايال تەڭرى» ئوبرازىنىڭ ئوتتۇرا
ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەكس ئېتىشى بولۇ-
شى مۇمكىن.

ئوغۇزنامىدە تەسۋىرلەنگەن قىزنىڭ دەرەخ كا-
ۋىكىدا ئولتۇرغان ھالدا تەسۋىرلىنىشى بىر تەرەپ-
تىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دەل- دە-
رەخلەرگە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى بول-
سا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاياللار-
نىڭ ھايالىق ئەزاسىنى دەرەخنىڭ كاۋىكىغا ئوخشى-
تىپ ئۇنىڭغا تېۋىنغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ھەممىگە مەلۇم، قەدىمكى ئىنسانلار تاغ باغ-
رىلىرىدا، قېلىن ئورمانلىقلاردا سۇ، ئوت - چۆپ
قوغلىشىپ ياشاپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە تې-
رىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كەڭرى كەتكەن
ئورمانلىقلار، ئېگىز تاغلار ۋە يايلاقلار ئۇلارغا مول
ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلار-
نىڭ ھاياتلىق يولىدا ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارى-
دىغان مۇقەددەس ماكانى بولغان. شۇڭا ئۇلاردا
دەل- دەرەخكە چوقۇنۇش ۋە دەل - دەرەخنى تۇتىم
قىلىش ئالاھىدە بىر خىل ئېتىقاد شەكلى بولۇپ
قالغان. دېمەك، ئۇيغۇرلارمۇ توتېمچىلىق دەۋرىدە
دەل دەرەخنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ئەجدادى دەپ قاراپ
ئۇنىڭغا چوقۇنغان. توتېمچىلىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
ئەپسانىلىرىدە دەرەخ بىلەن ئايال زىچ بىرلەشتۇ-
رۇلگەن بولۇپ، دەرەخ ئايال ئىلاھنى كۆرسەتكەن
بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۈركىي
تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا (قىسمەن
چەت، يىراق جايلاردا) قېرى يالغۇز دەرەخنى
كەسمەيدىغان، ھەتتا قېرى يالغۇز دەرخنىڭ يېنى-
دىن ئۆتكەندە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئات - ئۇلاغلار-
دىن چۈشۈپ ئۆتىدىغان، تۇغماس ئاياللار قېلىن
ئورمانلارغا بېرىپ پەرزەنت تىلەيدىغان، بولۇپمۇ
تۇغۇتى قىيىن ئاياللار ۋە كىچىك باللىرى ئاغرىپ
قالغان ئاياللار ئورمانلىقلارغا بېرىپ دەرەخلەرگە
ھەر خىل لاتىلارنى ئېسىپ، تۇغۇتىنىڭ ئاسان
بولۇشىنى تىلەيدىغان، ئاغرىپ قالغان باللىرىغا
ئاسايىشلىق ئاتا قىلىشنى ئۆتۈنىدىغان ئادەتلەر
ساقلانغان. دېمەك، دەرەخ ئېتىقادچىلىقىنىڭ
ھەممىسىدە ئانىلارنىڭ سىماسى ئەكس ئەتكەن بو-
لۇپ، ئانىلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش، پەرزەنت تەر-
بىيىلەشتەك ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى ئوبرازلىق تەس-
ۋىرلەنگەن.

«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»
دە يەنە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: ئو-
غۇزخاننىڭ بىر ئەمەلدارى ئۇرۇش جەريانىدا ئۆلۈپ
كېتىدۇ. لەشكەرلىرىگە ئەگىشىپ كېتىپ بارغان
ئۇنىڭ خوتۇنى دالىدىكى بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدا
تۇرۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ، كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى
ئوغۇز خاقانغا ئېيتىدۇ، تۈركىي تىلدا دەرەخنىڭ
كاۋىكى قىپچاق، دېيىلگەچكە خاقان بۇ ئوغۇلغا

① «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» 43 -
بەت.

قىپچاق دەپ ئات قويىدۇ.①

بىز «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ساھىپجامال قىزنىڭ دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرغانلىقى بىلەن ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرىدىن بولغان بىرسىنىڭ ئايالىنىڭ دەرەخ كاۋىكىدا تۇغقانلىقىنى بىرلەشتۇرۇپ تەھلىل قىلساق، بۇلاردا ئوخشاش ئەكس ئەتكەن دەرەخ كاۋىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. يەنى قەدىمكى ئىنسانلار دەرەخنى ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان بولسا، دەرەخ كاۋىكىغا ئاياللارنىڭ ھايالىق ئەزاسى تىمسالىدا چوقۇنغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئايال جىنسقا تېۋىنىش ئېڭىنىڭ سىمۋوللۇق ئىنكاسى بولسا كېرەك.

«ئوغۇزنامە» دىكى ساھىپجامال قىز ئوبرازى بولسۇن ياكى ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىغا سىمۋول قىلىنغان دەرەخ ئېتىقادچىلىقى قارىشى بولسۇن ئەينى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىۋاسىتە مەنپەئەتدارلىق رولى بىلەن توتېمنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن پەرەز قىلىنغان ۋاستىلىق مەنپەئەتدارلىق ھېس - تۇيغۇسىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنىڭدا ئاياللارنىڭ ئۈستۈن ئورنى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى باشلامچىلىقى، ئىنسانلارنى ئاۋۇتۇشتىكى تۆھپىسى ئىپادىلەنگەندىن سىرت، قىز ئوبرازىنىڭ شۇنچىلىك ساھىپجامال تەسۋىرلىنىشى ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىدە خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، يەنى ئىلگىرى بارلىق گۈزەللىكنى تەبىئەتتىن ئىزدىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە گۈزەللىكنى ئۆزلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاياللاردىن تېپىشقا، ئۆز جىسمىدىكى گۈزەللىك ئامىللىرىنى بايقاشقا باشلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ساھىپجامال قىز ئوبرازى مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن كۈچلۈك سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەلبىدىكى ئورنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يۈكسەك بەدىئىيلەشتۈرۈپ كۆرسىتىلگەن.

«ئوغۇزنامە» دە يەنە ئاياللارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر خاتىرە بار. يەنى «ئوغۇزنامە» دە ayk̡a دېگەن سۆزگە ئىزاھ بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: شېرباغ ئەپەندىنىڭ پىكرىچە (224 - قۇرغا بېرىلگەن ئىزاھ) ئوغۇزنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى «ayk̡an» بولۇپ ayk̡a مۇشۇنىڭدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «خان» نى قوشۇش ئادىتى بار ئىدى. بۇ نۇقتا قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.② دېمەك، ئۇيغۇرلار ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتتە خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاياللارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئىنتايىن ئۇزاق بولغان ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خۇددى بىر چەكسىز ئېپەك يىپقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقىنى يوقاتماي، باشتىن ئاخىر ئەدەبىيات سەنئىتىمىزگە ئاجايىپ گۈزەل ۋە يارقىن مەزمۇنلارنى قوشۇپ كەلدى. ئاياللار گەرچە رېئال تۇرمۇشتا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق كەمسىتىشلەردىن خالى بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئاياللارنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان ئالىيجاناپ ئورنى ئىزچىل تۈردە مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە تېخىمۇ مەدھىيىلەنگۈسى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە».

2. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن «ئاياللار ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1979 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىللىق 2 - سان.



(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى


---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، 77 - بەت.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە» 71. بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ماتېماتىكىلىق توپلام ئۇقۇم تەۋرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ھىمىت ئېلى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ماتېماتىكىلىق توپلام ئۇقۇمىنىڭ مېغىزى ۋە ھەجمى، توپلاملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر شۇنداقلا توپلام ئەمەللىرىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文简要论述数学中的集合概念的内涵和外延，集合间的各种关系以及利用集合元素进行表达的方法

**Abstract**: In this article, the writer briefly described the intension and extension of collective conception in mathematics and the various relations betveen collections. Hee also described the way to express by making use of the collective element.

مۇئەييەن تەپەككۇر جەريانىدا، ئۇقۇم بىر خىل تەپەككۇر شەكلى سۈپىتىدە ھۆكۈمنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇقۇمسىز ھۆكۈم مەۋجۇت بولمايدۇ؛ شۇنىڭدەك ھۆكۈم خۇلاسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىل بولۇپ، ئۇ خۇلاسىنىڭ مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھۆكۈمسىز خۇلاسىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ئىچىدە، ئۇقۇم ئەڭ ئاساسىي ئامىل بولۇپ ئادەتتە «تەپەككۇر ھۈجەيرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇقۇم — ئوبيېكتلارنىڭ خاس بەلگىسى ياكى ماھىيەتلىك بەلگىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇقۇم ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا ۋە ئېنىق دائىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇقۇمنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇنى بىلەن ئېنىق دائىرىسى ئۇقۇمنىڭ لوگىكىلىق ئىككى ئالاھىدىلىكى — ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئومۇمەن، مېغىزسىز ھەجىمگە ۋە ھەجىمسىز مېغىزغا ئىگە ئۇقۇم مەۋجۇت بولمايدۇ. مۇئەييەن شەرت ئاستىدا، ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمى ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا ۋە ئېنىق دائىرىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئومۇمىي لوگىكىدا ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر پەقەت ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ ھەجىملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ماتېماتىكىلىق لوگىكىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدىغان توپلام نەزەرىيىسىدىكى ئۇقۇم-- توپلامنىڭ گرافىكى يەنى ۋېئېن شەكلى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەشتىن ھەجىم ئۇقۇمى بىلەن توپلام ئۇقۇمى ئارىسىدا مۇئەييەن باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

توپلام ئۇقۇمى ماتېماتىكىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، مۇئەييەن ئالاھىدىلىككە ئىگە

* ھىمىت ئېلى: شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى.

بولغان، ئېنىق ۋە پەرقلىق شەيئىلەرنىڭ مەجمۇئى توپلام دېيىلىدۇ. دېمەك، توپلامنى تەسۋىرلىگەندە، يالغۇز ئالاھىدىلىككىلا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمايدۇ، يەنى «ئېنىق بولۇش»قا، شەيئىلەرنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلىش لازىم. ئېنىق بولۇش — شەيئىلەرنىڭ دائىرىسىنىڭ ئېنىق بولۇشىغا قارىتا ئېيتىلغان. بىر توپلامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر شەيئى شۇ توپلامغا تەۋە بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، بۇنى شۇ توپلامنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا توپلامدا چەك ئېنىق بولماسلىق، شەيئىلەرنىڭ بىر توپلامغا تەۋە بولۇش - بولماسلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولماسلىق ھادىسىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. توپلامنى تەسۋىرلىگەندە يەنە شەيئىلەرنىڭ پەرقىگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. دىققەت قىلىنمىسا، توپلاملارنىڭ كەسمىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا توپلاملارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئومۇمەن لوگىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، توپلامنى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى دېيىشكە، توپلام نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنى توپلام ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ساختا ئۇقۇمنىڭ ھەجمىدە ھېچقانداق ئېلېمېنت بولمايدۇ، بوش توپلامنىڭمۇ ھېچقانداق ئېلېمېنتى بولمايدۇ، شۇڭا ساختا ئۇقۇمنى بوش توپلام Φ بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ، مەلۇم بىر يەككە شەيئىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم خاس ئۇقۇم دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى پەقەت بىرلا يەككە ئوبيېكتتىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، ئۇنى يەككە نۇقتىلىق توپلام {α} بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ؛ ئومۇمەن ئۇقۇملار ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇئەييەن ئۇقۇم دائىرىسى ئىچىدە تەتقىق قىلىنىدۇ، ئائىلىۋى، مەمۇرىي قانۇن، ئىقتىسادىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى قاتارلىق ئۇقۇملار ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قانۇن ئۇقۇمى ھەجمى دائىرىسى ئىچىدە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە باج قانۇنى، كارخانا قانۇنى، توختام قانۇنى قاتارلىق ئۇقۇملار ئىقتىسادىي قانۇن ئۇقۇمى ھەجمىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. تىك تۆت تەرەپلىك رومبا قاتارلىق ئۇقۇملار پاراللېل تۆت تەرەپلىك ئۇقۇمى ھەجمىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە تەتقىق قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پاراللېل تۆت تەرەپلىك بىلەن تراپىتسىيە ئۇقۇملىرى تۆت تەرەپلىك ئۇقۇمى ھەجمىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇقۇملار بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ دائىرە مۇھاكىمە دائىرىسى دېيىلىدۇ، مۇھاكىمە ئوبيېكتى ئۆزگەرگەندە، مۇھاكىمە دائىرىسىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، شۇڭا مۇھاكىمە دائىرىسى نىسپىي بولىدۇ. تولۇق توپلاممۇ شەرتلىك بولىدۇ، بىر توپلام مۇئەييەن شەرت ئاستىدا تولۇق توپلام بولسا، شەرت ئۆزگەرگەندە، بۇ توپلام تولۇق توپلام بولمايدۇ، شۇڭا تولۇق توپلاممۇ نىسپىي بولىدۇ. دېمەك، مۇھاكىمە دائىرىسىنى تولۇق توپلام U بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

ئومۇمىي لوگىكىدا ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇلارنىڭ ھەجىملىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقى، ھەجىملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توپلام ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توپلاملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ۋە توپلام ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ۋە ئانالىز قىلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توپلاملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ۋە توپلام ئەمەللىرىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەش ئۈستىدە توختىلىمىز.

### 1. تولۇق ماس مۇناسىۋەت

ئەگەر P ئۇقۇمنىڭ ھەجمى S ئۇقۇمنىڭ ھەجمىدىكى بارلىق ئوبيېكتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئۇ ھالدا S ئۇقۇم P ئۇقۇمنىڭ قىسمى ئۇقۇمى دېيىلىدۇ ۋە $P \supseteq S$ ياكى $P \subseteq S$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر S ئۇقۇم P ئۇقۇمنىڭ قىسمى ئۇقۇمى، P ئۇقۇم S ئۇقۇمنىڭ قىسمى ئۇقۇمى، يەنى $P \supseteq S$ ياكى $P \subseteq S$ بولسا، ئۇ ھالدا P ئۇقۇم بىلەن S ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تولۇق ماس مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ ۋە $P = S$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) P (تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ) = S (تەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ)

(2) P (قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئاپتورى) = S (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

(3) P (مۇسبەت پۈتۈن سان) = S (تەبىئىي سان)

## 2. ھەقىقىي ئىچىگە ئېلىش (ئېلىنىش) مۇناسىۋىتى

پەقەت ۋە پەقەت $P\supset S$ ھەمدە $P\neq S$ بولغاندا، S ئۇقۇم P ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇمى بولۇپ، P ئۇقۇم S ئۇقۇمنى ھەقىقىي ئىچىگە ئالىدۇ ياكى S ئۇقۇم P ئۇقۇم تەرىپىدىن ھەقىقىي ئىچىگە ئېلىنىدۇ دېيىلىدۇ ۋە $P\supset S$ ياكى $S\subset P$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. P ئۇقۇم جىنس ئۇقۇم، S ئۇقۇم تۈر ئۇقۇم دېيىلىدۇ. جىنس ئۇقۇم بىلەن تۈر ئۇقۇمنىڭ پەرقى مۇتلەق بولماستىن نىسپىي بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا جىنس ئۇقۇم مۇھاكىمە دائىرىسى بىلەن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى بىرقانچە تۈر ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، جىنس ئۇقۇمنىمۇ تولۇق توپلام U بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) P (قانۇن) $\supset$S (ئىقتىسادىي قانۇن)

(2) P (پەن) $\supset$S (ئىجتىمائىي پەن)

(3) S (توقۇمىچىلىق كارخانىسى) $\subset$P (كارخانا)

(4) S (تىكبۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭلۇق) $\subset$ (ئۈچبۇلۇڭلۇق)

بۇنىڭدىن $P\supset P\cap S$ ۋە $S=P\cap S$ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، تۈر ئۇقۇم جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇمى بولغاچقا، تۈر (جىنس) ئۇقۇمنىڭ ھەجمى جىنس (تۈر) ئۇقۇمنىڭ ھەجمىدىن كىچىك (چوڭ) بولىدۇ: تۈر (جىنس) ئۇقۇمنىڭ ھەجمى جىنس (تۈر) ئۇقۇمنىڭ ھەجمىدىن كىچىك (چوڭ) بولغاچقا تۈر ئۇقۇم جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇمى بولىدۇ.

## 3. قىسمەن ماس مۇناسىۋەت

P، S، M ئۇقۇملار مۇئەييەن مۇھاكىمە دائىرىسى ئىچىدىكى ئۇقۇملار ياكى بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ تۈر ئۇقۇملىرى بولسۇن، ئەگەر M ئۇقۇم P ئۇقۇمنىڭمۇ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇمى، S ئۇقۇمنىڭمۇ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇمى، يەنى $P\supset M$ ھەمدە $S\supset M$ بولسا، ئۇ ھالدا P ئۇقۇم بىلەن S ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قىسمەن ماس مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ ۋە $P\cap S=M$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن، ئۇيغۇر شائىرى دېگەن ئۇقۇمنى M بىلەن، ئۇيغۇر دېگەن ئۇقۇمنى P بىلەن، شائىر دېگەن ئۇقۇمنى S بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا (ئۇيغۇر)P $\supset$M (ئۇيغۇر شائىرى) ھەمدە (شائىر) S $\supset$M (ئۇيغۇر شائىرى) بولغاچقا، $P\cap S$ =M (ئۇيغۇر شائىرى) بولىدۇ. بۇنىڭدىن $P\supset P\cap S$ ۋە $S\supset P\cap S$ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق:

(1) P (ئىشچى) $\cap$S (ئايال) =M (ئايال ئىشچى)

(2) P (ئوقۇتقۇچى) $\cap$S (پارتىيە ئەزاسى) =M (پارتىيىلىك ئوقۇتقۇچى)

(3) P (مۇسبەت بولمىغان سان) $\cap$S (مەنپىي بولمىغان سان) =M (نۆل)

بۇنىڭدىن $P\supset P\cap S$ ۋە $S\supset P\cap S$ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تولۇق ماس مۇناسىۋەت بىلەن قىسمەن ماس مۇناسىۋەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ماس مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ.

## 4. ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋەت

P، S ئىككى ئۇقۇم ماس مۇناسىۋەتتە بولمىسا، يەنى $P\cap S=\Phi$ بولسا، ئۇ ھالدا P ئۇقۇم بىلەن S ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) P (قانۇن) $\cap$S (پارتىيە - گۇرۇھلار) $=\Phi$

(2) P (مەكتەپ) $\cap$S (ئوقۇتقۇچى) $=\Phi$

(3) P (ھەقىقىي سان) $\cap$S (مەۋھۇم سان) $=\Phi$

(4) P (مۇنتىزىم بەشتەرەپلىك) $\cap$ (مۇنتىزىم تۆتتەرەپلىك) $=\Phi$

ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملاردىن بەزىلىرى بىر مۇھاكىمە دائىرىسىنىڭ ئىچىدە بولمايدۇ

ياكى بىر جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇملىرى بولمايدۇ؛ بەزىلىرى بىر مۇھاكىمە دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ ياكى بىر جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي قىسمى (تۈر) ئۇقۇملىرى بولىدۇ. ئالايلۇق، يۇقىرىدىكى مىسالدىكى «قانۇن» ئۇقۇمى بىلەن «پارتىيە ـ گۇرۇھ» ئۇقۇمى، «مەكتەپ» ئۇقۇمى بىلەن «ئوقۇتقۇچى» ئۇقۇمى بىر مۇھاكىمە دائىرىسىدىكى ئۇقۇملار ئەمەس؛ «مۇنتىزىم بەش تەرەپلىك» ئۇقۇمى بىلەن «مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك» ئۇقۇمىنىڭ جىنس ئۇقۇمى (مۇھاكىمە دائىرىسى) «مۇنتىزىم كۆپ تەرەپلىك» ئۇقۇمى بولسا، «ھەقىقىي سان» ئۇقۇمى بىلەن «مەۋھۇم سان» ئۇقۇمىنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسى (جىنس ئۇقۇمى) «كومپلېكس سان» ئۇقۇمىدۇر.

ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملاردىن بىرى مۇھاكىمە دائىرىسى ئىچىدە بولغانلىرى ياكى بىر جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇملىرى بولغانلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت زىت مۇناسىۋەت ۋە قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

(1) زىت مۇناسىۋەت

بىر مۇھاكىمە دائىرىسى ئىچىدىكى ئىككى ئۇقۇمىنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى ياكى بىر جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇمى بولغان ئىككى تۈر ئۇقۇمىنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى شۇ مۇھاكىمە دائىرىسىنىڭ ھەجىمىگە ياكى شۇ جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەجىمىگە تەڭ بولسا، يەنى $S \subset U$، $P \subset U$ ھەمدە $P \cup S = U$ بولسا، ئۇ ھالدا $S$، $P$ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت زىت مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) $P$ (نورمال مۇناسىۋەت) $\cap$. (غەيرى نورمال مۇناسىۋەت) $=\Phi$

$P$ (نورمال مۇناسىۋەت) $\cup S$ (غەيرىي نورمال مۇناسىۋەت) $=U$ (مۇناسىۋەت)

(2) $P$ (مېتال) $\cap S$ (غەيرىي مېتال) $=\Phi$

$P$ (مېتال) $\cup S$ (غەيرىي مېتال) $=U$ (خىمىيىلىك ئېلېمېنتلار)

(3) $P$ (10 دىن چوڭ سان) $\cap S$ (10 دىن چوڭ بولمىغان سان) $=\Phi$

$P$ (10 دىن چوڭ سان) $\cup S$ (10 دىن چوڭ برلمىغان سان) $=U$ (ھەقىقىي سان)

(4) $P$ (ئاددىي فۇنكسىيە) $\cap S$ (مۇرەككەپ فۇنكسىيە) $=\Phi$

$P$ (ئاددىي فۇنكسىيە) $\cup S$ (مۇرەككەپ فۇنكسىيە) $U$ (ئېلېمېنتتار فۇنكسىيە)

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن ئۆزئارا زىت مۇناسىۋەتتە بولغان ئىككى ئۇقۇمىنىڭ ھەجىملىرىنىڭ كەسمە ھەجىمى ھېچقانداق ئوبيېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى، بىرىكمە ھەجىمى بولسا، شۇ ئىككى زىت ئۇقۇم تەۋە بولغان جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەجىمىگە تەڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(1) قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت

بىر مۇھاكىمە دائىرىسىدىكى ئىككى ئۇقۇمىنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى ياكى بىر جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي قىسمى ئۇقۇمى بولغان ئىككى تۈر ئۇقۇمىنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى يەنىلا شۇ مۇھاكىمە دائىرىسىنىڭ ھەجمى ياكى شۇ جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەجمى تەرىپىدىن ھەقىقىي ئىچىگە ئېلىنسا، يەنى $P \cup S = U$ بولسا، ئۇ ھالدا $P$، $S$ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ:

(1) $P$ (سوتسىيالىستىك دۆلەت) $\cap S$ (كاپىتالىستىك دۆلەت) $=\Phi$

$P$ (سوتسىيالىستىك دۆلەت) $\cup S$ (كاپىتالىستىك دۆلەت) $\subset U$ (دۆلەت)

(2) $P$ (بۇرژۇئا ئىدىيىسى) $\cap S$ (پرولېتارىيات ئىدىيىسى) $=\Phi$

$P$ (بۇرژۇئا ئىدىيىسى) $\cup S$ (پرولېتارىيات ئىدىيىسى) $\subset U$ (ئىدىيە)

(3) $P$ (ئاساسىي ئېلېمېنتار فۇنكسىيە) $\cap S$ (مۇرەككەپ فۇنكسىيە) $=\Phi$

$P$ (ئاساسىي ئېلېمېنتار فۇنكسىيە) $\cup S$ (مۇرەككەپ فۇنكسىيە) $=U$ (ئېلېمېنتار فۇنكسىيە)

(4) $P$ (رومبا) $\cap S$ (كۋدرات) $=\Phi$

$P$ (رومبا) $\cup S$ (كۋادرات) $\subset U$ (پاراللېل تۆت تەرەپلىك)

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن ئۆزئارا قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە بولغان ئىككى ئۇقۇم ھەجىملىرى كەسمىسىنىڭ ھېچقانداق ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرىكمىسى شۇ ئىككى ئۇقۇم تەۋە بولغان مۇھاكىمە دائىرىسى (جىنس ئۇقۇم) نىڭ ھەجىمىدىن كىچىك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

ئومۇمەن S، P ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت زىت مۇناسىۋەت بولغاندا S نى $\bar{P}$ بىلەن ياكى P نى $\bar{S}$ بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ، S، P ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت بولغاندا S نى $\bar{P}$ بىلەن ياكى P نى $\bar{S}$ بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدۇ. زىت مۇناسىۋەتتە $S=\bar{P}$ ياكى $\bar{P}=S$ ئورۇنلۇق بولسا، قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە ئورۇنلۇق بولمايدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توپلاملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە توپلامنىڭ ئەمەللەر قائىدىلىرى بىلەن بەلگىلەپ ئالدۇق. ئۈچ ئۇقۇم ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئانالىز قىلغاندا يۇقىرىدىكى ئۇسۇللارنى ئوخشاشلا قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر تەتقىقات ئورگىنىدا ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە ۋە ياپونچە بىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بۇ ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بار دەيلى. «بۇ ئورگاندىكى بارلىق كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى U بىلەن، «ئىنگلىزچە بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى P بىلەن، «فرانسۇزچە بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى S بىلەن، «ياپونچە بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى Q بىلەن ئىپادىلەيلى، بۇ چاغدا مۇھاكىمە دائىرىسى ئىچىدىكى بارلىق ئۇقۇملارنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

1) $P\cup S\cup Q$ «كەم دېگەندە بىر خىل تىلنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

2) $P\cup S\cup Q=\bar{P}\cap\bar{S}\cap\bar{Q}$ - «ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر دېگەن ئۇقۇمنى؛

3) $P\cap\bar{S}\cap\bar{Q}$ — «پەقەت ئىنگلىزچىنىلا بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

4) $\bar{P}\cap S\cap\bar{Q}$ — «پەقەت فرانسۇزچىنىلا بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

5) $\bar{P}\cap\bar{S}\cap Q$ — «پەقەت ياپونچىنىلا بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

6) ئۇقۇم (3)، ئۇقۇم (4) ۋە ئۇقۇم (5) ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى، يەنى $(P\cap\bar{S}\cap\bar{Q})\cup(\bar{P}\cap S\cap\bar{Q})\cup(\bar{P}\cap\bar{S}\cap Q)$ - «پەقەت بىرلا خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

7) ئۇقۇم (2) بىلەن ئۇقۇم (6) ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى - «كۆپ بولغاندا بىر خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

8) $P\cap S\cap\bar{Q}$ — «ئىنگلىزچە بىلەن فرانسۇزچىنى بىلىدىغان كىشىلەر دېگەن ئۇقۇمنى؛

9) $P\cap\bar{S}\cap Q$ — «ئىنگلىزچە بىلەن ياپونچىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

10) $\bar{P}\cap S\cap Q$ — «فرانسۇزچە بىلەن ياپونچىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

11) ئۇقۇم (8)، ئۇقۇم (9) ۋە ئۇقۇم (10) ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى يەنى $(P\cap S\cap\bar{Q})\cup(P\cap\bar{S}\cap Q)\cup(\bar{P}\cap S\cap Q)$ — «پەقەت ئىككىلا خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

12) ئۇقۇم (7) بىلەن ئۇقۇم (11) ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى — «كۆپ بولغاندا ئىككى خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

13) $P\cap S\cap Q$ — «ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

14) ئۇقۇم (12) بىلەن ئۇقۇم (13) ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى — «كۆپ بولغاندا ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

15) ئۇقۇم (6)، ئۇقۇم (11) ۋە ئۇقۇم (13) ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى - «كەم دېگەندە بىر خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى؛

16) ئۇقۇم (11) بىلەن ئۇقۇم (13) ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى «كەم دېگەندە ئىككى خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۇقۇملار ئىچىدە «بۇ ئورگاندىكى بارلىق كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «كۆپ بولغاندا ئۈچ خىل تىلنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇم ئوخشاشلا مۇھاكىمە دائىرىسىنى بىلدۈرگەچكە، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تولۇق ماس مۇناسىۋەت بولىدۇ. ئۇقۇم $P\cap S\cap Q$، $P\cap S\cap\bar{Q}$، $P\cap\bar{S}\cap Q$، $P\cap\bar{S}\cap\bar{Q}$، لارنى ئۇقۇم P؛ ئۇقۇم $P\cap S\cap Q$، $P\cap S\cap\bar{Q}$، $\bar{P}\cap S\cap Q$، $\bar{P}\cap S\cap\bar{Q}$ لارنى ئۇقۇم

$S$ ؛ ئۇقۇم $P\cap S\cap Q$، $P\cap\bar{S}\cap Q$، $\bar{P}\cap S\cap Q$، $\bar{P}\cap\bar{S}\cap Q$ لارنى ئۇقۇم $Q$ ھەقىقىي ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا ئۇقۇم $P$، $S$، $Q$ لار ئايرىم ئايرىم ھالدا جىنس ئۇقۇملار بولغاندا، ئۇلار ھەقىقىي ئىچىگە ئالغان ئۇقۇملار ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۈر ئۇقۇملار بولىدۇ. ھەممە بۇ تۈر ئۇقۇملار ئىككى - ئىككىدىن قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. «كەم دېگەندە بىر خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» بىلەن «ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر»، «كەم دېگەندە ئىككى خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» بىلەن «كۆپ بولغاندا بىر خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر»، «ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنىڭ ھەممىسىنىلا بىلىدىغان كىشىلەر» بىلەن «كۆپ بولغاندا ئىككى خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» ئايرىم - ئايرىم زىت مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، چۈنكى ھەربىر جۈپ ئۇقۇمنىڭ ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسى ھامان $U$ غا تەڭ بولىدۇ. «كۆپ بولغاندا بىر خىل تىلنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمى «ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «پەقەت بىرلا خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسىگە تەڭ بولغاچقا، ئالدىنقى بىر ئۇقۇم كېيىنكى ئىككى ئۇقۇمغا نىسبەتەن جىنس ئۇقۇم، كېيىنكى ئىككى ئۇقۇم ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالدىنقى بىر ئۇقۇمغا نىسبەتەن تۈر ئۇقۇم بولىدۇ ھەممە بۇ ئىككى تۈر ئۇقۇم زىت مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. «كۆپ بولغاندا ئىككى خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمى «ئۈچ خىل چەت ئەل تىلىنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر»، «پەقەت بىرلا خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» ۋە «پەقەت ئىككى خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇملار ھەجىملىرىنىڭ بىرىكمىسىگە تەڭ بولغاچقا، ئالدىنقى بىر ئۇقۇم كېيىنكى ئۈچ ئۇقۇمغا نىسبەتەن جىنس ئۇقۇم، كېيىنكى ئۈچ ئۇقۇم ئالدىنقى بىر ئۇقۇمغا نىسبەتەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۈر ئۇقۇم بولىدۇ ھەممە بۇ ئۈچ تۈر ئۇقۇم ئىككى - ئىككىدىن قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. زىت مۇناسىۋەتتە ۋە قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە بولغان ئۇقۇملار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملار دېيىلىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇقۇم ۋە ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توپلام ۋە توپلام ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. يۇقىرىدىكى مۇھاكىمىلىرىمىزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، توپلام ئۇقۇمى ماتېماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئۇقۇملارنىڭ ھەجمىنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىمىز، ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بولۇپمۇ ئۇقۇملار ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ئانالىز قىلىپ، ئىگىلەپ ئېلىشىمىزدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

(1) «ئومۇمىي لوگىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
(2) «ئومۇمىي لوگىكا»، شائخەي خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل 11 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.
(3) م. خەيرۇللايېۋ، م. ھەقبېردىيېۋ: «لوگىكا» ئۆزبېكىستان «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتى، 1984- يىل ئۆزبېكچە نەشرى.
(3) ئەنسەردىن مۇسا: «فورمال لوگىكا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل - 2 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
(4) تاۋۋاڭدۇ: «لوگىكا ۋە ماتېماتىكا ئوقۇتۇشى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985- يىل 9 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
(5) فاڭ جيالىن: «توپلام نەزەرىيىسى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل 4 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

(پوچتا نومۇرى: 830011)
تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق

لىتىپ توختى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، فۇنكسىيىلىك ۋە ئۇنىۋېرسال گراماتىكىچىلارنىڭ نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىقنىڭ ياسىلىشى، ئۇچۇر قىممىتى، ئىنكار دائىرىسى، ئورۇن ئالماشتۇرۇشى، قوش بولۇشسىزلىق ۋەقوللىنىش چەكلىمىسى قاتارلىقلار تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىققا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ۋە خاس قائىدىلەر شەرھلىنىدۇ.

**摘要**：本文根据功能语法和普遍语法理论，分析维吾尔语否定的构成及其信息价值，否定范围，换位、双否定和分布局限性等并试图说明维吾尔语中与否定有关的普遍规律和特殊规律。

**Abstract**: This essay manifests universal and Language-specific rules operating in Uyghur Negation in the frame of functional and universal grammar theories, dscussing the formation, information value, scope, transport, double form as well as distributional restrictions of negation in Uyghur.

## 1. بولۇشسىزلىق ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىز ياكى ئىنكار جۈملىلەر كۈندىلىك تىل پائالىيىتىمىزدە دائىم ئۇچراپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىز ھازىرغىچە بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارمىدۇق. ئەمەلىيەتتە بولۇشسىزلىق دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر تىلدا كەم بولسا بولمايدىغان ئومۇمىي ھادىسە. شۇڭا ئۇ لوگىكشۇناسلار، پسىخولوگلار ۋە پەيلاسوپلارنىڭ مۇناسىپ تېمىلىرىدا مەخسۇس تەتقىقات نۇقتىسى قىلىنغاندىن باشقا، گرېنبېرگ (J. H. Greenberg، 1963)، كومرى (B. Comrie، 1981) ۋە گىۋون (T. Givon، 1984) قاتارلىق ئۇنىۋېرسال گراماتىكىچىلارنىڭ تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىۋېرسال گراماتىكىچىلار ئامېرىكىدىكى نوپۇزلۇق تىلشۇناسلىق ئېقىملىرىنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات تېمىلىرى دۇنيادىكى تىللارغا ئورتاق بولغان تىل ھادىسىلىرىدىن سۆز تۈركۈمى، سۆز تەرتىپى، كېلىش كاتېگورىيىسى، ئالماش ۋە بىردەكلىك مۇناسىۋەت، تۈس - زامان، بولۇشسىزلىق، ئىسىملارنىڭ

* لىتىپ توختى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، دوكتور.

ئېنىقلىقلىقى، يېشىللارنىڭ لايىق تاللىشى، باغلانما بېقىندا جۈملە، قارا چېكىتلىك ۋە قارا چېكىتسىز تەركىبلەر① قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن ئامېرىكىدا مۇشۇ ئېقىمنىڭ نەزەرىيەلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇناسىپ ھادىسىلەر ئۈستىدە خېلى ئىزدەندىم ۋە ئۇنىۋېرسال گراماتىكا قائىدىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشتىم. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىقنى ئۇنىۋېرسال گراماتىكا نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن شەرھلەشكە تىرىشتۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت: بىرىنچىدىن، ئۇي تىلىدىكى بولۇشسىزلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال قائىدىلەرگە قانچىلىك دەرىجىدە باب كېلىدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا يېڭى نەزەرىيە ۋە مېتودلارنى تەدبىقلاش.

ئالدىنقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىز بولۇشسىزلىقنىڭ تەبىرى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق ۋاستىلىرى، بولۇشسىزلىقنىڭ ئۇچۇر قىممىتى، بولۇشسىزلىقنىڭ ئىنكار دائىرىسى، بولۇشسىزلىقنىڭ كونتېكستقا ماسلىشىشى، بولۇشسىزلىق كۈچەيتكۈچىلىرى ۋە قوش بولۇشسىزلىق، بولۇشسىزلىقنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ۋە بولۇشسىزلىقنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىدىكى چەكلىملىك دېگەن مەزمۇنلاردا باشقا تىللارغا سېلىشتۇرغان ھالدا تەھلىل يۈرگۈزمەكچىمىز. كېيىنكى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسال گراماتىكچىلارنىڭ تىلنى پەلسەپە، لوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە فىزىئولوگىيە نەزەرىيىلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش مېتودلىرىنى تېگىشلىك ئورۇنلاردا قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئەلۋەتتە بۇ ماقالىدە تېما ئۆزگىچىلىكى ۋە ژۇرنالنىڭ بەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە ۋە مېتودلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

## 2. بولۇشسىزلىقنىڭ تەبىرى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق ۋاستىلىرى

تىلدىكى بولۇشسىزلىق لوگىكىدىكى ئىنكار قىلىش بىلەن باغلىنىشلىق، يەنى لوگىكىدىكى ئىنكار قىلىش تىلدا بولۇشسىز جۈملە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بولۇشسىزلىق — ئىنكار قىلىش دېگەنلىكتۇر. لوگىكا بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق باغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى ئارىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئامىل ئەلۋەتتە تەپەككۇردۇر، چۈنكى تىل كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ ماددىي پوستى. لوگىكا بولسا كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى ۋە ئاساسىي قانۇنىيىتىنىڭ يىغىندىسى ھەم ئۇنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. شۇڭا بەزىدە لوگىكا تەبىرلىرى بىلەن تىلشۇناسلىق تەبىرلىرى بىر بىرىگە ماس كېلىدۇ. مەسىلەن، لوگىكىدىكى «ئۇقۇم» تىلدىكى «سۆز» ياكى «سۆز بىرىكمىسى» گە تەڭ؛ لوگىكىدىكى «ئاددىي ھۆكۈم» تىلدىكى «ئاددىي جۈملە» گە، لوگىكىدىكى «مۇرەككەپ ھۆكۈم» تىلدىكى «مۇرەككەپ جۈملە» گە تەڭ (سۇ تيەنفۇ، 1981). لېكىن لوگىكا، تەپەككۇر ۋە تىل دېگەنلەر ھەرگىز بىر نەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار، بولۇپمۇ لوگىكىدىكى تۇراقلىق فورمۇلىلار تىلدىكى جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچانلىقلارنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. بىز پەقەت زۆرۈر تېپىلغاندىلا بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەنە بىرىسىدىكى مەسىلىنى چۈشەندۈرىمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق تەركىبلىرىنى مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق دېگەن ئىككى تۈرگە

---

① بۇ يەردىكى بەزى ئاتالغۇلارنى ئۆزۈم ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ ئىشلەتتىم. مەسىلەن، «يېشىللارنىڭ لايىقى» ئىنگلىزچىدا verbal argument، خەنزۇچىدا 动词的论元 دېيىلىدۇ. «باغلانما (بېقىندا) جۈملە» ئىنگلىزچىدا relative clause، خەنزۇچىدا 连系从句 ياكى 关系从句 دېيىلىدۇ. «قارا چېكىتلىك ۋە قارا چېكىتسىز» ئىنگلىزچىدا marked and unmarked، خەنزۇچىدا 有标记和无标记 دېيىلىدۇ. مۇۋاپىق بولسا كەسىپداشلارنىڭ مۇشۇ بويىچە ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئايرىشقا بولىدۇ.

**1) مورفولوگىيىلىك بولۇشسىزلىق تەركىبلىرى:**

a. -ما ~ -مە (-مى): بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە قوشۇلۇپ، پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قوللىنىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. مەسىلەن:

(1) (a) تۇرسۇن مەكتەپكە بارمىدى.

(b) ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ.

(c) ئەتە يامغۇر ياغمايدىكەن.

(d) بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ.

b. -سىز: بۇ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئىسىملارغا قوشۇلۇپ بولۇشسىز سۈپەتلەرنى ياسايدۇ (ئۇنىڭ قارشى مەنىلىك جۈپى -لىق ~ -لىك -لۇق ~ -لۈك). مەسىلەن:

(2) روھسىز، ماكانسىز، كۆرۈمسىز، قەرەلسىز.

c. بى-: بۇ پارسچىدىن كىرگەن قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ بولۇشسىز سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

(3) بىكار، بىھېساب، بىتەلەي...

d. نا-: بۇ قوشۇمچىمۇ پارسچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ بولۇشسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(4) نامۇۋاپىق، ناماقۇل، نائىنساپ.

**2) لېكسىكىلىق بولۇشسىز تەركىبلەر:**

a. ئەمەس: بۇ بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى ئەسلىدە باغلامچى پېئىل «ئەر-» ئە-» گە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى «-مە» نىڭ ۋە ئۇنىڭ كەينىگە سۈپەتداش قوشۇمچىسى «-ر ~ -ار ~ -ەر» گە بولۇشسىزلىقتا ئۆزگىرىشكە ئۇچرايدىغان قوشۇمچە «-س» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان قاتما شەكىلدۇر. ئۇ بولۇشلۇق ھۆكۈم باغلامچىسى «-دۇر ~ -تۇر» غا قارشى ئىشلىتىلىپ تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بولۇشسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

(5) (a) يول يىراق ئەمەس.

(b) تۇرسۇن ئوقۇغۇچى ئەمەس.

(c) ئۇلارنىڭ ئۆيى بۇ يەردە ئەمەس.

(d) ئىشنىڭ يولى ئۇنداق ئەمەس.

تىلىمىزدا بولۇشلۇق ھۆكۈم باغلامچى «-دۇر ~ -تۇر» كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى «ئەمەس» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

b. يوق: بۇ مەۋجۇتلۇق سۈپىتى «بار» نىڭ بولۇشسىز جۈپى بولۇپ، ئىسىمدا ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(6) (a) بۇ يەردە ماگىزىن يوق.

(b) تۇرسۇننىڭ لۇغىتى يوق.

c. ياق: بۇ قارشى تەرەپنىڭ پىكرى ياكى سوئالىغا قوشۇلماسلىق ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىشتا قوللىنىلىدىغان بولۇشسىز ئىملىقتۇر. ئۇنىڭ قارشى مەنىلىك بولۇشلۇق جۈپى «ھەئە» دۇر. مەسىلەن:

(7) A: سىز ھازىر قايتامسىز؟

B: ياق.

(8) A: قاراڭلار، تۇرسۇن كېلىۋاتىدۇ.

B: ياق، ئۇ تۇرسۇن ئەمەس، ئەركىن.

(d) نۆل: نۆل ساندا يوقلۇقنى بىلدۈرگەچكە، «نۆلگە تەڭ»، «نۆل قوشۇمچە» دېگەندەك شەكىللەر ئارقىلىق بولۇشسىزلىق ئىپادىلىنىدۇ.

(e) قارشى مەنىلىك سۆزلەر «ئاساسەن سۆيەت ۋە پېئىللار» ئۆزئارا ئىنكار قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنى مەنىسىگە قاراپ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

(9)

| بولۇشلۇق | بولۇشسىز | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
| --- | --- | --- | --- |
| چوڭ | كىچىك | ئىسسىق | سوغۇق |
| ئېگىز | پەس | قۇر- | بۇز- |
| تېز | ئاستا | خۇشال بول- | خاپا بول- |
| ئۇزۇن | قىسقا | تىرىل- | ئۆل- |
| ئەر | ئايال | ياند- (چىراق) | ئۆچ- |
| ياخشى | يامان | ماڭ- | توختا- |
| باي | نامرات | بارلىققا كەل- | يوقال-① |
| بار | يوق | ... | ... |

ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا بولۇشسىزلىق تەركىبلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردە ئاساسلىقلىرىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇ تەركىبلەرنى ستىلىستىكا ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزئارا سەپلەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «تۇرسۇن بارمىدى» دېگەننى «تۇرسۇن بارغان ئەمەس»، «تۇرسۇن بارمىغان» ياكى «تۇرسۇن بارغىنى يوق» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## 3. بولۇشسىزلىقنىڭ ئۈچ‌خىل قىممىتى

نۇتۇق پائالىيىتى سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئورتاق چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. نۇتۇق پائالىيىتىدە سۆزلىگۈچى ھامان ئاڭلىغۇچىغا يېڭى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. يېڭى ئۇچۇر بايان جۈملىلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە بايان جۈملىنىڭ تېمىسى سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىغا ئايان بولغان كونا ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ، بايان قىسمى بولسا يېڭى ئۇچۇر ئاتا قىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى نۇتۇقچىلىق (Pragmatics) تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەپسىلىي بايان قىلغان (گىۋون، 1984)، شۇڭا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز. بۇنى كونكرېت مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك، (2) (a) جۈملىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى «تۇرسۇن مەكتەپكە باردى» دېگەن جۈملىدە تېما «تۇرسۇن» سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىغا تونۇشلۇق بولۇشى كېرەك؛ ئۇنىڭ «مەكتەپكە باردى» دېگەن بايان قىسمى سۆزلىگۈچىگە ئايان لېكىن ئاڭلىغۇچىغا ئايان ئەمەس بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى نۇتۇق پائالىيىتى ئۈنۈملۈك بولغان بولىدۇ، يەنى ئاڭلىغۇچى يېڭى ئۇچۇرغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىز بۇنى نورمال نۇتۇق پائالىيىتى دەپ ھېسابلايمىز. ئەلۋەتتە، بەزىدە سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىغا تېمىسىمۇ ۋە بايان قىسمىمۇ يېپ - يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تولغان جۈملىلەرنى بايان قىلىپ، ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن يا بولمىسا ئاڭلىغۇچى ئاللىقاچان خەۋەردار بولغان

① روشەنكى، بۇ يەردىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز دەپ ئايرىلىشى پەقەتلا سېمانتىكىنى ئاساس قىلغان. بەلكىم مۇسبەت ۋە مەنپىي دەپ ئايرىش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. بىز 7 - بۆلەكتە بۇنداق ئايرىشنىڭ تىل ئاساسىنى تەھلىل قىلىمىز.

كونا ئۆچۈر بىلەن زىرىكتورۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا نۇتۇق پائالىيىتى ئۇنۇمسىز بولىدۇ. شۇڭا ئۇ غەيرىي نورمال نۇتۇق پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، نورمال بولۇشلۇق جۈملە (SP) يېڭى ئۇچۇر ئاڭلىتىدۇ. ئۇنداق بولسا بولۇشسىز جۈملە (SP̄) دە يېڭى ئۇچۇر بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىمۇ ئۇچۇر بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇچۇر قىممىتى مۇناسىپ بولۇشلۇق جۈملىدىكى ئۇچۇرنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭغا زىت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، يەنى «تۇرسۇن مەكتەپكە بارمىدى» دېگەن بولۇشسىز جۈملە «تۇرسۇن مەكتەپكە باردى» دېگەن جۈملىدىكى ئۇچۇرنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سۆزلىگۈچى بىرلا ۋاقىتتا ھەم بولۇشلۇق باياننى ھەم بولۇشسىز باياننى تەڭلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنىڭ بىرىنى تاللاپ ئىشلەتكەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بولۇشسىز بايانى ئاڭلىغۇچىدىكى مۇناسىپ بولۇشلۇق ئۇچۇرنى رەت قىلىش زۆرۈر تېپىلغاندىلا ئاندىن شەكىللىنىدۇ. شۇڭا بەزىدە مۇناسىپ بولۇشلۇق جۈملىدىكى ئۇچۇر شەكىللەنمىگەن ئەھۋالدا، بولۇشسىز جۈملىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن:

(10) سوئال: ـ يۇرتىڭلاردا نېمە يېڭىلىقلار بار ئىكەن؟

جاۋاب A —: يۇرتىمىزدا يېڭىدىن زاۋۇت قۇرۇلۇپتۇ.

جاۋاب B —: ـ يۇرتىمىزدا يېڭىدىن زاۋۇت قۇرۇلماپتۇ.

يۇقىرىدىكى سوئال (10) نىڭ دائىرىسى كەڭ، قاراتمىلىقى يوق، شۇڭا ئۇنىڭغا بولۇشلۇق جاۋاب A مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن سوئال سورىغۇچىنىڭ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇش ـ قۇرۇلماسلىقى توغرىلىق قىلچە خەۋىرى بولمىغان ئەھۋالدا بولۇشسىز جاۋاب B نامۇۋاپىق. شۇڭا گىۋون (1984:324) بولۇشلۇق جۈملە بىلەن بولۇشسىز جۈملىنىڭ قوللىنىلىش پەيتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«بولۇشلۇق بايان پائالىيىتى ئاڭلىغۇچىنىڭ P دىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىگە ئاساس تېپىلغاندا، ئۇنىڭغا P نى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بولۇشسىز بايان پائالىيىتى بولسا ئاڭلىغۇچىنىڭ P غا ئىشەنگەن ياكى ئىشىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقىغا ئاساس تېپىلغاندا P نى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.» دېمەك، سۆزلىگۈچى بولۇشلۇق بايان ئىشلەتكەندە «ئاڭلىغۇچى بىلمەيدۇ، بىراق مەن بىلەمەن» دېگەن پەرەز تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بولۇشسىز بايان ئىشلەتكەندە بولسا «ئاڭلىغۇچىنىڭ بىلگىنى توغرا ئەمەس، بىراق مېنىڭ بىلگىنىم توغرا» دېگەن پەرەز ئاساس بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بولۇشسىز بايان بولۇشلۇق بايان ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۇچۇر جۇغلانمىسىغا يېڭى ئۇچۇر قوشماستىن، بەلكى ئاڭلىغۇچىنىڭ كونا ئۇچۇرنى ياكى شەكىللىنىش ئېھتىمالى بولغان يېڭى ئۇچۇرنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۆۋەندە يەنە توختىلىمىز.

## 4. بولۇشسىزلىقنىڭ ئىنكار دائىرىسى

ئومۇمەن ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ ئىگىسى ياكى تېمىسى بولۇشسىزلىقنىڭ ئىنكار دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى بولۇشسىزلىق بايان قىسمىدىكى ھۆكۈمدە كۆرۈلىدۇ. ئەمدى ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش ھىندى ياۋروپا تىللىرىدا جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئىسىملارنى ئىنكار قىلىدىغان قوشۇمچىلار بار. مەسىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى -noone، nobody، no «ھېچكىم، ھېچقايسىسى» (خەتمۇ ـ خەت تەرجىمىسى: «يوق بىرسى، نۆل بىرسى») دېگەندەك. جۈملىدە بۇنداق سۆزلەر ئىشلىتىلگەندە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىل بولۇشلۇق شەكىلدە كېلىدۇ. ئىنگلىزچىدىكى -no مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىگىنى ئىنكار قىلالايدۇ:

(11) Nobody came. «ھېچكىم كەلمىدى.»

(خەتمۇ - خەت تەرجىمىسى: «نۆل بىرسى كەلدى.»)

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدە ئىگە ياكى تېما بولۇپ كەلگەن ئىسىملار مەيلى خاس ياكى ئومۇمىي بولسۇن، مەيلى ئېنىق ياكى ئېنىقسىز بولسۇن، ھەممىسى ئىنكار دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. گەرچە ئۇيغۇرچىدىمۇ ئىنگلىزچىدىكى -no غا تەڭ كېلىدىغان «ھېچ-» دېگەن ئالدى قوشۇلغۇچى بولسىمۇ، ئۇ قاتناشقان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى يەنىلا بولۇشسىز شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ پەقەت كۈچەيتكۈچى رولىنىلا ئوينايدۇ. بىز بۇ ھەقتە 5 - بۆلەكتە توختىلىمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىسىملار ئىنكار دائىرىسىگە كىرمىگەن ئىكەن، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن باشقا ۋاستىلەرنى قوللىنىش كېرەك ياكى جۈملە قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ خەۋەر قىسمىدا بايان قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

(12) مەكتەپكە بارغان تۇرسۇن ئەمەس.

لېكىن بۇ جۈملە روشەنكى، «تۇرسۇن مەكتەپكە باردى» دېگەننىڭ بولۇشسىز جۈپى ئەمەس، بەلكى «مەكتەپكە بارغان تۇرسۇن (دۇر)» دېگەننىڭ بولۇشسىز جۈپىدۇر. تىلدىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تىللاردىمۇ كۆرۈلىدىغان ئومۇمىي ئەھۋالدۇر.

## 1) بولۇشسىزلىق دائىرىسىنىڭ تارىيىشى

بىز ئالدىنقى بۆلەكلەردە ئەڭ نورمال ۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرى بولمىغان بىر تەرەپ بولۇشسىز جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق. بىراق ھەرقايسى تىللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىل بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنكار نۇقتىسى پېئىلنىڭ ئۆزىدىكى ئۈچۈرغا قارىتىلماستىن، بەلكى پېئىلنىڭ ئەگەشمە بۆلىكىدىكى ئۈچۈرغا قارىتىلغان بولىدۇ. مەسىلەن:

(13) (a) تۇرسۇن مەكتەپكە يالغۇز بارمىدى. (=باشقىلار بىلەن بىرگە باردى)

(b) تۇرسۇن مەكتەپكە ۋاقتىدا بارمىدى. (=كېچىكىپ باردى)

(c) تۇرسۇن مەكتەپكە پىيادە بارمىدى. (= مەلۇم قاتناش قورالى بىلەن باردى)

بۇ جۈملىلەرنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسىگە قارىغاندا، پېئىللارنى بولۇشسىز ئالغاندىن كۆرە، ئىنكار قىلىنىدىغان قىسمىنىلا بولۇشسىز ئالغان تۈزۈك ئىدى، يەنى «يالغۇز ئەمەس باردى»، «ۋاقتىدا ئەمەس باردى»، «پىيادە ئەمەس باردى» دېگەنلەردەك. بىراق بۇنداق ئېيتىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە ئىنكار قىلىنغان قىسىملارنىڭ بولۇشلۇق شەكلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «يالغۇز باردى»، «ۋاقتىدا باردى» ۋە «پىيادە باردى» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئەمدى بىز بۇنداق قۇرۇلمىلارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدىكى مورفېمىلارنىڭ سىنتاكسىسلىق قاتلام مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلساق شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، ئەسلىدە پېئىل بىرىكمىسىدىكى ئەگەشمە بۆلەك «يالغۇز»، «ۋاقتىدا»، «پىيادە» دېگەنلەر «بارمىدى» دېگەن بولۇشسىز پېئىلنى ئېنىقلاپ كەلگەن بولماستىن، بەلكى بولۇشسىز قوشۇمچىسى -ما - مە (--مد) «يالغۇز بار-»، «ۋاقتىدا بار-»، «پىيادە بار-» دېگەن بولۇشلۇق پېئىل بىرىكمىلىرى شەكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قوشۇلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئىنكار قىلىش دائىرىسى ئەگەشمە بۆلەكتىكى ئۈچۈرغا يۆتكەلگەن. مۇشۇ تىپتىكى بولۇشسىز جۈملىلەر خېلى بار. مەسىلەن: «يولداشلار، بىز بۇ يەرگە ئويۇنغىلى كەلمىدۇق، (ئىشلىگىلى كەلدۇق.)» دېگەندەك. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئەگەشمە بۆلەك بولۇشسىز پېئىللار شەكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن قوشۇلسا، ئىنكار دائىرىسى پېئىلنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدۇ ۋە ئۇنى بولۇشلۇق قىلىپ چۈشەندۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ. مەسىلەن تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى «قەستەن»، «ئاغرىق سەۋەبىدىن»، «بىر قېتىممۇ» دېگەنلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

(14) (a) تۇرسۇن مەكتەپكە قەستەن بارمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

(b) تۇرسۇن مەكتەپكە ئاغرىق سەۋەبىدىن بارمىدى.

(c) تۇرسۇن مەكتەپكە بىر قېتىممۇ بارمىدى.

(13) ۋە (14) مىساللارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى سېمانتىكا پەرقى شۇكى، (13) (a) جۈملىدىكى «تۇرسۇن مەكتەپكە يالغۇز بارمىدى» دېگەننى «تۇرسۇن مەكتەپكە باردى، لېكىن يالغۇز ئەمەس» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن (14) (a) جۈملىدىكى «تۇرسۇن مەكتەپكە قەستەن بارمىدى» دېگەننى «تۇرسۇن مەكتەپكە باردى، لېكىن قەستەن ئەمەس» دېگىلى بولمايدۇ. قالغان جۈملىلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىمۇ شۇنداق، شۇڭا ئالدىنقى قۇرۇلمىنىڭ ئىنكار دائىرىسى تار، ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىغان مۇناسىپ مۇمكىنچىلىككە يول قويغان بولىدۇ. كېيىنكى قۇرۇلمىدا بولسا بۇنداق مۇمكىنچىلىك بولمايدۇ.

يۇقىرىدا بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئىنكار دائىرىسىنىڭ ئۆزىدىن باشقا تەركىبلەرگە كۆچكەنلىكى توغرىسىدا توختالدۇق. بىز بۇنى نورمال ئەھۋالدىكى ياكى قارا چېكىكسىز قۇرۇلمىدىكى تارىيىش ھادىسىسى دەپ تورايلى. ئەندى قارا چېكىكلىك قۇرۇلمىدىكى ئىنكار دائىرىسىنىڭ تارىيىشى بولسا تىللارنىڭ ئىنتوناتسىيە، ئۇرغۇ ياكى سۆز تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتىشنى ۋاستە قىلغان ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇ. ئۇرغۇلۇق ئىنتوناتسىيە ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنكار دائىرىسىنىڭ تارىيىشىغا ئىنگلىز تىلىدىكى مۇنۇ جۈملىنى ئالايلى:

(15) John didn't kickthe ball «جون توپنى تەپمىدى.»

بۇ جۈملە نورمال ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلسا، ئومۇمىي ئىنكارنى بىلدۈرىدۇ ۋە باشقا مۇمكىنچىلىكتىن بشارەت بەرمەيدۇ. ئەگەر بۇ جۈملىنىڭ نورمال ئىنتوناتسىيىسىنى بۇزۇپ مەلۇم تەركىبنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتسا، ئۇ تەركىب ئىنكار مەركىزى بولىدۇ. دە، باشقا مۇمكىنچىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇرغۇلۇق ئېيتىلغان تەركىبلەرنى ئاستىغا سىزىق قويۇپ ئىپادىلەپ تورايلى (گېۋون، 1984):

(16) (a) <u>John</u> didn't kick the ball (—it was Bill) « <u>جون</u> توپنى تەپمىدى (- بىيل تەپتى).»

«جون توپنى <u>تەپمىدى</u> (- ئاتتى).»

(b) <u>John</u> didn't <u>kick</u> the ball(—he threw it).

«جون <u>توپنى</u> تەپمىدى (ئىتنى تەپتى).»

(c) John didn't kick the <u>ball</u>(—he kicked the dog).

مۇئەييەن شارائىتتا ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىنكار دائىرىسىنى تارايتقىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا ھەم سۆز تەرتىپى ھەم ئۇرغۇنى ۋاستە قىلىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك. مەسىلەن يۇقىرىقى مىسالنىڭ ئۆزىنىلا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كۆرەيلى:

(17) (a) توپنى جون تەپمىدى (بىيل تەپتى). (سۆز تەرتىپى)

(b) جون توپنى <u>تەپمىدى</u> (ئاتتى). (ئۇرغۇ)

(c) جون <u>توپنى</u> تەپمىدى (ئىتنى تەپتى)، (ئۇرغۇ)

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋىلىزكى، ئىنكار دائىرىسىنىڭ تارىيىشى ئاساسەن ئومۇمىي ئىنكارنىڭ خاس ئىنكارغا ئايلىنىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

## 2) جۈملىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى

جۈملىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى بولۇشلۇق جۈملىنىڭ بىر پۈتۈن ئىنكار قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە بولۇشسىز جۈملىدىن پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچىدىن بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بىر جۈپ جۈملىنى كۆرۈپ باقايلى:

(18) (a) 他们都是学生 «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى».

All of them are stdents

(b)他们都不是学生　　　　«ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى ئەمەس».

All of them are not students

يۇقىرىقى بولۇشسىز جۈملە (18) (b) دە ئىنكار قىلىنىغىنى پەقەت خەۋەر قىسمىدىكى باغلامچى پېئىل 是 ۋە are بىلەن باغلانغان كەسمە تەركىب «ئوقۇغۇچى» دىن ئىبارەت. ئەندى بىز تۆۋەندە بولۇشلۇق جۈملە (18) (a) نىڭ بىر پۈتۈن ئىنكار قىلىنىشىنى كۆرۈپ باقايلى:

(c)他们不都是学生。(＝不是他们都是学生。)

Not all of them are stdents.

ئەسلىدە بۇ جۈملىنى ئۇيغۇرچىدا «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىدۇر ئەمەس (تۇر)» دەپ تەرجىمە قىلساق توغرا بولاتتى. لېكىن بۇنداق ئىپادىلەش ئۇيغۇرچىدا كۆرۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ بولۇشلۇق ھۆكۈم باغلامچىسى «-دۇر ~ -تۇر» نىڭ بارا - بارا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قېلىشى ئارقىسىدا مۇشۇنداق ئىنكار قىلىنىغان جۈملىلەر بىلەن بولۇشسىز جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمىز. نەتىجىدە بۇ جۈملىنى ئۇيغۇرچىدا «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى ئەمەس» دېسەكمۇ ياكى «ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوقۇغۇچى ئەمەس» دېسەكمۇ (18) (b) نىڭ مەنىسىدىن جەتنەپ كېتەلمەيمىز. توغرا، نەزەرىيە جەھەتتىن خۇددى يۇقىرىدىكى (13) ۋە (14) جۈملىلەردىكى بولۇشسىز قوشۇمچىسى «-ما ~ -مە (~-مىد)» نىڭ قاتلام مۇناسىۋىتىنى ئىككى خىل چۈشەندۈرگەندەك «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى ئەمەس» دېگەندىكى بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى «ئەمەس» نىڭ قاتلام مۇناسىۋىتىنىمۇ ئىككى خىل چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

(19) (α) ئۇلارنىڭ ھەممىسى (تېما) ئوقۇغۇچى ئەمەس (بايان) (بولۇشسىز جۈملە)

(b) ئۇلارنىڭ ھەممىسى (تېما) / ئوقۇغۇچى (بايان) (تېما) // ئەمەس (بايان). (جۈملىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى)

(19) (b) دىكى تەھلىل نەزەرىيىگە ئۇيغۇن، ھەتتا جانلىق تىلدا بەزىدە «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزنى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ ئوخشاش ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېكىن يازما نۇتۇقتا ئىككى بىسلىق مەنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇنداق جۈملىلەردە كەلگەن «ئەمەس» نىڭ ئىنكار دائىرىسىنى بولۇشسىز جۈملە (16) (a) بىلەنلا چەكلەپ، (16) (b) دىكى ئىنكار جۈملە ئۈچۈن باشقا ۋاستىلەرنى قوللىنىۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن، بولۇپمۇ تەرجىمىدە ئاشۇنداق جۈملىلەر كەلگەندە ئەسلى تېكىستتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. بۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىكى بىر خىل چەكلىمىلىك دېيىشكە بولىدۇ.

## 4. بولۇشسىزلىقنىڭ كونتېكستقا ماسلىشىشى

نۇتۇق پائالىيىتىدە، سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى شەكىللىنىپ بولغان كونا ئۇچۇر ۋە شەكىللىنىۋاتقان ياكى شەكىللىنىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ يىغىندىسى سۆز بولۇۋاتقان شارائىت بىلەن قوشۇلۇپ كونتېكستنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال يازما نۇتۇق ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. بولۇشسىزلىقنىڭ كونتېكستقا مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى ئالاقىدىكى ئەقەللىي ئۆلچەمدۇر. ئاددىي مىسالنى ئالساق، ئوقۇتقۇچى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر كونتېكستتا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىنىڭ قول كۆتۈرۈپ «مۇئەللىم، مەن تاپشۇرۇقنى

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپ بولمىدىم» دېگەن بولۇشسىز بايانىنى ئاڭلىسا، ئۇنى نامۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچى تاپشۇرۇقنى ئىشلەشكە مەلۇم ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بېرىلگەن ۋاقىت توشۇشتىن بۇرۇن «مۇئەللىم، مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدىم» دېگەن بولۇشلۇق بايانلا كونتېكىستتا ماسلىشالايدۇ. بۇنداق مىساللار كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە بىز كونتېكىست بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ ئىنچىكە مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

### 1) ئىنكار نۇقتىسىنىڭ دەل بولۇشى

نۇتۇقتا مەيلى بولۇشلۇق بايان بولسۇن، مەيلى بولۇشسىز بايان بولسۇن، كونتېكىستتا ماسلاشقان، توغرا ۋە دەل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ بولۇشسىز بايان بولۇشلۇق بايان ئاساسىدا شەكىللەنگەچكە، ئۇنىڭ كونتېكىستقا بېقىنىشچانلىقى كۈچلۈك، قاراتما نۇقتىسى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئۇنى قوللىنىشتا لوگىكا ئەمەس، بەلكى كونتېكىست ئۆلچەم قىلىنىدۇ. شۇڭا بەزىدە لوگىكىدا توغرا دەپ قارالغان نەرسىلەر نۇتۇقتا ئىنكار قىلىنىشى مۇمكىن. تۆۋەندىكى لوگىكىلىق فورمۇلاغا قاراپ باقايلى:

(20) تۇرسۇننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار ⊂ تۇرسۇننىڭ ئىككى ئاكىسى بار. بۇ فورمۇلادىكى «⊂» بەلگىسى «تۇرسۇننىڭ ئىككى ئاكىسى بار» دېگەن مەزمۇن «تۇرسۇننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار» دېگەن مەزمۇننىڭ ئىچىگە ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش فورمال لوگىكىغا تامامەن مۇۋاپىق، چۈنكى تۇرسۇننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار = تۇرسۇننىڭ ئىككى ئاكىسى بار+تۇرسۇننىڭ بىر ئاكىسى بار. ئەمدى تۆۋەندىكى نۇتۇق پائالىيىتىگە قاراپ باقايلى:

(21) سۆزلىگۈچى A: — تۇرسۇننىڭ ئىككى ئاكىسى بارمۇ؟

سۆزلىگۈچى B: — ياق، تۇرسۇننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار.

ئەگەر نۇقۇل لوگىكا نۇقتىسىدىن قارىساق، سۆزلىگۈچى B نىڭ جاۋابىدىكى ئىنكار «ياق» قا خاتا ياكى يالغان، دەپ باھا بېرىشىمىز مۇمكىن. لېكىن كونتېكىست ئۆلچىمىدىن قارىساق، بۇ يەردە سۆزلىگۈچى B سۆزلىگۈچى A نىڭ سوئالىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەنگەن:

(22) تۇرسۇننىڭ دەلمۇ - دەل ياكى توپ - توغرا ئۈچ ئاكىسى بارمۇ؟ دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن سۆزلىگۈچى B نىڭ ئىنكارى كونتېكىستتا مۇۋاپىق كېلىۋېرىدۇ. ئەگەر بىز سۆزلىگۈچى A نىڭ سوئالىنى يۇقىرىقىدەك چۈشەنگەن چېغىمىزدا تۆۋەندىكى لوگىكىغا ئۇيغۇن جاۋابنى ئاڭلىساق نامۇۋاپىق تۇيۇلىدۇ:

(23) ھەئە، تۇرسۇننىڭ ئىككى ئاكىسى بار [ئەمەلىيەتتە ئۈچ ئاكىسى تۇرغان يەردە]. ئەلۋەتتە بۇ جاۋابنىڭ كونتېكىستتا مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقى يۇقىرىقى سوئالنى چۈشىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، كونتېكىستتىن بىرەر ئىشنى بجىرىش ئۈچۈن كەم دېگەندە تۇرسۇننىڭ ئىككى ئاكىسى بولۇشى كېرەكلىكى ئايدىڭلاشقاندا (21) جۈملىدىكى سۆزلىگۈچى A نىڭ سوئالىنى «تۇرسۇننىڭ كەم دېگەندە ئىككى ئاكىسى بارمۇ؟» دېگەن مەنىدە چۈشەنسەك، (20) جۈملىدىكى جاۋابمۇ مۇۋاپىق بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى ھەر ئىككى ئەھۋال كونتېكىستنى چۈشىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

### 2) يوشۇرۇن ئىنكار ۋە ئىككىلىنىش

نۇتۇق پائالىيىتىدە شۇنداق ئەھۋالمۇ كۆرۈلىدۇكى، سۆزلىگۈچى كونتېكىستنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن سوئال سورىغۇچىنىڭ رايىغا بېقىپ ياكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن تېگىشلىك بولۇشسىز بايانىدىن ۋاز كېچىدۇ ـ دە قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى بولۇشلۇق بايان بىلەن ئىنكار قىلىدۇ. بىز بۇنى يوشۇرۇن ئىنكار دەپ قارايمىز. مەسىلەن گالاگېر خانىم بىر ئىرلاندىيە شائىرىنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ، بەزىلەرنىڭ ئىرلاند ئەدەبىياتى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا تېز ئارىدا يەر شارىدىن يوقىلىدۇ، دېگەن قارىشىنى مۇنداق رەت قىلىدۇ: «بەزىلەر ئىرلاند ئەدەبىياتىنى تېز ئارىدا يوقىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، مېنىڭچە ئىرلاند مەدەنىيىتى قۇياش نۇرى ئۆچكەن كۈنى ئاندىن يوقىلىدۇ.» (Tess Gallagher، 1994) بۇ يەردە ئىرلاندىيە شائىرى گەرچە «يوقالمايدۇ» دېگەن سۆزنى

ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن بايانىدا يەنىلا ئىرلاند ئەدەبىياتىنىڭ يوقالمايدىغانلىقى قەتئىي تۇس بىلەن ھۆكۈم قىلىنغان. چۈنكى ئىرلاند ئەدەبىياتىنىڭ يوقىلىش ۋاقتى قىزياش نۇرىنىڭ ئۆچۈش ۋاقتى بىلەن باغلانغان. ھالبۇكى، قۇياش نۇرىنىڭ ئۆچۈش ۋاقتى ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ بىلىش چېكىدىن ھالقىغان نامەلۇم بىر ۋاقىتتۇر. ھەرقانداق شەيئى مۇئەييەن زامان ۋە ماكاندىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ بىر خىل يوشۇرۇن ئىنكاردۇر. مۇشۇنداق يوشۇرۇن ئىنكار ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

(24) چاقچاقچى بالا: — قاچان توي قىلىسىز؟

ئۇياتچان قىز: — قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگە تام بېشىدا ماڭغاندا. بۇ دىئالوگدىمۇ توي ۋاقتىنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس بىر ۋەقەلىككە باغلىنىشى بىلەن جاۋاب «توي قىلمايمەن» دېگەن بىلەن باراۋەر بولۇپ چىققان.

يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا كېيىن بولىدىغان بىر ئىش ئۈچۈن شەرت قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق بولغاچقا، بولۇشلۇق باياندىن ئىنكار نەتىجىسى كېلىپ چىققان.

نۇتۇق پائالىيىتىدە يەنە شۇنداق كونتېكستمۇ ئۇچرايدۇكى، ئۇنىڭدا سۆزلىگۈچى بولۇشلۇق ھۆكۈم قىلسىمۇ، بولۇشسىز ھۆكۈم قىلسىمۇ، ھەر ئىككىسى نامۇۋاپىق بولۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە سۆزلىگۈچىدە ئىككىلىنىش ۋە ئارسالدى بولۇش پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ. لۇشۈن ئەپەندى «مۇھاكىمە» ناملىق ھېكايىسىدە ئوقۇتقۇچىسىنى ۋاستە قىلىپ مۇنداق بىر ئىشنى بايان قىلىدۇ: بىر ئائىلىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بوۋاق بىر ئايلىق بولغاندا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مېھمانلار ئالدىغا ئەپچىقىپ، ئۇلاردىن بىر ياخشى بىشارەت ئاڭلاشنى ئارزۇ قىپتۇ. مېھمانلاردىن بىرى «بۇ بالا چوڭ بولغاندا باي بولىدۇ» دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەشقاللا ئاپتۇ. يەنە بىرى «بۇ بالا چوڭ بولغاندا ئەمەلدار بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باركاللا ئاپتۇ. يەنە بىرى «بۇ بالا چوڭ بولغاندا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپتىكەن، ئۇ دۇمباللىنىپتۇ. لۇشۈن بۇنىڭغا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، «ئۆلىدۇ» دېگەن كىشى ھەق گەپ قىلغان، باي ـ ئەزىز بولىدۇ دېگەن كىشى يالغان ئېيتقان. مەن يالغان ئېيتىپ باركاللا ئېلىشنىمۇ، راست گەپ قىلىپ دۇمباللىنىشنىمۇ خالىمايمەن. شۇڭا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئوقۇتقۇچى مۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ: «ئۇنداقتا سەن: پاھ! بۇ بوۋاقنى قاراڭ! بۇنىڭغا قارىڭا! پاھ، ئېمە دېگەن... «ۋاي ئاللا، ھاھا! He, he he he he! He he! دېسەڭلا بولىدۇ» (لۇشۈن، «ياۋا گىيا»، 1975)

لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەر بويىچە ئېيتقاندا، بىر نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇنى يا ئىنكار قىلىش ياكى بولمىسا تەستىقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى كونتېكستتا بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىسى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، شۇڭا ھەقىقىي پىكىرنى يوشۇرۇپ، ئارسالدى پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا كونا جەمئىيەتنىڭ يولسىزلىقى سەۋەبچى بولغان. يەنە بەزى ئەھۋاللار باركى، ئۇنىڭدا سۆزلىگۈچى مەسىلىنىڭ تېگىگە تولۇق يېتىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن قانداق ھۆكۈم قىلىش ياكى قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش ئۈستىدە ئارسالدى بولىدۇ ياكى ئىككىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق ئەھۋال كۆپىنچە «مىكىن»، «مىكىن» دېگەن ئۇلانما بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شېكسپىر ياراتقان ئىككىلىنىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئوبرازى خاملېتنىڭ To be or not to be «ياشىغۇلۇقمۇ يا ئۆلگۈلۈكمۇ» دېگەن سۆزى كۆپ ھاللاردا ئىككىلىنىشنىڭ تىپىك مىسالى قىلىپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

دېمەك، نۇتۇق پائالىيىتى كونتېكستقا بېقىنىدۇ. ئۇنىڭدا ۋاقىتنىچە بولسىمۇ بىر دەم بولۇشلۇق، بىر دەم بولۇشسىز ھۆكۈم چىقىرىپ ياكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىككىلىنىپ غوۋا پىكىر قىلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ.

## 5. بولۇشسىزلىق كۈچەيتكۈچلىرى ۋە قوش بولۇشسىزلىق

نۇرغۇن تىللاردا بولۇشسىزلىق مەلۇم تەركىبلەرنىڭ، بولۇپمۇ رەۋىشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچەيتىلىپ قەتئىيلىك تۈسىنى ئالىدۇ ۋە ئومۇمىي ئىنكارنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك نۇتۇق پائالىيىتىدە قوش بولۇشسىزلىق ۋاسىتىسى ئارقىلىق بولۇشلۇق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىككى خىل ھادىسە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەۋجۇت.

### 1) بولۇشسىزلىق كۈچەيتكۈچلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا بەزى رەۋىشلەر باركى، ئۇلار جۈملىدە كۆرۈلگەندە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم بولۇشسىز بولۇپ چىقىدۇ ھەم بولۇشسىزلىق دەرىجىسى كۈچەيتىلىدۇ. بۇنداق رەۋىشلەردىن بىز «ھەرگىز»، «قىلچە»، «بىرمۇ»، «ئانچە» دېگەنلەرنى مىسالغا ئالىمىز. بۇ رەۋىشلەر ئىشلىتىلگەندە جۈملىنىڭ بولۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار بىلەن جۈملىنىڭ خەۋىرى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ماسلىشىش قائىدىسى مەۋجۇت:

(25) (a) ھەرگىز «ھەرگىز» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالما.①

(b) بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق.

(c) بۈگۈن كوچىدا بىرمۇ ئادەمنى ئۇچراتمىدىم.

(d) ئۇنىڭ چىرايى ئانچە ئۆزگەرمەپتۇ

بىز يۇقىرىقى رەۋىشلەرنى بولۇشسىزلىق رەۋىشلىرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز. بۇندىن باشقا يەنە «زادى»، «پەقەت» دېگەن رەۋىشلەرمۇ كۆپ ھاللاردا بولۇشسىزلىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن ئۇلارنى بولۇشلۇق رەۋىشلىرى دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بولۇشلۇق جۈملىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ:

(26) (a) بۇ ئىشنى زادى مۇشۇنداق قىلىش كېرەك.

(b) ئۇ پەقەت مۇشۇ ئىشنىلا بىلىدۇ.

ئەمدى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ھېچ-» دېگەن ئالدى قوشۇمچىغا كەلسەك، بۇ قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىدا سوراق ئالماشلىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ ھېچكىم، ھېچنېمە، ھېچقاچان، ھېچقانداق دېگەندەك بولۇشسىزلىق ئالماشلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. (خەمىت تۆمۈر، 156: 1987) بولۇشسىزلىق ئالماشلىرىمۇ خۇددى بولۇشسىزلىق رەۋىشلىرىگە ئوخشاش ئۆزى قاتناشقان جۈملىلەرنىڭ چوقۇم بولۇشسىز بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ ھەمدە ئومۇمىي ئىنكاردىن بىشارەت بېرىدۇ.

مەيلى بولۇشسىزلىق رەۋىشلىرى بولسۇن، مەيلى بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى بولسۇن، ئۇلار بولۇشسىزلىقتىن بىشارەت بېرىدىغان ۋە ئۇنى كۈچەيتىدىغان تەركىبلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزىدە بولۇشسىزلىق مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزىدە بولۇشسىزلىق بولغان بولسا، جۈملىنىڭ خەۋىرىدىكى پېئىللار بولۇشلۇق بولۇشى كېرەك ئىدى ھەمدە ئەگەر جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز بولغاندا، بىز تۆۋەندە توختالماقچى بولغان «قوش بولۇشسىزلىق» قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

### 2) قوش بولۇشسىزلىق

بەزى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئىككى پېئىلدىن، يەنى كۆپ ھاللاردا بىر باش پېئىل ۋە بىر ياردەمچى پېئىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا پېئىللارنىڭ بىرىنى ياكى ھەر ئىككىسىنى تەڭلا بولۇشسىز قىلىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسى بولۇشسىز بولسا، قوش بولۇشسىزلىق پەيدابولىدۇ-دە، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى ئىنكار قىلىپ، بولۇشلۇق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. لوگىكىدا ئۇنى ئىنكارنى ئىنكار قىلىش مۇئەييەنلەشتۈرۈش دېمەكتۇر، دەپ تەبىر بېرىپ «p=p ~ ~» دېگەن فورمۇلا بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

قوش بولۇشسىزلىق تىللاردا ئۇچرايدىغان ئومۇمىي ئەھۋال. ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، تۈس ياردەمچى پېئىللىرى باش پېئىلنىڭ مەلۇم رەۋىشداش ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ قوش پېئىللىق خەۋەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. قوش

---

① ئىنگلىزچە ماقال «Never say never» دېگەننىڭ ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمىسى

بولۇشسىزلىقمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇ:

(27) (α) بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاڭلانماي قالمىدى = ئاڭلاندى.

(b) ئۇنى تاپمىماي قويمايمەن = تاپىمەن.

(c) تونۇمايۋاتمايمەن = تونۇۋاتىمەن. (خەمىت تۆمۈر، 1987)

بۇنداق قۇرۇلمىلاردا يەنە شەرت رايى بىلەن كەلگەن «بول -» مۇ كۆرۈلىدۇ:

(d) بارمىساڭ بولمايدۇ = بېرىشىڭ كېرەك.

(e) بار مىسام دېمەيمەن = بارسام دەيمەن.

(f) بار مايمەن دېمەيمەن = بارىمەن

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە لوگىكىدا قوش بولۇشسىزلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇشلۇق بىلەن باراۋەر دېگەن قائىدە توغرا بولسىمۇ، لېكىن قوش بولۇشسىزلىق بىلەن مۇناسىپ بولۇشلۇقنىڭ سۆز ئۇرامى باراۋەر ئەمەس. تىلدىكى بۇنداق جانلىقلىقنى لوگىكا فورمۇلاسى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى (27) (α) جۈملىدە ئۆتكەن زاماندا كەلگەن قوش بولۇشسىزلىق «بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاڭلانماي قالمىدى» دېگەننىڭ سۆز ئۇرامى مۇناسىپ بولۇشلۇق بايان «بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاڭلاندى» دېگەننىڭ سۆز ئۇرامىدىن ئاجىز. بىراق تۆۋەندىكى كېلەر زامان ئىشلىتىلگەن مىسالدا بولسا قوش بولۇشسىزلىقتىكى (c) نىڭ سۆز ئۇرامى مۇناسىپ بولوشلۇق (a) دىن كۈچلۈك، (b) نىڭ سۆز ئۇرامى ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا:

(28) (α) مەن ئۇنى تاپىمەن.

(b) مەن ئۇنى چوقۇم تاپىمەن.

(c) مەن ئۇنى تاپمىماي قويمايمەن.

قوش بولۇشسىزلىق تىلغا ئېلىنغاندا، باشقىلارنىڭ بولۇشسىز بايانىنى ئىنكار قىلىش (يۇقىرىقى 3.2. بۆلەككە قارالسۇن) بىلەن يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك سۆزلىگۈچى ئۆزى مەقسەتلىك ئىشلەتكەن قوش بولۇشسىزلىق قۇرۇلمىسىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. باشقىلارنىڭ بولۇشسىز بايانىنى ئىنكار قىلىشتا كۆپىنچە «ئەمەس» دېگەن بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىرسى «تۇرسۇن مەكتەپكە بارمىدى» دېگەن بولۇشسىز بايانى ئوتتۇرىغا قويسا، بىز ئۇنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن «تۇرسۇن مەكتەپكە بارمىدى ئەمەس، باردى» دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر خىل قوش بولۇشسىزلىق. لېكىن بۇنداق قۇرۇلمىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش دەرىجىسى يۇقىرىقى قۇرۇلمىلاردىكىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ، يەنى سۆز ئۇرامى ئىنكارنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بولۇپمۇ ھەر ئىككى پېئىل مۇستەقىل بولغان قۇرۇلمىلاردا قوش بولۇشسىزلىقتىن بولۇشلۇق يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

(29) بار مايمەن دېمىدىم ≠ بارىمەن دېدىم.

بۇ جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ «بارمايمەن دېمىگەن» لىكى ئېنىق، لېكىن ئۇنىڭدىن «بارىمەن دېگەن» لىك چىقمايدۇ. بەلكىم سۆزلىگۈچى بارمايمەنمۇ دېمىگەن، بارىمەنمۇ دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە سۆزلىگۈچى پەقەت قارشى تەرەپنىڭ «بارمايمەن دېدىڭ» دېگەن قارىشىنىلا رەت قىلغان . ئەمەلىيەتتە سۆزلىگۈچى ھېچنېمە دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇ قاتاردا بىز يەنە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان بولۇشسىز سۆزلەرنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنىمۇ قوش بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزىمىز:

(30) (α) نامۇۋاپىق بولمايدۇ = مۇۋاپىق بولىدۇ.

(b) روھسىز كۆرۈنمەيدۇ = روھلۇق كۆرۈنىدۇ.

(c) بىتەلەي ئەمەس ≠ تەلەيلىك

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىدىن بولۇشلۇق يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتى بار. لېكىن (c) دىكى «بىتەلەي ئەمەس» دېگەننى ئالدىراپ «تەلەيلىك» دەپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئارىلىقتا ھەر ئىككىسىگە توغرا كەلمەيدىغان نورمال ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا بىز مورفولوگىيە ۋە سىنتاكس ۋاسىتىلىرى بىلەن شەكىللەنگەن بولۇشسىزلىقنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان قوش بولۇشسىزلىق ئۈستىدە تەھلىل قىلدۇق. تۆۋەندە بىز يەنە قارشى

www.uyghurkitap.com

مەنىلىك سۆزلەردىكى بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق بولۇشسىزلىرىنى ئىنكار قىلىپ بولۇشلۇق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىنى ئېنىمىزگە ئېلىشىمىز مۇمكىن. قېنى بۇ مەسىلىنىمۇ كۆرۈپ باقايلى.

قارشى مەنىلىك سۈپەتلەر مۇتلەق قارشى مەنىلىك ۋە نىسپىي قارشى مەنىلىك دەپ ئايرىلىدۇ. (گېلىك فىبى، 1982) مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۈپەتلەردىن ئەر: ئايال، ئۆلۈك: تەتۈر، مۇسبەت: مەنپىي دېگەنلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ بىرى ئىنكار قىلىنسا، تەبىئىي ھالدا يەنە بىرى تەستىقلىنىدۇ. بۇ يەردە بىز تېمىمىزنىڭ چەكلىمىسى بىلەن بولۇشسىزلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنىلا كۆرۈپ باقايلى:

(31) (a) ئايال ئەمەس =ئەر (ئەڭ نورمال ئەھۋالدا)

(b) خاتا ئەمەس =توغرا

(c) مەنپىي ئەمەس = مۇسبەت

نىسپىي قارشى مەنىلىك سۈپەتلەرنىڭ بىرى ئىنكار قىلىنسا، يەنە بىرىنىڭ مۇئەييەنلىشىشى ناتايىن. چۈنكى ئارىلىقتا ھېچقايسىسىغا تەۋە ئەمەس ئوتتۇرا ھال خۇسۇسىيەتلەر بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

(32) (a) كىچىك ئەمەس ≠ چوڭ

(b) ئاستا ئەمەس ≠ تېز

(c) پەس ئەمەس ≠ ئېگىز

لېكىن ئەمەلىي نۇتۇق پائالىيىتىدە كىشىلەر بۇنداق سۈپەتلەرنىمۇ مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۈپەتلەردەك بىرىنى ئىنكار قىلىپ يەنە بىرىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. مەسىلەن خەنزۇچىدىكى 不错 كۆپىنچە 好 دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرچىدىمۇ «يامان ئەمەس» دېگەننى «ياخشى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىش خېلى ئادەت بولۇپ قالدى. شۇنىسى ئېنىقكى، «يامان ئەمەس» دېگەننىڭ ياخشىلىق دەرىجىسى «ياخشى» دېگەننىڭ ياخشىلىق دەرىجىسىدىن ئاجىز.

پېئىللارنىڭ قارشى مەنىلىكلىرىمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، ياز-: ئۆچ-، بارلىقتا كەل-: يوقال-، تىرىل-: ئۆل-، ماڭ-: توختا - دېگەندەك. لېكىن بۇلارنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلىپ يەنە بىرىنىڭ مەنىسىنى ئاڭلاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردا ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا بىر پېئىلنىڭ ئىنكار قىلىنىشى شۇ پېئىل دائىرىسىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، «چىراق ئۆچمىدى» دېگەن سۆز «چىراقياندى» دېگەننى بىلدۈرمەستىن، بەلكى ئەسلىدە يېنىق چىراقنىڭ ئۆچمىگەنلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆزلەردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## 6. بولۇشسىزلىقتىكى ئورۇن ئالماشتۇرۇش

ئىنگلىز تىلىدا think «ئويلا-»، want «خالا-، كويىدا بول-»، believe «ئىشەن-»، suppose «جەزملەشتۈر-، قىياس قىل-» دېگەندەك پېئىللار سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم بىر پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەندە، ئەسلىدە بۇ پېئىللارنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كەلگەن جۈملىدىكى بولۇشسىزلىق مۇشۇ پېئىللارنىڭ ئۆزىگە يۆتكىلىدۇ. لېكىن مەنەن ئۆزگىرىش چىقمايدۇ. بۇنى ئىنگلىز تىلىدا Negation transport «بولۇشسىزلىقتىكى ئورۇن ئالماشتۇرۇش» دەپ ئاتايدۇ (گىۋون، 1984):

(33) (a) I think he didn't come. «مەن ئۇنى كەلمىدى دەپ ئويلايمەن».

(b) I don't think he came. «مەن ئۇنى كەلدى دەپ ئويلىمايمەن».

(34) (a) I wanted not to go. «مەن بارماسلىقنى خالىغانتىم (بارماي دېگەنتىم)»

(b) I didn't want to go. «مەن بېرىشنى خالىمىغانتىم (باراي دېمىگەنتىم)».

يۇقىرىقى (a) جۈملىلەر مۇناسىپ (b) جۈملىلەرگە قارىغاندا سىنتاكسىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن تېخىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «ئويلاش» ۋە «خالاش» ھەرىكەتلىرى ئەمەلىيەتتە بولغان. بولمىغىنى ئۇلارنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كەلگەن جۈملىدىكى پېئىللار ئىپادىلىگەن «كېلىش» ۋە «بېرىش» ھەرىكەتلىرىدۇر. بىراق ئادەت بويىچە (b) جۈملىلەر نۇتۇقتا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

مەتتا تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ (b) جۈملىلەرنى ئىشلىتەلىشى ئىنگلىزچىنى پىششىق ئىگىلىنەلىگىنىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، دەپ قارىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىنگلىز تىلىدا بۇنداق قۇرۇلمىلار كۆپ ئەمەس. ئەگەر مەنا جەھەتتىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پېئىللاردىن كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولغان باشقا پېئىللاردىكى بولۇشسىزلىقنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلىدىغان بولسا، جۈملىنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بولۇشسىزلىقنىڭ ئورۇن ئالمىشىش ئەھۋالى بار. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «قارا -»، «ئويلا -» دېگەندەك پېئىللار بىلەن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە بولۇشسىزلىقنىڭ كۆچىشى كۆرۈلسە، جۈملە مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

(35) (α) بۇ ئىشنى توغرا ئەمەس دەپ قارايمەن.

(b) بۇ ئىشنى توغرا دەپ قارىمايمەن.

(36) (α) مەن ئۇنداق بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن.

(b) مەن ئۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىمايمەن.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىقى (α) جۈملىلەر مۇناسىپ (b) جۈملىلەردىن مەنەن پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن سۆز ئۇرامى جەھەتتىن كۈچلۈكرەك، سۆزلىگۈچىنىڭ پىكرىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئۇدۇل ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ قايسىسىنى تالLاش كونتېكىستقا باغلىق. بۇلارنىڭ پەرقىنى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ستىلىستىكا نۇقتىلىرىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن. تۆۋەندىكى مىسالنىمۇ ئاشۇنداق تەھلىل قىلىشقا بولىدو.

(37) (α) بۇندىن كېيىن ئۇستەل ئۈستىگە خەت ياز مىساڭ بولىدۇ.

(b) بۇندىن كېين ئۇستەل ئۈستىگە خەت يازساڭ بولمايدۇ.

ئەگەر جۈملىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ مۇستەقىل مەنىلىرى كۈچلۈك بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىدىكى بولۇشسىزلىقنىڭ يەنە بىرىگە كۆچۈشىدىن ھاسىل بولغان مەنىلەرنى بىر بىرىگە باغلاش مۇمكىن ئەمەس:

(38) (α) مەن كۆرگەزمىنى كۆر مەي كەلدىم.

(b) مەن كۆرگەزمىنى كۆرۈپ كەلمىدىم.

يۇقىرىقى (α) جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ كۆرگەزمە بار جايغا بارغانلىقى، ئەمما ئۇنى كۆرمىگەنلىكى ھەمدە قايتىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق ئۇچۇرلار ئېنىق ئىپادىلەنگەن. لېكىن (b) جۈملىدە بىرنەچچە خىل چۈشەنچە ئۇچۇر بار: بىرىنچى، سۆزلىگۈچى كۆرگەزمىنى كۆرۈپ بولۇپ، كېلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئىككىنچى، سۆزلىگۈچى كۆرگەزمىخانىغا بېرىپ، ئۇنى كۆرمەي كەلگەن. ئۈچىنچى، سۆزلىگۈچى ھەم كۆرگەزمە بار جايغا بارمىغان ھەم ئۇنى كۆرمىگەن. بۇ مەنىلەردىن پەقەت ئىككىنچىسىلا (α) جۈملىدىكىگە تەڭ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈس ياردەمچىلىرى بىر خىل ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان پېئىللاردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئانچە يوقاتمىغان. شۇڭا بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسىنى باش پېئىلغا قويغان قۇرۇلما بىلەن ئۇنى تۈس ياردەمچىسىگە قويغان قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى روشەن بولىدۇ:

(39) (α) ئۇلار خەت يېزىشىپ تۇر مىدى.

(b) ئۇلار خەت يېزىشمايتۇردى.

يۇقىرىقى (α) جۈملىدە «خەت يېزىشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ بىر خىل پىلانلىق ھەرىكەت بولۇشى ناتايىن. لېكىن (b) جۈملىدە بۇنداق خەت يېزىشماسلىق ھالىتىدە پىلانلىق ياكى مەقسەتلىك «تۇرغان» لىق بىلىنىدۇ. يەنە تۆۋەندىكى مىسالغا قارايلى:

(40) (α) تۇرسۇن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىماي قالدى.

(b) تۇرسۇن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالمىدى.

بۇ يەردىكى (α) جۈملىدە تۇرسۇننىڭ مەلۇم سەۋەبتىن خەۋەرنى ئاڭلىمىغانلىقى بىتەرەپ بايان قىلىنغان. (b) جۈملىدە بولسا تۇرسۇننىڭ خەۋەرنى ئاڭلىمىغانلىقى بىر خىل ئېھتىياتچانلىق ياكى ئەندىشە ئىچىدە بايان قىلىنغانلىقى بىلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ھەقىقىي مەنىدىكى بولۇشسىزلىقنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى يوق دېيەرلىك. بار دېيىلسە، پەقەت يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «ئۇيلا -»، «قارا -» دېگەندەك پېئىللار بىلەن تۈزۈلگەن قۇرۇلمىلاردا كۆرۈلىدۇ. باشقا مىساللاردىكى ئوخشىمىغان قۇرۇلمىلارنى ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۈزۈلگەن بولۇشسىزلىق دەپ قارىماي بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 7. بولۇشسىزلىقنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىدىكى چەكلىمىلىك

ھەرقانداق بىر تىلدا بولۇشلۇق بايان مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بولۇشسىزلىقنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى ياكى كونتېكىستتا كۆرۈلۈش چاستوتىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز بايانلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ستاتىستىكا قىلىپ كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بولۇشسىزلىقنىڭ نىسبىتى بولۇشلۇقتىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىرنەچچە تەرەپتىن تەھلىل قىلىمىز:

بىرىنچىدىن، ئىنسانلار تىل ئالاقىسىدا بىر بىرىگە يېڭى ئۇچۇر يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، بىز ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يېڭى ئۇچۇر بولۇشلۇق بايانىدا بولىدۇ. بولۇشسىز بايان بولسا مۇناسىپ بولۇشلۇق بايان ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، يەنى كونتېكىستتا مۇناسىپ بولۇشلۇق بايانىدىكى ئۇچۇرنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭغا زىت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر تېپىلغاندىلا، بولۇشسىز بايان ئىشلىتىلىدۇ. بىز بولۇشسىز بايانىدا يېڭى ئۇچۇر بولمايدۇ، دەپ ئۈزۈپ ئېيتالمايمىز، لېكىن ئۇنىڭدىكى يېڭى ئۇچۇرنىڭ بولۇشلۇق بايانغا قارىغاندا ئاز ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمىز. ئەگەر ئۇچۇرنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەھلىل قىلىش توغرا كەلسە، بىز بولۇشلۇق بايان ئۇچۇرنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ، بولۇشسىز بايان ئۇچۇرنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. بولۇشلۇق بىلەن بولۇشسىزلىقنىڭ ئۇچۇر قىممىتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقى تىلدا ھامان ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىقنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى تۆۋەن بولغاندىن سىرت، بەزى قۇرۇلمىلارنىڭ بولۇشلۇق شەكلىلا باركى، بولۇشسىز شەكلى يوق. مەسىلەن، «ماق» ھەرىكەتنامىنى ئالايلى:

| | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|---|
| (41) | يازماق | *يازماماق |
| | كۆرمەك | *كۆرمەمەك |

(بۇ يەردىكى * بەلگىسى گىراماتىكىغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.)

شۇنىڭدەك «پ» رەۋىشداش بىلەن «ئا» رەۋىشداش ئىككىسى بىر خىل بولۇشسىز شەكىلنى ئورتاقلىشىدۇ:

| | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|---|
| (42) | يېزىپ | يازماي |
| | يازا - يازا | ياز ماي - ياز ماي |

«ش» ھەرىكەتنامىنىڭ بولۇشسىز شەكلىمۇ «-ر ~ ار ~ ەر» سۈپەتدىشىنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە:

| | بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|---|
| (43) | يازار | ياز ماس |
| | يېزىش | ياز ماسلىق |

ۇنداق تەڭ ئورتاق بولۇشسىزلىق شەكىللەر ئەسلىدە بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلنىڭ ئىنكارى بولۇپ،

قالغان شەكىللەرنىڭ بىر قائىدە بويىچە كۆتكەن بولۇشىنى جۈپى تىلىمىزدا كۆرۈلمەيدۇ. پۈتكەن تۇس ۋە ئىمكان تۇس ياردەمچىلىرىمۇ پەقەت رەۋىشداشىنىڭ بولۇشلۇق ئۈزىكىگىلا قوشۇلىدۇ، بولۇشسىزلىق زۆرۈر تېپىلسا، تۇس ياردەمچىسىنىڭ ئۈزىگە قوشۇلىدۇكى، باش پېئىلغا قوشۇلمايدۇ.

(44) يېزىپ بولمىدىم («يازماي بولدىم» دېگىلى بولمايدۇ.)

يازالمىدىم («يازمىيالىدىم» دېگىلى بولمايدۇ.)

بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ، مورفولوگىيىدە كۆرۈلگەن بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىق شەكىللىرىدىمۇ مۇشۇنداق تەڭپۇڭسىزلىقنى ئۇلارنىڭ ئۇچۇر قىممىتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا بولۇشلۇق بىلەن بولۇشسىزلىقنىڭ ئۇچۇر قىممىتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقىغا نېمە سەۋەبچى بولغان؟ گىۋون (1984) نىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشى ۋە بىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جىمجىتلىق ۋە ئادىتىي ھەرىكەتلەر ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ئالەمدە پەقەت شەيئىلەرنىڭ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھەرىكەتلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىلا ئىنسانلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەركى، شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتلەنمەسلىكى ياكى ئەسلى ھالىتىدە تۇرۇۋېرىشى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايدۇ. ھالبۇكى، بولۇشلۇق باياندا ھەرىكەت ياكى ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇچۇر قىممىتى بولىدۇ. بولۇشسىز باياندا ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىنىشى يېڭى ئۇچۇر يەتكۈزگەن ھالەتتىمۇ ئۇ يەنىلا مۇناسىپ بولۇشلۇق بايانىدىكى ئۇچۇرنىڭ سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىغا ئايان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭدا ئۇچۇر قىممىتى بولمايدۇ. مانا بۇ تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ تۈپ سەۋەبى.

ئىككىنچىدىن، دەل يۇقىرىقى بىرىنچى سەۋەب بولغاچقا، تىل ـ ىزدىكى بولۇشلۇق قۇرۇلما قارا چېكىكسىز تەركىب، بولۇشسىز قۇرۇلما بولسا قارا چېكىكلىك تەركىب ھېسابلىنىدۇ. قارا چېكىكلىك تەركىبلەرنىڭ تىلدا ئىشلىتىلىش نىسبىتى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

(45) (α) سىز ئاچقۇچنى نەگە قويغان ئىدىڭىز؟

(b) ؟سىز ئاچقۇچنى نەگە قو يمىغان ئىدىڭىز؟ (گىۋون، 1984)

(46) (α) تۈنۈگۈن سىز كوچىدا ئۇچراتقان ئادەم بىزنىڭ ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

(b) ؟ تۈنۈگۈن سىز كوچىدا ئۇچراتـمىغان ئادەم بىزنىڭ ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

(جۈملە بېشىدىكى سوئال بەلگىسى «؟» جۈملىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.)

يۇقىرىدىكى (45) (α) ۋە (46) (α) جۈملىلەر ئەڭ نورمال ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان جۈملىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بولۇشسىز جۈپى (45) (b) ۋە (46) (b) جۈملىلەر بولسا ھەقىقەتەن غەلىتە تۇيۇلىدۇ ۋە ئەمەلىي نۇتۇقتا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. چۈنكى بۇ چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدا يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەت چەكلىك بولىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېلىنىدۇ؛ يۈز بەرمىگەن ئىش ـ ھەرىكەت بولسا چەكسىز بولىدۇ ھەمدە ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا (45) (b) جۈملىدە ئاچقۇچنىڭ قويۇلمىغان جايىنى ئېنىقلاش ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بەلكىم سوئال سورىغۇچى ئاچقۇچنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بولۇش ئېھتىمالى بار ھەممە جايلارنى ئىزدەپمۇ تاپالماي، ئاخىرى ئاچقۇچ بار يەرنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئاچقۇچنىڭ يوق يېرىنى مەن بىلىمەن دېگەن پىكىردە مۇشۇنداق دېيىشى بولۇشى مۇمكىن. (46) (b)* جۈملىنىڭ غەلىتىلىكى بىر ئاز يەڭگىل. بىر ئادەمنىڭ كوچىغا چىقىپ ئۇچراتقان ئادىمى چەكلىك بولىدۇ، لېكىن ئۇچراتمىغان ئادىمى چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق چەكسىزلىك بىلەن مەلۇم بىر ئادەمنى ئېنىقلاپ كۆرسىتىش تەس. بىراق بەلگىلىك ساندىكى ئادەم ئىچىدە ئاڭلىغۇچى ئۇلارنىڭ قالغانلىرىنى ھەممىسىنى ئۇچرىتىپ پەقەت بىرىنىلا ئۇچراتمىغان بولسا، بۇ جۈملە يەنە غەلىتە تۇيۇلمايدۇ. دېمەك، بۇ يەردە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقى ئومۇمىي ئەھۋال ھېسابلىنىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولماسلىقى يېڭى ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بولغان. بۇنداق ئەھۋال تۆۋەندىكى جۈملىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

(47) (α) كوچىدا كېيىم كىيگەن بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم.

(b) كوچىدا كېيىم كىيـمىگەن بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم.

كېيىم كىيىش ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئورتاق بولغانلىقتىن بولۇشلۇق باغلانما جۈملىنى ئۆز ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

ئالغان (47) (a) جۈملە ھېچقانداق ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە (b) جۈملىدىكى بولۇشسىز باغلانما جۈملە كىشىلەرگە يېڭى ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ. بۇ مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، بولۇشسىز جۈملىلەرمۇ يېڭى ئۇچۇر ئېلىپ كېلىدۇ. شەرت شۇكى، ئۇلارنىڭ مۇناسىپ بولۇشلۇق جۈپىدە بىلدۈرۈلگەن ئىش ـ ھەرىكەت چوقۇم سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىغا ئايان بولغان ئومۇمىي ئەھۋال بولۇشى كېرەك. بولۇشسىزلىق بولۇشلۇقنى ئاساس قىلىدۇ، دېگىنىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى مۇشۇ يەردە.

بىز لېكسىكىدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىمۇ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز دەپ ئايرىدۇق. بۇلارنىڭ بولۇشسىزلىرىمۇ ھەرقايسى تىللاردا قارا چېكىتلىك تەركىب بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك سوئال جۈملىلەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ:

(48) (a)你多大了？

How old are you?

(b)？你多小了？

? How young are you?

يۇقىرىدىكى (a) جۈملىنى ئۇيغۇرچىغا «سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. خەتمۇ-خەت قارىساق خەنزۇچىدا 大 «چوڭ» نى 小 «كىچىك» كە قارشى، ئىنگلىزچىدا old «قېرى» نى young «ياش» قا قارشى ئىشلەتكەن. بۇ يەردە تىللارنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىدىكى پەرق مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى (b) جۈملىدە «كىچىك» ۋە «ياش» دېگەن ئىنكار مەنىدىكى قارا چېكىتلىك سۈپەتلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن كېلىپ چىققان غەلىتىلىك. ئۇلار بۇنداق سوئاللاردا قوللىنىلىشتا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، بەلكىم قارشى تەرەپنىڭ كىچىك ياكى ياش ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان كونتېكىستتىلا چىقالىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرچىدىكى ئەھۋالمۇ ئوخشاش: «يولنىڭ يىراقلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟»، «بۇ تاۋۇزنىڭ ئېغىرلىقى قانچە جىڭ؟»، «بىنانىڭ ئېگىزلىكى قانچە مېتىر؟» دېگەنلەرنى بىز «يولنىڭ يېقىنلىقى قانچىلىك؟»، «بۇ تاۋۇزنىڭ يېنىكلىكى قانچە جىڭ»، «بىنانىڭ پەسلىكى قانچە مېتىر؟» دېسەك، ئوخشاشلا كونتېكىست چەكلىمىسىگە ئۇچرايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىزنىڭ تەھلىلىمىز شۇكى، دۇنيادىكى شەيئىلەر يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىدۇ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ھامان مۇشۇنداق تەرەققىياتنىڭ بولۇشلۇق تەرىپىدۇر.

ئادەتتىكى تۇرمۇشىمىزدىمۇ بولۇشسىز باياننى ئالدىراپ ئېغىزدىن چىقارمايدىغان مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز بىرسىدىن «پالان يەرگە بارامسىز» ياكى «پالان نەرسىنى ئالامسىز؟» دەپ سورىساق، قارشى تەرەپنىڭ ئۇ يەرگە بارغۇسى يوقلۇقى ياكى ئۇ نەرسىنى ئالغۇسى يوقلۇقى ئېنىق بولسىمۇ دەرھال «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشى ناتايىن. كۆپىنچە ئاڭلايدىغىنىمىز «ئەھۋالغا قاراپ باقاي» دېگەن سىلىق ئىنكاستۇر.

دېمەك، كىشىلەر نۇتۇق پائالىيىتىدە يوقلۇقنى، رەت قىلىشنى، قوشۇلماسلىقنى ۋە سەلبىيلىكنى ئىپادىلەيدىغان بولۇشسىزلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئەگەر بىز بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي خەجلىگەن پۇلىنى ياكى دېھقانچىلىقتىكى مو بېشى مەھسۇلاتىنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلىساقمۇ ھەيران قالمايمىز. توغرا، بەزى غەيرىي نورمال شارائىتتا كىشىلەرنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، دوختۇرخانىدا كېسەل تەكشۈرتكەندە بەزى گرافىكلارغا پىلۇس بەلگىسى «+» نىڭ ياكى بولۇشلۇق ( 阳性 ) خېتىنىڭ يېزىلىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ، چۈنكى ئۇ ساغلاملىقنىڭ بولۇشسىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما ئۇ تېخنىكىلىق ئۇقۇم، ئۇنىڭدا يەنىلا كېسەلنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ساقايتىپ ئاخىرقى ھېسابتا ساغلاملىقنى بولۇشلۇق قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

يۇقىرىدا بولۇشسىزلىقنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىدىكى چەكلىمىلىكنى ئۈچ سەۋەبكە يىغىنچاقلىدۇق. بۇندىن باشقا سەۋەبلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاساسلىقلىرى مۇشۇلار.

## 8. خۇلاسە

بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدۇق. بۇلارنى يىغىنچاقلىساق مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز:

بولۇشسىزلىق دۇنيادىكى تىللاردا كۆرۈلىدىغان ئۇنىۋېرسال ھادىسە. ئۇ كونتېكىستتا قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭغا زىت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ. بولۇشسىزلىق بولۇشلۇق بايان ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا يېڭى ئۇچۇر ئاز بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەھۋالمۇ ئوخشاش. ئۇيغۇر تىلىدا بولۇشسىزلىق مورفولوگىيە - سىنتاكسىسلىق ۋە لېكسىكىلىق يوللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پېئىل ئۆزەككە قوشۇلىدىغان بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى - ما ~ - مە (~ مد) ئەڭ ئاك ، ۋاستىدۇر. دۇنيادىكى تىللاردا بولۇشسىزلىق ئومۇمەن پېئىلدا كۆرۈلىدۇ. ئەمما ئىنكار دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە تارايتىش ۋاستىلىرىمۇ كۆپ، ئىنتوناتسىيىنى ياكى سۆز تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش ۋاستىسى ئومۇمىيلىقتا ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ ۋاستىلەر قوللىنىلىدۇ.

بولۇشسىزلىق گەرچە مەلۇم لوگىكا ئاساسىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نۇتۇقتا كونتېكىستقا قاراپ جانلىق ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە لوگىكا فورمۇلىلىرى ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدۇ.

نۇرغۇن تىللاردا بولۇشسىزلىق كۈچەيتكۈچلىرى بار، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بولۇشسىزلىقنى كۈچەيتىدىغان رەۋىشلەر بار. بۇنداق رەۋىشلەر ئىشلىتىلگەندە جۈملە چوقۇم بولۇشسىز خەۋەر بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يەنە باشقا تىللاردىكىدەك قوش بولۇشسىزلىق ئارقىلىق بولۇشلۇقنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ.

بەزى تىللاردا بولۇشسىزلىقنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىدىن جۈملە مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئايرىم ياردەمچى پېئىللار قاتناشقان جۈملىلەردىمۇ بولۇشسىزلىقنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەھۋالدا مەنە ئۆزگەرمىسىمۇ ستىلىستىكىلىق ۋە سۆز ئۇرامى جەھەتتىكى پەرقلەر كۆرۈلىدۇ.

تىلدىكى بولۇشسىزلىق قارا چېكىكلىك تەركىب بولۇپ، ئىشلىتىلىش نىسبىتى جەھەتتە روشەن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. Chomsky, N. (1957) Syntactic Structure, Mouton, The Hague.

2. Comrie, B. (1981) Language Universals and Linguistic Typology, Chicago: Chicago University Press.

3. Gallagher, Tess, (1994) A speech at the 119 th Annual Commencement of the University of Washington.

4. گېك فېي: «قارشى مەنىلىك سۆپەتلەر»، «تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى» 1982 - يىل 3 - ساندىكى «تەرجىمە مۇسابىقىسىغا قاتنىشىڭ» ۋە 1983 - يىل 1 - ساندىكى «تەرجىمە مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىسى» گە قارالسۇن

5. givon, T. (1984) Syntax, A Functional-Typological Introduction, V. I, John Benjamins Publishing Company.

6. Greenberg, J. H. (1963) Universals of Language, Cambridge, Mass: MIT Press.

7. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» (مورفولوگىيە)، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

8. لىتىپ توختى: (ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلانما 〈بېقىندى〉 جۈملە)《维吾尔语的关系句》، 《民族语文》 1995 - يىللىق 6 - سان.

9. 刘润清等编《现代语言学名著选读》,上,测绘出版社,1988。

10. لۇشۇن: «مۇھاكىمە»، «ياۋا گىيا» 55، 56 - بەتلەر، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1975 - يىل نەشرى.

11. 苏天福主编《形式逻辑学》四川人民出版社,1981。



(پوچتا نومۇرى: 100081)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# تاجىك ئەپسانىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

شېرىن قۇربان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ تېماتىك تۈرلىرى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى توپلىنىش، رەتلىنىش، تەرجىمە قىلىنىش ھالىتى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمىلىك بايان قىلىندۇ.

**摘要：** 塔吉克神话是古代塔吉克先民们对世界起源、自然现象及社会生活的原始理解和解释的艺术再现。本文探讨塔吉克神话的种类、思想内容、艺术特色、社会价值及其搜集、整理和翻译状况等问题。

**Abstract:** In this article, the writer made a resea reh on the different leinds of Tayik Mytholody, including the ideoology omd content, artistic features, social value amd its collec tion, translation and so on

تاجىك ئەل ئەدەبىياتى سىستېمىسىدا، ئەپسانىلەر ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ۋە تەسىرگە ئىگە. گەرچە ئۇ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تەسىرىگە، يەنە كېلىپ ھەر خىل دىن ۋە ئىدىئولوگىيىلەرنىڭ تەقىبىگە، چەكلىشىگە ۋە سىقىپ چىقىرىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىلمۇ خىل يوللارۋە ۋاستىلەر بىلەن ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن ھالقىپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ باي ۋە رەڭدار ئالاھىدىلىكى بىلەن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا.

بىز گوۋۇيۈەن ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو ھېكايە - چۆچەكلەر توپلىمى»، «جۇڭگو قوشاقلار توپلىمى» ۋە «جۇڭگو ماقال - تەمسىللەر توپلىمى» دىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ توپلام» نىڭ شىنجاڭ تومىرى ئىچىدىكى «تاجىك ئۈچ چوڭ توپلىمى» نى ئىشلەش جەريانىدا تاجىك ئەپسانىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تاللاش ۋە تەرجىمە قىلىش پائالىيىتىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، تاجىك ئەپسانىلىرى توغرىلىق بىر قەدەر مول ماتېرىيالغا ۋە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق، بۇ ساھەنىڭ ئىلگىرى ئاساسەن ئاق قالغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن سەۋەبلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى قېزىش، ساقلاش ۋە ئۇنى يېڭىباشتىن خەلقىمىزگە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. مەزكۇر ماقالە مانا مۇشۇ ئىستەك ئاساسىدا يېزىلدى.

• شېرىن قۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى.

# 1. تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ تېماتىك تۈرلىرى

ھازىرغا قەدەر توپلانغان ۋە رەتلەنگەن ماتېرى-
ياللاردىن قارىغاندا، تاجىك ئەپسان! ىرىنى تېماتىك
مەزمۇنىغا ئاساسەن تەبىئەت توغرىسىدىكى ئەپسانى-
لەر، جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ۋە قەھ-
رىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. تەبىئەت توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر
كائىنات ۋە زېمىننىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى
ئەپسانىلەر، ئاي ۋە كۈن ئەپسانىسى، قۇياش ئەپسا-
نىسى، ئاي ئەپسانىسى، قار ئەپسانىسى، يەر تەۋ-
رەش ھەققىدىكى ئەپسانە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئىن-
سانلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانە،
گاۋمەرد (كەيۇرمەس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھەققىدىكى
ئەپسانە، ھوشاڭنىڭ ئوتنى ئىجاد قىلىشى توغرى-
سىدىكى ئەپسانە، شاھى جەمشىد ھەققىدىكى ئەپسا-
نە، زەھھاك ۋە ئىبلىس توغرىسىدىكى ئەپسانە،
شاھى فەرىدۇن توغرىسىدىكى ئەپسانە، يورۇقلۇق
ئىلاھى ئاھورمازدا بىلەن زۇلمەت ئىلاھى ئەھرە-
مەن توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ. قەھرىمان — پالۋانلار توغرىسىدىكى
ئەپسانىلەر بىر چوڭ سىستېما بولۇپ، نەسەپ بويى-
چە نۇر ئىلاھى ئاھورمازدا ياراتقان تۇنجى ئادىمى-
زات گاۋمەردنىڭ نەۋرىسى ھوشاڭدىن باشلىنىدۇ.
ھوشاڭ تافمۇراسنىڭ ئوغلى، جەمشىد، فەرىدۇن،
ئىراج، مەينۇ چېھىر ئۇلارنىڭ پۇشتى ۋە شاھ
تەختىنىڭ ۋارىسلىرى، پالۋانلار قىسسىسى نەرى-
مەن جەمەتىنىڭ ھەر دەۋر قەھرىمانلىرى قاتلىمى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئىچىدە ئالەمگە مەش-
ھۇر پالۋان سامدۇر، سامنىڭ ئوغلى زالدۇر، زال-
نىڭ ئوغلى پالۋانى رۇستەمدۇر، رۇستەمنىڭ
ئوغلى - توران مەلىكىسىدىن بولغان سوھرابتۇر.
قەھرىمانلار ئەپسانىلىرىدە پەلۋانى رۇستەم قىسسى-
لىرى ئەڭ تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇ-
نىڭ يەتتە زور مۇشكىلات (شىر، ئايىغى چىقماس
چۆل - جەزىرە، ئەجدىھار، پەرىزات سىياقىدىكى
ئايال ئالۋاستى، ئىككى مۈڭگۈزلۈك دىۋە ۋە قۇر-
قۇنچلۇق ئاق ئالۋاستى) نى يېڭىپ، ئىنسانلارنى
زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇپ، بەخت — سائادەتكە ئېرىش-
تۈرگەنلىكى، قاباھەت كۈچلىرىنى يەڭگەن چاغدى-
كى پەم - پاراسىتى، تەڭداشسىز شىر يۈرەكلىكى،
بىقىياس ماھارىتى كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈ-
رىدۇ. پالۋانى رۇستەم قىسسىلىرى تاجىك مىفالو-
گىيىسىدە بىر يۈرۈش ھېكايەت كۆللىياتىنى شەكىل-
لەندۈرگەن، ئۇنى تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ يادروسى
دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. رۇستەم ھېكايەتلىرىدىن
ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «رۇستەم پالۋاننىڭ
ئادىمىزات دۇنياسىغا كېلىشى»، «پالۋانى رۇستەم
ۋە جىن - ئالۋاستىلار»، «رۇستەم پالۋاننىڭ خا-
سىيەتلىك رەقىش ئېتى»، «رۇستەم پالۋان قەبرى-
سى»، «رۇستەمى بۇلاق»، «سەڭگى پالۋان»،
«بېق - بېقىن ھېكايىلىرى»، «ئۈزۈلگەن تاغ ھې-
كايىسى»، «ئافرابسىياب تېغى ھېكايىسى» قاتار-
لىقلار بار. ئېلىمىز تاجىكلىرى پالۋانى روستەمنى
تاشقۇرغاندا ئۆتكەن شەخس، تاجىكلارنىڭ بوۋىسى
دەپ تەرىپلىشىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، يەنە تاجىكلار ئارى-
سىدا گۈل - گىياھ، بۇلاق - چەشمى، تاغ - دەريا،
ئۇچار - قانات، بېھىش - دوزاق، پانى ئالەم، باقى
ئالەم، قىيامەتتىكى سوراق، پىلسىرات كۆۋرۈك،
رەڭگا رەڭ مالائىكىلەر، ئەرۋاھ، جىن ۋە شايا-
تۇن، دىۋە، پەرىشتە، خىزىر قاتالىقلار توغرىسىدا
ھەرقىسما سۆزلۈك ئەپسانىلەر بار، بۇ ئەپسانىلەر
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كائىنات ۋە دۇنيانىڭ
بىنا بولۇشى، ئادىمىزاتنىڭ يارىلىشى، تەبىئەت
دۇنياسىنىڭ سىرلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھايات توغ-
رىسىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچە - قاراشلىرى ۋە
شەرھ - ئىزاھلاشلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى، قە-
دىمكى ئىنسانىيەت گۆدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇنى ئۆز دەۋر رېئال
تۇرمۇشىنىڭ ئىلمىي ئىنكاسى دەپ قاراشقا بولمى-
سىمۇ، لېكىن بىلىش قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممى-
تى نۇقتىسىدىن، قەدىمكى ئەپسانىلەرنى يىراق

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئېنىكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھاياتلىق توغرىسىدىكى باي ۋە رەڭدار تەسەۋۋۇر خىياللىرى، كەلگۈسى ھەققىدىكى گۈزەل غايىۋى ھەۋەس- ئارزۇلىرى ۋە ئىستەك - ئارمانلىرىنىڭ مۇجەسسەمى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بىز پەقەت قەدىمكى ئەپسانىلەردىنلا ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ كارتىنىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئاجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

## 2. تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

تاجىك ئەپسانىلىرى گويا بىر كۆزكەم خەزىنە. ئۇ بىزنى قەدىمكى تاجىك ئەجدادلىرى جەمئىيىتىگە باشلاپ بارىدۇ. بىز بۇ جەمئىيەت مەنزىرىسىدىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر فورمىسىنى، پەلسەپە ۋە دىنىي قاراشلىرىنى، بۇ قاراشلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇنغان كائىنات قارىشى، پەلسەپىۋى قارىشى ۋە قەھرىمانلار قارىشىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

بىز ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاش ۋە ماتېرىياللىق قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قىسىم تىپىك ئەپسانىلەرنى ئەينەن كۆرسىتىپ، مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا قالدۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

### 1. تەبىئەت توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

#### ئاي ئەپسانىسى

قىسسە قىلىنىشىچە، ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردا ئاي ھازىرقىدەك جامالىدا داغ بولغان، نۇرسىز، ھارارەتسىز بولغان ئەمەس ئىكەن، بەلكى ئىنتايىن يورۇق ۋە روشەن، گۈزەل ھەم پارقىراق ئىكەن، شۇنىڭدەك يەر - يۈزىگە ئىسسىقلىقمۇ تارقىتىدىكەن. ئادەمزات دۇنياسىغا دائىم يۈزىنى قىلىپ، پارقىراق نۇرىنى سېپىپ، كۈلۈپ قارايدىكەن. لېكىن ئۇ ۋاقىتتا ئادەمزاتلار ئاينىڭ بۇ شەپقەتلىرىگە شۈكرى قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن سەت ئىشلىرىنى قىلىشقا كاشىلا سالغان توسالغۇ دەپ قارايدىكەن. ھەتتا بەزىلەر ئاي يوقاپ كەتسىكەن دەپ ئۇنى قاغايدىكەن. بىر كۈنى ئاخشىمى بىر ئۆيدىكى ئۈچ ئاچا-سىڭىل ئورۇشۇپ جاڭجال چىقىرىپتۇ. بىر - بىرىنى ئەڭ سەت تىللار بىلەن تىللىشىپتۇ. بىر - بىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، قىپ - يالىڭاچ بولۇشۇۋاپتۇ. شۇنداق ئورۇشا - ئورۇشا ئۆيدىكى چىراقنىمۇ چىقىپ ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ، قاراڭغۇدا بىر - بىرىنى كۆرەلمىگەنلىكتىن قىپ - يالىڭاچ ھالدا ئورۇشۇپ تالاغا چىقىپتۇ. يەر- جاھانغا سېخى نۇرىنى تارقىتىپ، ئىللىقلىق بەخش ئەتكەن ئاي بىر ئۆيدىكى ئاچا سىڭىللارنىڭ ھايا قىلماي، يالىڭاچ بولۇۋېلىپ ئورۇشقان بىشەم قىياپىتىدىن ئۇيالغانلىقتىن، بۇ ھاياسىزلارغا كۆزۈم چۈشمىسۇن دەپ، ئارقىسىنى قىلىۋاپتۇ. غەزەپلەنگەنلىكتىن يەر يۈزىگە ئىسسىقلىقمۇ تارقاتمايدىغان بوپتۇ. شۇندىن تارتىپ ئاي ھازىرقىدەك غۇۋا، نۇرسىز كۆرۈنىدىغان، ئىسسىقلىقمۇ بەرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئايدىكى داغلار، ئەنە شۇ ھاياسىز ئۈچ ئاچا — سىڭىلنىڭ ئاي دۈمبىسىگە چۈشكەن ئەكسى ئىكەن.

#### قۇياش ئەپسانىسى

لەمنىڭ دەسلىپىدە، ئاللاھ يەر ۋە ئادەملەرنى يارىتقاندىن كېيىن، ئۆزى ياراتقان بۇ مۆجىزىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، ئىنسانلار ۋە يەردىكى مەۋجۇداتلار چەكسىز نۇرۇمدىن بەھرىمەن بولسۇن دەپ ئەرشكە چىقماي، يەر شارىدا تۇرىدىغان بوپتۇ. ئاللاھنىڭ پارلاق نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىنسانلار يەردە ناھايىتىمۇ شاد - خۇرام ۋە بەختلىك ياشايدىغان بوپتۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ ئۆزى يەر يۈزىدە تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ نۇرى ھەممە يەرگە

تەڭ چىچىلمايدىكەن. يەرنىڭ بىر تەرىپىگە نۇر چاچسا، يەنە بىر تەرىپى قاراڭغۇلۇقتا قالىدىكەن. بۇ نۇردىن بەزىلەر بەكمۇ كۆپ بەھرىمەن بولسا، بەزىلەر بەكمۇ ئاز بەھرىمەن بولىدىكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانلار ئارىسىدا بەزىلەر «ئېسىلزادە»، بەزىلەر «پەس» دەپ ئايرىلىدىغان بوپتۇ. ئاللاھنىڭ نۇرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولغانلار ئۆزلىرىنى «ئېسىلزادە» ھېسابلاپ، باشقىلارنى پەس كۆرۈپ ياراتمايدىكەن، ئاللارنىڭ نۇرىدىن ئازراق بەھرىمەن بولغانلار، ئۆزىنى «ئېسىلزادە» ھېسابلىغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى پەس كۆرگەنلىكىدىن، ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا شۇ سەۋەبتىن توختىماي ئۇرۇش - جاڭجاللار بولۇپ تۇرىدىكەن. كېيىن ئاللاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇسۇلىنىڭ ناتوغرىلىقىنى ھېس قىپتۇ. ھەممە كىشىنى ئۆز نۇرىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ «ئاللاھ ئالدىدا ھەممە بەندە باراۋەر» دېگەن ئىرادىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، يەر يۈزىدىن ئەرشكە چىقىپتۇ، نۇرىنى بولسا ئېگىز ئاسماندا مۇئەللەق تۇرغۇزۇپتۇ. شۇندىن تارتىپ پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ نۇرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان بوپتۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىكتىن پەيدا بولغان ئۇرۇش - جىدەللەرمۇ تۈگەپتۇ. ھازىر بىز ئاسماندا مۇئەللەق كۆرۈۋاتقان قۇياش - ئاللاھنىڭ چەكسىز پارلاق نۇرىكەن.

قۇياش ئەپسانىسىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا ئېيتىلىشىچە، ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى «ئېسىلزادە» ۋە «پەس» دەپ ئايرىپ، بىر - بىرى بىلەن توختىماي ئۇرۇش - جېدەل قىلغانلىقىدىن بىزار بولۇپ، يەر - يۈزىدىن ئەرشكە چىقماقچى بولۇپتۇ. ئاللاھ ئەرشكە چىققاندىن كېيىن، يەر يۈزى بىردىنلا قاراڭغۇ - زۇلمەتكە ئايلىنىپتۇ. يەر يۈزىدىكى كۆللى جانۇ - جانىۋارلار ئىنسانلارنىڭ كاساپىتىدىن زۇلمەتكە چۈشكەنلىكتىن زۇلمەت قازاسىغا ئۇچراپ، نالە پەرياد قىلىپ، ئاللاھدىن يەر - يۈزىگە چۈشۈپ ئۆز نۇرىدىن ئۆزلىرىنى بەھرىمەن قىلىشنى تىلەپتۇ. ھەممىدىن بەك مېھرى - شەپقەتلىك ئاللاھ جان - جانىۋارلارنىڭ نالە - زارىغا چىدىماپتۇ ھەمدە يەنە يەر - يۈزىگە چۈشسە، ئىنسانلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ناشۈكۈرلۈك قىلىپ ئۇرۇش - جېدەل قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز نۇرىنى ئەرشتىن ئاسمانغا چىقارماقچى بوپتۇ. ئاللاھ تۇرىدىغان ئەرش ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرىدە بىردىن دەرۋازىسى بار ئىكەن. ئاللاھ ئىنسانلار ھەم مېنىڭ ئىللىق نۇرۇمدىن بەھرىمەن بولۇپ، ماڭا ھەمدۇ - سانا، مەدھىيىلەر ئوقۇسۇن ھەم زۇلمەت ئازابىنى تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ناشۈكۈر قىلىقلىرىغا توۋا قىلسۇن دەپ ئۆز نۇرىنى ھەر كۈنى ئەرشنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن ئاسمانغا چىقىپ كەچتە غەربىي دەرۋازىدىن ئەرشكە كىرىدىغان قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان قۇياش پەيدا بوپتۇ. قۇياش ئۆزى ئاللاھنىڭ نۇرى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ئەرشتىن چىقىپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى تەڭ يورۇتۇپ، ئاخشىمى يەنە ئەرشكە قايتىپ كىرىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن كېچە بىلەن كۈندۈز پەيدا بوپتۇ.

### قار ئەپسانىسى ۋە زىرائەت ئەپسانىسى

دەسلەپتە قار بىز ھازىر كۆرگەندەك سوغۇق قار بولماستىن بەلكى ئاپئاق ئۇن ئىكەن. بۇ ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە قىلغان ئالاھىدە ئىلتىپاتى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ھېچ ئىش قىلمايلا، ئاللاھ ئىلتىپات قىلغان بۇ نېمەتنى يەپ غەم قايغۇسىز تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئەمما كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا شۈكرى قىلماي، بەلكى ئاللاھ بەرگەن نېمەتنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپتۇ، ئۇنى خالىغان يەرلەرگە چېچىپ بۇزۇپتۇ. بىر كۈنى بىر كەمپىر خېمىر يۇغۇرۇپ چەلپەك سالغاندا، ئۆيىدىكى نەۋرىسى تۆرگە چوڭ تەرەت قىلىۋېتىپتۇ. كەمپىر ھېچ ئويلانماستىنلا چەلپەكنى ئېلىپ، بالىنىڭ تەرىتىنى چەلپەك بىلەن تازىلاپ، تاشلىۋېتىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى شۇنداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئاللاھ غەزەپلىنىپ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان ئاپئاق ئۇننى قارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. كىشىلەر غەم - غۇسسىسىز ھالدا ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، تەرمەي - ئىشلىمەي يەپ ياتىدىغان خاتىرجەم تۇرمۇشتىن مەھرۇم قاپتۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ئاچلىق ئەۋج ئېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاچلىق دەستىدىن نالە - پەرياد كۆتۈرۈپ، ئاللاھدىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىنى مەخپىرەت قىلىشنى تىلەپتۇ. ئاللاھ ھەممە-
دىن مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر-
نىڭ نالە - پەريادىغا چىدىماي، ئۇلارنىڭ گۇناھلى-
رىنى مەخپىرەت قىلماقچى بولۇپتۇ. ئەمما كىشى-
لەر ئىشلىمەي يەپ ياتسا، مېنىڭ بەرگەن نېمەتلى-
رىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، پەقەت ئۆزلىرى تەر
تۆكۈپ ئىشلەپ، يىسە ئاندىن بۇ نىمەتلەرنىڭ قەد-
رىگە يېتىدۇ دەپتۇ - دە، ئاسماندىن بىر دانە بۇغداي
ئۇرۇقىنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ ۋە كىشىلەرنىڭ جاپا-
لىق ئەمگەك قىلىپ، تەر تۆكۈپ دېھقانچىلىق قى-
لىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى بۇي-
رۇپتۇ. ھازىر كىشىلەر جاچالىق ئەجىر سىڭدۈ-
رۈپ، ئېرىشكەن زىرائەتلەر ئاللاھ يەرگە چۈشۈر-
گەن ئەنە شۇ بىر تال داننىڭ مۆجىزىسى ئىكەن.
خەلق ئارىسىدا: «تەر تۆكۈپ قانچىكى قىلساڭ
كۆپ مېھنەت، ھەق ئاللاھ بېرىدۇ شۇنچە كۆپ
نېمەت» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

مۇشۇ ئەپسانىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا دېيىلى-
دۇكى، ئاللاھ يەر يۈزى، جان - جانىۋارلار ۋە
ئادەملەرنى يارانقاندىن كېيىن، ئۆزى ياراتقان مەۋ-
جۇداتلىرى ئىچىدە ئادەملەرگە ئەڭ ئامراق بولۇپ-
تۇ. ئۇلارنىڭ مەئىشىتى ئۈچۈن زىرائەتلەرنى ئىن-
تايىن مول قىلىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى بۇغدايلار كى-
چىك - كىچىك باشاق چىقىرىپ، دان تۈتىدىغان
بولماستىن، بەلكى پۈتۈن غولىدىمۇ دان تۈتىدى-
كەن. كىشىلەر ئازغىنا يەرگە بۇغداي تېرىسا يىل-
بويى ئوزۇق - تۈلۈكتىن غەم يىمەي، يېتىپ ئاش-
قىدەك يەيدىكەن. ئەمما ئاللاھنىڭ بۇ ھىممىتىگە
ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى قىممىتىنىڭ يۇ-
قىرىلىقىغا ھەسەت قىلغان ئىبلىس دەرھال ئىنسان-
لارنى ئازدۇرۇپتۇ. ئىنسانلار شەيتاننىڭ ئازدۇرۇ-
شى بىلەن زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىپ، خالىغانچە
دەپسەندە قىلىدىغان بوپتۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ
شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆزى تەرىپىدىن ئۇلا-
رغا ئاتا قىلىنغان نىمەتلەرنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى
كۆرۈپ، ئىنسانلارنىڭ نادانلىقىدىن غەزەپلىنىپ،
ئۇلارنى جازالىماقچى بوپتۇ ھەمدە پەرىشتىنى ئەۋە-
تىپ، زىرائەتلەرنىڭ دانلىرىنى پۈتۈنلەي سىېرىپ،
پەقەت سامىنىنىلا قالدۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. پەرىشتە
ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىگە چۈشۈپ، زىرا-
ئەتلەردىكى دانلارنى سىرىشقا باشلاپتۇ. سىېرىپ تۈ-
تامىغا كەلگەندە، ئىنسانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى
ئىت ئاللاھغا نالە قىلىپ: «ئېي قۇدرىتى ئۇلۇغ
ئاللاھ، ئىنسانلار سىزنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىڭىزنى
دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار جازاغا لايىق
بولسىمۇ، يەنىلا سىزنىڭ ياراتقان بەندىلىرىڭىز-
دۇر. ئەگەر جازالاپ، بەرگەن رىسقىڭىزنىڭ ھەم-
مىسىنى تارتىۋالسىڭىز ئۇلار ھالاك بولىدۇ، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە سىز بىزنىڭ رىسقىمىزنى ئىنسانلار-
نىڭ قولىدىن بەرگەن ئىدىڭىز، ئەگەر ئۇلارنى
جازالاپ، رىسقىنى تارتىۋالسىڭىز، بىزمۇ ھالاك
بولىمىز» دەپتۇ. ئاللاھ پەرىشتىگە ئەمىر قىلىپ،
تۇتامدا قالغان باشاقنى قالدۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ ھەم-
دە ئىنسانلارغا جاپا مۇشەققەتتە تەر ئاققۇزۇپ،
تىرىقچىلىق قىلغاندىلا ئاندىن ئاللاھ بەرگەن نېمەت-
لەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى دەپتۇ. زىرائەتلەرنىڭ
غولى ئۇزۇن، باشاقلىرىنىڭ كىچىك بولۇشىنىڭ
سەۋەبى شۇ ئىكەن.

## يەر تەۋرەش ھەققىدىكى ئەپسانە

يەر تەۋرەش — يەر شارىدا دائىم يۈز بېرىدى-
غان بىر خىل تەبىئىي ھادىسە، ئەجدادلار بۇ خىل
تەبىئىي ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىمۇ ئىلاھنىڭ
ئىنسانلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا بەرگەن بىر
خىل جازاسى ھېسابلايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە،
ئاللاھ ئاسمان، زېمىن ۋە كائىناتتىكى باشقا نەر-
سىلەرنى ياراتقاندا، يەر شارىنى قانداق قىلىپ تۇر-
غۇزۇشنى ئويلىنىپ، ئۇنى ناھايىتىمۇ چوڭ ۋە
قۇدرەتلىك بىر ھۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى ئۈستىگە
ئورنىتىپتۇ. ھۆكۈز بولسا كائىناتنى دەسسەپ تۇ-
رىدىكەن. زېمىن ئۈستىدىكى ئىنسانلارنىڭ قىل-
مىش - ئەتمىشلىرى، يەرنى مۈڭگۈزىدە تىرەپ
تۇرغان ھۆكۈزگە تەسىر قىلىدىكەن. ئىنسانلارنىڭ
ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي، ئەسكىلىك قىلسا،
بۇ چاغدا ھۆكۈز ئىنسانلارغا سىگنال بېرىپ، ئۆزى-
نىڭ تۈكىنى سەل سىلكىپ قويىدىكەن. بۇنىڭ
بىلەن يېنىكرەك يەر تەۋرەش يۈز بېرىدىكەن. ئە-
گەر ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھ - ئەسكىلىكلىرى
بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ھۆكۈزمۇ مۈڭگۈزى-
نى قاتتىق سىلكىيدىكەن. بۇنىڭ بىلەن قاتتىق يەر
تەۋرەش يۈز بېرىدىكەن. ئىنسانلار بالا- قازاغا
ئۇچراپ، ئاندىن قىلغان گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىپ،
ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرىدىغان بولغاندا،
ھۆكۈز تىنچ تۇرىدىكەن. يەر تەۋرەشمۇ يۈز بەرمەي-
دىكەن.

## 2) جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

### ئادەملەرنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە

ئاللاھ - تائالا ئاسمان، زېمىن، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقان پايانسىز كائى-

ناتنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلماقچى بوپتۇ. ئاللاھ كائىناتنىڭ شەكلىنى خىيال قىلىپ، ئۇنى تۇخۇم شەكلىدە ياراتماقچى بوپتۇ ـ دە، تۇخۇم شەكلىدە ئالەم يارىتىپ، ئۇنىڭ پېرىمىنى يەر، يېرىمىنى ئاسمان قىپتۇ. ھەمدە ئاسماننى ئېگىزگە چىقىرىپ، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنى ئۇنىڭغا قاداپ، ئۇلارغا نۇر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى زېمىنغا نۇر چاچىدىغان، زېمىننى يورۇتىدىغان قىپتۇ. كېيىن يەر شارىدا تاغ، دەريا، دەرەخ، ئۆسۈملۈك، ھايۋان، ئۇچار قاناتلارنى يارىتىپتۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىل ئىدراكلىق بىرەر نەرسىمۇ يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن خۇدا يەر يۈزىدە يەنە تۇپراقتىن ئادەم يارىتىشنى ئىرادە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مالائىكىلارغا: «سىلەر زېمىنغا چۈشۈپ، تۇپراق ئېلىپ ئادەم ياساڭلار»، دەپ ئەمىر قىپتۇ. مالائىكىلار زېمىنغا چۈشۈپ، تۇپراق ئېلىپ ئادەم ياسىماقچى بولغاندا، ھېچكىممۇ ئادەم شەكلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. بىرسى مۇنداق بولىدۇ دېسە، يەنە بىرسى ئۇنداق بولىدۇ دەپ زادىلا بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. ئاخىرى بولماي يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بېرىپ، ئاللاھدىن ئادەم شەكلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئاللاھ ئۇلارغا، «سىلەر جەننەتتىكى سۈزۈك زۇمرەت كۆلنىڭ بويىغا بېرىپ بېقىڭلار، شۇ يەردە ئادەمنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىلەر»، دەپتۇ. مالائىكىلار دەرھال پەرۋاز قىلىپ، جەننەتكە بېرىپ، سۈزۈك زۇمرەت كۆلنىڭ بويىغا بېرىپتۇ ۋە كۆلگە سەپسېلىپ قاراپتۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆلدە ئادەمنىڭ شەكلى ئەكس ئېتىپتۇ. مالائىكىلار ئادەمنىڭ شەكلىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، يەر شارىغا كېلىپ، تۇپراق ئېلىپ، ئۇنى لاي ئېتىپ جەننەتتىكى كۆلدە كۆرگەن ئادەم شەكلىگە ئوخشاش قىلىپ، ئادەم شەكلىنى ياساپتۇ. ئۇنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، ئاللاھقا كۆرسىتىپتۇ. ئاللاھ مالائىكىلارنىڭ ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلارنى كەتكۈزۈپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ نۇرىدىن ئادەمگە جان ئاتا قىپتۇ. جەننەتتىكى كۆل سۈيىدىن ئادەمنىڭ قېنىنى يارىتىپتۇ. ئاسماندىكى ھاۋادىن ئادەمگە نەپەس ئاتا قىپتۇ. جەننەتتىكى مۇقەددەس ئوتنىڭ ھارارىتىدىن ئادەم بەدىنىگە ئىسسىقلىق بېرىپتۇ. تۇپراق لېيى بولسا ئادەمنىڭ گۆش، سۆڭەكلىرى بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھازىرقى شەكىلدىكى ئادەملەر پەيدا بولۇپتۇ. ئاللاھ يەنە ئۇلارغا پىكىر قىلىش، سۆزلەش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ ئاتا قىپتۇ. ئادەملەرنىڭ يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ ئىكەن.

ئېيتىشلارچە ئاللاھ ئاۋۋال ئادەمنى ياراتقاندا، جاننى ئۇنىڭ تېنىگە بىراقلا بېرىۋەتكەن ئىكەن. شۇڭلاشقا ئادەملەر ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، زېمىندىكى بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا زۇلۇم سېلىشقا، ھەتتا ناشۈكۈرلۈك قىلىپ، ئاللاھ چەكلىگەن نالايىق ئىشلارنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئۇلارنىڭ بەدىنىگە ئامانەت قويۇپ، ۋاقتى توشقاندا، ئامانىتىنى قايتۇرۇۋالىدىغان بوپتۇ. ئادەملەرنىڭ پانى دۇنيادىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا سوراققا تارتىپ، پۇلسىرات كۆرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ، جەننەتكە ياكى دوزاققا قويىدىغان بوپتۇ. بۇ دۇنيادا ئادەملەرنىڭ قىلمىش، ئەتمىشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەخسۇس پەرىشتە بەلگىلەپ خاتىرىلەيدىغان بوپتۇ. ئەگەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، سەممىيەت بىلەن ياخشى ئىش قىلىپ ياشىغان بولسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا، ئۇ پۇلسىرات كۆرۈكىدىن ئۆتكەندە، كۆرۈك كېڭىيىپ، داغدام يولغا ئايلىنىدىكەن. ئادەمنىڭ جېنى كۆرۈكتىن قىينالمايلا ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىدىكەن. ئەگەر قىلغان گۇناھلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ جېنى كۆرۈكتىن ئۆتكەندە، كۆرۈك كىچىكلەپ قىلدەك بولۇپ قالىدىكەن. جان كۆرۈكتىن ئۆتكەندە، بەكمۇ قىينىلىدىكەن ھەم دوزاققا چۈشۈپ، ئۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئازاب تارتىدىكەن. گۇناھى بەك چوڭ بولمىغانلارنىڭ جېنى سوراققا تارتىلىپ، كۆرۈكتىن ئۆتۈپ، بىر مەزگىل دوزاققا بارغاندىن كېيىن، يەنە جەننەتكە چىقىرىلىدىكەن.

**زەھھاك ۋە ئىبلىس ھەققىدىكى ئەپسانە**

زەھھاك ئەپسانىسى — «شاھنامە» دىكى ياۋۇز پادىشاھلارنىڭ تىپى. كېيىن خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭدىكى ئەھرەمەن (زەردۇشت دىنىدىكى ياۋۇزلۇق، قاراڭغۇلۇق ئىلاھى) نىڭ ئورنىنى ئىبلىس ئوبرازى ئىگىلىگەن. ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە، ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن كېيىن، گاۋمەرد (كەيۇمەرس) ئىنسانلاردىن تۇنجى قېتىم تاج كىيىپ پادىشاھ بولغانىدى. ئۇ 500 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، ئىنسانلارنى باراۋەرلىك، تىنچ ئاسايىشلىققا باشلىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى دۇنيا بەخت ـ سائادەتلىك، پارلاق ـ نۇرلۇق دۇنيا ئىدى. ئىنسانلار غەم- غۇسسىسىز، ئىناق ياشايتتى. زۇلمەت ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تارتمايتتى، لېكىن ئىبلىسنىڭ پىتنىسى بىلەن ئىنسانلار بالايى- ئاپەتكە ئۇچ-

www.uyghurkitap.com

راپ، پۈتۈن دۇنيا قاراڭغۇ - زۇلمەتكە ئايلاندى.
گاۋمەردىنىڭ نەۋرىسى هوشاڭ ئوت يېقىشنى ئىجاد
قىلىپ، كىشىلەرگە ئوت قالاپ، غىزالارنى پىشۇ-
رۇشنى ئۆگەتتى. ئىنسانلارغا قوي، كالا قاتارلىق
مال - چارۋىلارنى بېقىشنى ئۆگەتتى. ئىبلىس بول-
سا كىشىلەرگە ئوت قالاشقا، غىزالارنى پىشۇرۇشقا
رۇخسەت قىلمايتتى. هوشاڭ ئىنسانلارنى، ئىبى-
لىس بىلەن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدى. ئاخىرى
ئىبلىس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئوتنى ئىبلىس-
نىڭ تارتىۋېلىشىغا بەرمەي ساقلاپ قالدى. جەم-
شىد دەۋرىگە كەلگەندە، كىشىلەر كىيىم كىيىشنى
ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ بەخت - سائادەت
ئىچىدە ئۆتىدىغان بولدى. لېكىن ئىبلىس بولسا،
ئىنسانلارنىڭ بەخت سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈ-
شىگە هەسەتخورلۇق قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرۇپ، جەمشىدنى ئۆلتۈ-
رۈپ، ئىنسانلاردىن ئوتنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى
مەڭگۇ قاراڭغۇ - زۇلمەت ئىچىگە قويماقچى بول-
دى.

جەمشىدنىڭ زەههاك ئىسىملىك كىلىشكەن،
قەددى - قامەتلىك ئوغلى بار ئىدى. ئەمما ئۇ بەكمۇ
تەكەببۇر، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان يىگىت بو-
لۇپ، ئۆزىنى دۇنيادا هېچكىممۇ تەڭ كېلەلمەيدى-
غان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك باتۇر هېسابلايتتى.
ئىبلىس ئىنسانلارغا بالايى - ئاپەت كەلتۈرۈش ئۈ-
چۈن، زەههاكتىن قول سېلىشنى ئويلىدى، بىر
كۈنى شاهى جەمشىد يارانقان نەۋرۇز ئايىمىدە ئىب-
لىس نۇرغۇن سوغا - سالاملارنى ئېلىپ، سالاپەت-
لىك مۆتىۋەر قىياپىتىدە ياسىنىۋېلىپ، زەههاك-
نىڭ يېنىغا كەلدى. ئوردىغا كىرىپ زەههاكقا
چوڭقۇر تازىم قىلىپ، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ،
تەڭرى سېنى يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە ئاتا قىلدى،
يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى سېنىڭ قۇ-
لۇڭ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسى سەن دەپ ئۇنى
ماختاۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، زەههاك تېخىمۇ كۆرەڭ-
لەپ كەتتى. ئۇ ئىبلىسنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن
جەمشىدنى هالاك قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شاهلىق
تەختىگە چىقتى. ئىبلىس يەنە ئوردا ئاشپىزى قىيا-
پىتىدە بولۇۋېلىپ، تۈرلۈك هۈنەرلەر بىلەن زەه-
هاكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. ئاخىرى ئۇ
زەههاكنىڭ ئىككى مۈرىسىگە سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئىك-
كى مۈرىسىدىن ئىككى زەهەرلىك يىلان ئۈندۈر-
دى. ئۇلار زەههاكنى ئازابلاشقا باشلىدى. زەههاك
تۈرلۈك چارىلەر بىلەن بۇ ئىككى يىلاننى يوقاتماق-
چى بولغان بولسىمۇ يوقىتالمىدى. ئىبلىس يەنە
تېۋىپ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، زەههاكقا هەر كۈنى
ئىككى يىلانغا بىر جۈپتىن ئادەم مېڭىسى بەرگەندە،
ئاندىن ئارام تاپالايسىز، بولمىسا بۇنىڭغا هېچقانداق
سەۋەب قىلالمايسىز دېدى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن
ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتماقچى ئىدى. زەه-
هاك ئىبلىسنىڭ دېگىنى بويىچە هەر كۈنى ئىككى
ياشنىڭ مېڭىسىنى يىلانلارغا بېرىدىغان بولدى.
شۇنداق قىلسا، يىلانلار تىنچلىنىپ ئۇنىڭغا بەك
ئازاب سالمايتتى. زۇلۇم هەددىدىن ئاشتى. نۇر-
غۇن كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ناهەق ئۆلتۈرۈلۈپ،
زەهەرلىك يىلانلارغا يەم قىلىندى. كىشىلەرنىڭ
نالە - زارى پەلەككە يەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر يۇرت-
نى تاشلاپ، يىراق تاغلارغا قېچىپ كەتتى. ئۇ
يەردە كاۋى ئىسىملىك بىر تۆمۈرچى بولۇپ، ئۇ
پادىشاهنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى ياسايتتى. ئۇ-
نىڭ 18 بالىسى بولۇپ، زالىم شاه ئۇلاردىن 17
سىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، زەهەرلىك يىلانلارغا
يەم قىلغانىدى. نۆۋەت 18 - سىگە كەلگەندە، كاۋى-
دا سەۋرى - تاقەت قالمىدى. ئۇ تۆمۈرچىلىككە
ئىشلىتىدىغان پەشتامىسىنى ئېگىز خادىغا قاداپ
بايراق قىلىپ، زالىم شاه - زەههاكقا قارشى ئۇ-
رۇش ئېلان قىلدى. كىشىلەرنىڭ هەممىسى كاۋىغا
ئەگىشىپ، زەههاكقا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئاخى-
رى ئۇلار زەههاكنى ئۆلتۈرۈپ، يەر - يۈزىنى
ياۋۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇردى. ئىبلىسنىڭ ياۋۇز نى-
يىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. زەههاك يوقىتىلغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا فەرىدۇن شاهلىق تەختىگە
چىقتى. فەرىدۇن شاهلىق تەختكە چىققاندىن كې-
يىن، ئەل- يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپ، كىشى-
لەرنى مۇرات- مەقسەتلىرىگە يەتكۈزدى.

يۇقىرىدا ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا تارقال-
غان بىر قىسىم مىف - ئەپسانىلىرىنى تونۇشتۇر-
دۇق. بۇلاردىن باشقا خەلق ئارىسىدا يەنە نۇرغۇن
ئەپسانىلەر ساقلانغان. ئۇلار مەزمۇن جەهەتتە كۆپ
خىل بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت-
تىكى پىكىر - تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ جەۋهەرلىرى بو-
لۇپ هېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ نا-
هايىتى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلىنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئىچىدىكى باي - رەڭگارەڭ
مىف - ئەپسانىلەر يوقىلىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەه-
ۋال تاجىكلار ئارىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. ئېلى-
مىز تاجىكلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ناهايىتى ئۇزاق
قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا، پامىر رايونىدا يا-
شاپ كەلگەن. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ،
زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتار-
لىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي
دەۋرلەردىكى هاياتى توغرىسىدا بىزدە تېخى هېچقان-
چە يازما ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار
يوق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئارخېئولوگ-

يىلىك كەشپىياتلار بولغان بولسىمۇ، (مەسىلەن:
جىرغال ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيەت ئىزى،
«شامبابا» قەدىمكى قەۋرىستانلىقى قاتارلىقلار)
ئەمما بۇ ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلار شۇ چاغ-
دىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ
بېرەلىگىدەك دەرىجىدە مول ۋە سىستېمىلىق ئە-
مەس. ئەسلىدە ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ شۇ چاغدى-
كى تەپەككۇر پائالىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتە ناھايىتى
قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى.
شۇڭا ئەپسانىلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قى-
لىش — ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋردىكى تەپەك-
كۇر پائالىيىتىنى بىلىشتە ناھايىتى زور رول ئوي-
نايتتى. تاجىك خەلق ئەپسانىلەر پۈتۈنلەي خەلق
ئارىسىغا تارقالغان. ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ
يۈرگەن. مۇتلەق كۆپ قىسمى يازما خاتىرىگە ئې-
لىنمىغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ئەپ-
سانىلەرنىڭ بىر مۇنچىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگە-
رىشلەر يۈز بەرگەن. بەزىلىرى يوقىلىپ، ئۇنىڭ
ئورنىنى كېيىنكى دەۋردىكى دۇنياۋى ئەپسانىلەر
ئىگىلىگەن. بەزىلىرى بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى
قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى كېيىنكى دىنلار-
نىڭ تەلىماتلىرىغا يېقىنلاشتۇرغان. مەسىلەن،
ھەممە ئەپسانىلەردە دېگۈدەك ياراتقۇچى ئاللاھ تە-
رىپلىنىدۇ. يەر، ئاسمان، قۇياش، ئىنسان، ھاي-
ۋان، زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى
بىلەن پەيدا بولغان دەپ قارىلىدۇ. شۈبھىسىزكى،
بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدۇر. تاجىكلار ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەممە جەھەتتىن
ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەل-
دى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىمۇ
خەلق ئارىسىدا ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ قاراش،
ئەقىدىلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى. شۇنداق
بولغاچقا، قەدىمكى ئەپسانىلەردە تەبىئەت ۋە جەمئى-
يەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ساددا تەسەۋۋۇرلا-
رمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئازدۇر - كۆپتۇر ئىسلام
تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇلا ئەمەس، پۈ-
تۈن خەلق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچ-
قا، ئىسلام ئەقىدىلىرىدە بولىدىغان ئاللاھنىڭ
قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرىدىغان ئەقىدىلەرنىڭ ئۆزى-
دە ساقلىنىشى ياكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇشىنى
ئۆزلىرىمۇ كۆپۈرلۈك، بىدئەتلىك دەپ تونۇيدىغان
بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەپ-
سانىلەرنى خەلق ئارىسىدىكى باخشى - شامانلار
تۈرلۈك مۇراسىملار (نەزىر - چىراق، دۇئا -
تىلاۋەت، ھېيت - بايرام، ئۆلۈم - يېتىم، توي
- تۆكۈن قاتارلىقلار) نى ئوقۇپ، ئورۇنلاپ، ئۇ-
نىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملىشىشىغا سەۋەب
بولاتتى. كېيىنكى دىنلارنىڭ كىرىشى بىلەن ئەس-
لىدىكى بۇ مۇراسىملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
باخشى، شامانلارمۇ ئەمدى ئەپسانىلىرىنى ئوقۇيال-
مايدىغان بولدى. شۇڭا ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ئۆ-
زىنىڭ كەڭ تارقىلىش زېمىنىدىن ئايرىلدى. ئۇ-
لاردىن مەلۇم دەرىجىدە تۈسىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى
ئەقىدە، يېڭى مۇھىتقا ماسلاشقانلىرى مەلۇم دەرى-
جىدە ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنداق بولمىغانلى-
رى يوقىلىپ كەتتى. شۇڭا بىز ھازىرقى ئەپسانى-
لەرنى كۆرگىنىمىزدە ئۇلارنى ئەسلىدىكى بىر پۈ-
تۈن مىف - ئەپسانىلەر سىستېمىسى تەرىزدە ئە-
مەس، پەقەت ئانچە - مۇنچە ئەسلىدىكى تەسىرىنى
ساقلاپ قالغان، پارچە - پۇرات ھالدا كۆرمەكتى-
مىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىسالدىكى «قۇياش
ئەپسانىسى» نى ئېيتايلى، ئەسلىدە ئۇ زەردۇشت
دىنىدىكى نۇر ۋە يورۇقلۇق ئىلاھى — ئاھورا ماز-
داغا ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭ سۈپەت، قۇدرەتلىرىنى
مەدھىيىلەش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. كېيىن
ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاھورامازدا
ئوبرازى ئاللاغا ئۆزگەرگەن. باشقا نۇرغۇن ئەپسا-
نىلەرمۇ شۇنداق. ئەلۋەتتە كېيىنكى ئەقىدىلەرنىڭ
تەسىرىگە ئانچە بەك ئۇچرىماي، ئىنسانلارنىڭ ساد-
دا تەسەۋۋۇرىنى خېلى ساپ ساقلاپ قالغانلىرىمۇ
بار. «ئاي ئەپسانىسى» ئەنە شۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ
بىرىدۇر. «ئاي ئەپسانىسى» دا ئايىنىمۇ خۇددى ئا-
دەملەرگە ئوخشاش ھېسسىياتلىق، جانلىق مەۋجۇ-
داتقا ئايلاندۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىشىلىك
دۇنياسىدىكى رەزىللىكنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان تەسىرى
بىلەن، كىشىلىك دۇنياسىغا تەتۈر ئۆرۈلۈپ، مەڭ-
گۈ قارىمايدىغان ھالەتتە كۆرسىتىپ بەرگەن. مە-
لۇمكى، ئەپسانىلەرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى تەبى-
ئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئادەم-
لەشتۈرۈشتۇر. يەنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادى-
سىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئادەمگە ئوخشاش جېنى،
ھېسسىياتى، تەپەككۇرى بولغان، ئادەمگە ئوخشاش
خۇشاللىنىدىغان، ئازابلىنىدىغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر
قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي
دەۋردىكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ
ماھىيىتىگە نىسبەتەن ساددا ھالدىكى ماتېرىيالىس-
تىك تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## 3. تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەلەمنىڭ يارالمىشى، كۆللى مەۋجۇدات ۋە
ئادەمزاتنىڭ پەيدا بولۇشى دۇنيادىكى، جۈملىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەپسانىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى، لېكىن ھەرقايسى مىللەتلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، مىللىي پسىخىكىسى ۋە ئېستېتىكىلىق قىزىقىشىنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھاياتلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرىمۇ سان، سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. ئالايلۇق، گرېكلارنىڭ مىف-ئەپسانىلىرى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك سىستېمىسى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولۇپ، گرېك مەدەنىيىتى ۋە كېيىنكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مىسلىسىز ئىجادىي تەسىر كۆرسەتكەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئالېكساندىر ماكېدونسكى ئېلىپ كەلگەن گرېك مىف - ئەپسانىلىرى تەسىرىدە باكتېرىيىنى مەركەز قىلغان رايونلىرىدا «ئېلىنىزىم مەدەنىيىتى» (گرېكلەشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى) شەكىللەنگەن ھەمدە پۈتكۈل مەشرىق ئېلىگە تارقالغان، ئەرەب ئەپسانىلىرى «مىڭ بىر كېچە» (تاجىك تىلىدا «ئەزار ئەفسانە» دېيىلىدۇ) نامى بىلەن ئەل ئاراداڭلىق. ھىندى ئەپسانىلىرى تېخىمۇ مول بولۇپ، جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى «ماخاپخاراتا» ۋە«رامايانا» دەك ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدىكى زەردۇشت دەستۇرى «ئاۋېستا» داستانى بىلەن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسى ئەپسانىلەر مۇزېيى بولۇپ، تارىختىن بۇيان تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ شانۇ - شەۋكىتىنى خەلققە نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

بىز كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تاجىك ئەپسانىلىرىغا قارىتا بىر قۇر ئاناتومىيە يۈرگۈزدۇق. شۇ جەرياندا، بىز تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ جۇزئى ئالاھىدىلىكلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلدۇق.

بىرىنچىدىن، تاجىك ئەپسانىلىرى نىسبەتەن روشەن ئىلاھ يارىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، دىنىي تۈسنى ئېلىش، بۇ قەدىمكى مىف-ئەپسانىلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. ھالبۇكى، تاجىك ئەپسانىلىرى مىف- ئەپسانىلەرنىڭ مۇشۇ ئۆلچىمىگە توشىدۇ. ھەربىر ئەپسانىنىڭ تېماتىكىسى ۋە كومپوزىتسىيىسى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا بىر ئورتاق ئىدىيە -- ئىلاھلاشتۇرۇش بار. تاجىك ئەپسانىلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ئەڭ دەسلەپىدە، ئالەمدە چاڭ - توزان ۋە مىكرو زەررىچىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەندۇق. كېيىن شەپقەت ئىلاھى ئاھورمازدا ئاۋۋال كائىنات، يۇلتۇز، ئاي ۋە قۇياشنى يارىتىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەر - زېمىن، دېڭىز - ئوكيان، ھايۋانات ۋە ئۇچار - قاناتلارنى يارىتىدىكەن. ئارقىسىدىنلا تۇپراق لېيىدىن تۇنجى ئادەم گاۋمەردنى ئاپىرىدە قىلىدىكەن. گاۋمەرد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جان ئۇرۇقى ئەرشكە چىقىپ، قۇياش نۇرىدا ئېرىپ، يۈرەكسىمان يوپۇرماق شەكلىدە يەر - زېمىنغا چۈشۈپ بىخلىنىدىكەن. يۈرەك شەكىللىك يوپۇرماقنىڭ بىر تەرىپى ئەر، بىر تەرىپى ئايال ئىكەن. بۇ يوپۇرماق كېيىن ئۈنۈپ چىقىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئادىمىزات بارلىققا كېلىدىكەن. دېمەك، كۆللى مەخلۇقات نۇر تەڭرىسى ئاھورمازدانىڭ قۇدرىتىدىن ئاپىرىدە بولغانىكەن.

ئىككىنچىدىن، تاجىك ئەپسانىلىرى شەپقەتلىك بىلەن زىيان - زەخمەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى، نۇر بىلەن زۇلمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ جەڭ سەھنىسى.

تاجىكلار ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، تاجىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمىدا زەردۇشت مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. مۇشۇ تۈپەيلى، تاجىك ئەپسانىلىرى زەردۇشت دىنىنىڭ دۇئالىزىملىق (ئىككى مەنبەچىلىك) دۇنيا قارىشىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەتتا بۇ خىل ئىدىيە تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبلىك، تاجىك ئەپسانىلىرىدە يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەقلىق بىلەن ناھەقلىق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەشلەر ناھايىتى كۆپ تەسۋىرلەنگەن، بۇ خىل تەسۋىرلەشلەردە، بارلىق نۇر، ئەقىل - پاراسەت، ئىجادىيەت ۋە ياخشىلىقلارنىڭ جىمىسى نۇر ئىلاھى ئاھورمازدانىڭ شاپائىتىدىن، بارلىق يامانلىق، ساختىپەزلىك، شەيتانلىق، نادانلىق ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەممىسى زۇلمەت ئىلاھى ئەڭرە مەينۇنىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ، يەنە بۇ خىل قاراشنىڭ چوڭقۇر قېتىدا، بۇ ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەشلەرگەرچە ئالەمنىڭ باشلىنىشىدىن تاكى ئاخىر زامانغىچە داۋاملاشسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن، ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، پاكلىق ناپاكلىق ئۈستىدىن، ھەقلىق ناھەقلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى، تاجىك ئەپسانىلىرىدىكى بۇ خىل ئىدىيە

ئىلغارلىق ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۈچىنچىدىن، تاجىك ئەپسانىلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان پالۋانلىق ۋە قەھرىمانلىق شەجەرىسىدۇر.

تاجىكلارنىڭ قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرىدە پالۋان - قەھرىمانلار ئەپسانىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن پالۋانى رۇستەم قىسسىلىرى، سىياۋۇش قىسسىلىرى، ئىسفەندىيار ھېكايەتلىرى، تۆمۈرچى كوۋا رىۋايەتلىرى خۇددى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدەك يۈرۈشلىشىپ كەتكەن. بۇ قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنىڭ سيۇژىتى قىزىقارلىق، تىلى گۈزەل، مەزمۇنى تەسىرلىك بولۇپ، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇنى قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى - روھىي تۆۋرۈكى دېيىشكە، ئەدەبىياتتا ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس - بۇلىقى دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك مىڭ يىللاردىن بۇيان، تاجىك ئەپسانىلىرى كلاسسىك خەمسىچىلىك، داستانچىلىق، مەسنەۋىچىلىك، مىفولوگىيە، رىۋايەت - ھېكايىچىلىق، تارىخ، ئېتوگرافىيە، ئىتوپىك، جۇغراپىيە، پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيە ۋە ئەقىل - ھېكمەت تەتقىقاتچىلىقىنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە. «شاھنامە»نىڭ مۇئەللىپى ھەزرىتى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنى قەدىمكى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن چىۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان ئىجادىيەت پىرى دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، تاجىك ئەپسانىلىرى بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە ئوبرازلار دۇنياسىدۇر.

بىز تاجىك ئەپسانىلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارنى ئايرىپ چىقتۇق ھەمدە ئۇنى مەزمۇن ئۆلچەم بويىچە تۆرگە ئايرىدۇق، ئۇنىڭدا شاھ - پادىشاھلار ئوبرازى سىستېمىسى، قەھرىمان- پالۋانلار ئوبرازى سىستېمىسى، ئاۋام خەلق ئوبرازى سىستېمىسى، ئايال - نازىنىنلار ئوبرازى سىستېمىسى ۋە خاسىيەتلىك ھايۋانلار ئوبرازى سىستېمىسى قاتارلىقلار بار. شاھ - پادىشاھلار ئوبرازى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىجابىي شاھلار ئوبرازى ۋە سەلبىي شاھلار ئوبرازى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، پاكلىق بىلەن ئىپلاسلىق، شەپقەتلىك بىلەن زالىملىقتىن ئىبارەت قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ئىجابىي شاھلار يورۇقلۇق ئىلاھى ئاھۇرامازدا تەرىپىدە تۇرىدۇ، شۇڭا، ئەپسانىلەردە ئۇلارغا ئەبەدىيلىك يادنامە ۋە ئابىدە تىكلەنگەن زالىم شاھلار زۇلمەت تەڭرىسى ئەڭرە مەينۇ تەرىپىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئەپسانىلەردە ئۇلارغا لەنەت ۋە قاغىش ياغدۇرۇلغان. قەھرىمان- باتۇرلار ئوبرازى سىستېمىسىدا، پالۋانى رۇستەم ئوبرازى ئەڭ تىپىك، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، قالغان بارلىق ئوبرازلار مۇشۇ تىپىك ۋە يۈكسەك ئوبرازنى دەۋر قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇ مەنىدە، پالۋانى رۇستەم ئوبرازىنى تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ يادروسى ۋە جېنى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئاۋام خەلق ئوبرازى سىستېمىسىدا كوۋا، مانى ۋە مەزدەك قاتارلىقلار مەشھۇر بولۇپ، بۇلاردىن تۆمۈرچى كوۋانىڭ زالىم شاھ زەھھاكقا قارشى كۈرىشى بىلەن مەزدەكنىڭ زۇلمەتكە قارشى قوزغىلىڭى زىيادە تەسىرلىك بولۇپ، ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدۇ. ئاياللار ئوبرازى سىستېمىسىدا، رۇدابە، سىندۇخت، تەھمىنە، فەرەنگىس، سۇدابە، مەنجا، گۇردا فەرىد قاتارلىقلار بار. ئاپسانىلەردە بۇ ئايال - نازىنىنلار زور سىياسىي - ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ھېكايەتلەر ئېخىمۇ تەسىرلىك بولۇپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان، شائىر - ئەدىبلەر ئۈچۈن ئاشىق- مەشۇقلار سۆيگۈ داستانلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئاتلاپ خەمسە يارىتىشنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە. خاسىيەتلىك ھايۋانلار ئوبرازى سىستېمىسىدا، سۇمرۇغ قۇش ئوبرازى بىلەن تۇلپارى رەقىش ئەڭ تىپىكتۇر. بۇلار ئىنسانىي خۇسۇسىيەت ۋە ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى شەپقەتچىلىرى ۋە تۆھپىكار ياردەمچىلىرىدۇر. خاسىيەتلىك سۇمرۇغ روستەم پالۋاننىڭ دادىسى زالنىڭ قۇتقازغۇچى سۈت ئانىسى، رۇستەم پالۋاننىڭ ئانىسى رۇدابەنىڭ تۇغۇت ئانىسى. رەقىش تۇلپارى پالۋانى رۇستەمنىڭ سۆيۈملۈك تۇلپىرى، پالۋاننىڭ يەتتە چوڭ مۇشكۈلاتنى يېڭىشىدىكى قانىتى ۋە ياردەمچىسى، تەڭداشسىز ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك. شۇڭا، پالۋان ئۇنى قېنى ۋە جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ قەدىرلەيدۇ.

تاجىك ئەپسانىلىرىدە يەنە يۇقىرىدىكى تىپىك ئوبرازلارغا ياندىش ھالدا ئاجايىپ مۆجىزە كارامەتلەرنى ياراتقان پەيلاسوپ - ئاقىللار، مۇنەججىم - پالچىلار، ئالىم - دانىشمەنلەر، سەركەردە - داھىيلار، پىداكار - مەردلەر، گۈزەل- زىبالار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، دېھقان - چوپانلار، دىنىي ئەرباپلار بار. بۇ رەڭگارەڭ ئوبرازلار سىستېمىسى تاجىكلارنىڭ ئەپسانىۋى دەۋرىنىڭ كۆركەم خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

## 4. تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ ھازىرقى رېئال تۇرمۇشتىكى ئىزنا - ساقىندىلىرى

تاجىك ئەپسانىلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردە خىلمۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئىدىيىلەرنىڭ ئىستىسناسىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە، تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۇنىڭ ئىزنالىرى يەنىلا كۆزگە كەڭ تاشلىنىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئۆتۈش، ھادىسىدىن ماھىيەتكە، ماھىيەتتىن ھادىسىگە ئۆتۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى ئىزنا - ساقىندىلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ھېس قىلدۇق:

(1) تاجىكلار ئادەتتە ئۆزىنى «قۇياش ئەۋلادى»، «نۇرزادە»، «پەرىشتە ئەۋلادى» دەپ قارايدۇ، بۇنىڭغا تاجىكلارنىڭ مەشھۇر «مەلىكە قورغان» رىۋايىتى سەۋەب بولسا كېرەك. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ھەركۈنى چۈش مەزگىلىدە قۇياشتىن بىر ئاق ئاتلىق يىگىت چۈشۈپ، مەلىكە بىلەن مالاقەتتە بولىدىكەن. مەلىكە ھامىلدار بولۇپ كۆزى يورۇيدىكەن، تۇغۇلغان بۇ بالا كېيىن پادىشاھ بولۇپ قالىدىكەن. ھازىرقى تاجىكلار ئەنە شۇ پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. چوڭقۇر ئەپسانىۋىلىككە ئىگە بولغان بۇ رىۋايەت ۋە بۇ رىۋايەتتىن قالغان مىللىتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى قاراش ماھىيەتتە نۇر ئىلاھى ئاھورمازدا توغرىسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى ئىنكاسىدۇر، خالاس.

(2) تاجىكلار ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇر، سول تەرىپىدە شەيتان (ئازدۇرغۇچى زۇلمەت) ئورۇن ئالغان بولىدۇ، ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە قىلغان - ئەتكەنلەردىن ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى نۇرنىڭ توغرا يولغا باشلىغانلىقى ھېسابلانسا، يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە دېۋە - پەرىلەرنىڭ ئوغۇل بالىدىن قورقۇشى، ئوغۇل بالىنىڭ پېشانىسىدە «نۇرى پاك» نىڭ بولغانلىقىدىندۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل قاراش گەرچە پەنگە زىت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزۈنغىچە ئاۋام خەلقىنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىل قاراشتا ئىسلام دىنىنىڭ قىسمەن ئامىللىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپرەك ئادەملەرنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىنىڭ باشقا تون بىلەن ھازىرقى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشى ھېسابلىنىدۇ.

(3) تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئوت بىر مۇقەددەس زات سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. «پىلىك ئايىمى» دە پىلىك ۋە گۈلخان يېقىش، ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلغاندا «چىراق يېقىش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، دېۋە - پەرىلەرنى قوغلاش ئۈچۈن ئىسرىق سېلىش، بىمار - كېسەللەرنى «دۇدى» يورۇتۇپ داۋالاش، ئۆلگەن كىشىنى يەرلىككە قويغان ئاخشىمى قەبرە ئەتراپىغا چىراق يېقىش، ئاي ۋە كۈن تۇتۇلغاندا گۈلخان يېقىش، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئىشىك بوسۇغىسىدا ئىسرىق سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ماھىيىتى كىشىلەر ھاياتىنىڭ بەخت - سائادەتلىك بولۇشى، جىن - شاياتۇن، دېۋە - پەرىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىماسلىقى، تۇرلۇك بالا - قازا، كۈلپەت ئاپەتلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈندۇر. تاجىك دىيارلىرىدا يەنە ئادەم ئۆلگەندە، دەپنە قىلىنغان كۈنى ئاخشىمى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە «چىراق يېقىش» يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. چىراق خوتبىسىنى قىرائەت قىلىش ئاياغلاشقاندا، مۇراسىمغا قاتناشقان جامائەت يېنىۋاتقان چىراققا قولىنى يېقىپ، ئۈچ قېتىمدىن يۈزىنى سىپايدۇ. خەلق ئىچىدىكى ئېتىقادتىن قارىغاندا، «چىراق يېقىش» نىڭ ئىككى تۇرلۇك مەزمۇنى بار. بىرى، ئۆيىنى تازىلاش، يەنە بىرى ئۆلگۈچىنىڭ باقى ئالەمگە بارىدىغان روھىنىڭ يولىنى يورۇتۇش. تاجىكلار ئادەتتە جەسەت قويغان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق يېمەيدۇ، پەقەت «چىراق يېقىش» رەسمىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆي پاكلانغان ھېسابلىنىپ، تاماق يېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاجىك ئەپسانىلىرىدە ئوتنى تۇنجى قېتىم گاۋمەردىنىڭ ئىنىسى ھوشياڭ ئىجاد قىلغان، بۇ ئادىمىزاتنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي - خانىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ، ئاتەش دىنىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىمۇ ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوت ئارقىلىق بەخت - سائادەت يارىتىش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ نۇر تەڭرىسى ئاھورمازدانىڭ سىماسىدۇر. تاجىكلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىكى بىر قاتار ئوت پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلىنىدىغان ئىدىيىلەر ماھىيەتتە قەدىمكى ئوت ئەپسانىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتكە ئايلانغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

(4) ھېيت - ئايەم قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ

بەلگىسى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئۆتكۈزىدى-
غان نەۋرۇز ھېيتى تاجىكلاردىمۇ دەبدەبىلىك ئۆت-
كۈزۈلىدىغان مىللىي ئاييەم جۈملىسىگە كىرىدۇ.
تاجىكلاردا بۇ ھېيتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي
ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا خىلمۇ خىل ھېكايەتلەر
بار. ئېيتىلىشىچە، شاھىنشاھ جەمشىد تەختكە
چىققان كۈنى «بەزم جەمشىد» ناملىق كاتتا شاھانە
زىياپەت بەرگەنىكەن، بۇ زىياپەتتە تۇنجى شاراب ۋە
تۇنجى پارقىراق تەخت ئىجاد قىلىنغانىكەن ھەم
مۇشۇ كۈن «نەۋرۇز» دەپ ئاتىلىپ، ھەر يىلى شۇ
كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇبارەك ئاييەم كۈنىگە ئايلانغا-
نىكەن. «پىلىك ھېيت» مۇ تاجىكلارنىڭ مىللىي
ھېيتى، بۇ ھېيتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدى-
مۇ تۈرلۈك ئەپسانىلەر بار. تۇنجى ئادەم گاۋمەرد-
نىڭ نەۋرىسى ئوتنى ئىجاد قىلغان كۈنى «پىلىك
ھېيت» سانىلىدۇ. بۇ ھېيت ئادەتتە بارات ئېيى-
نىڭ 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئېيتى-
لىشىچە، بارات ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنىدىن 15 ـ
كۈنىگە ئۆتىدىغان كېچىسى ئەرش دەرۋازىسى دەقى-
قە ئېچىلىپ، پەرۋەردىگار ئۆز جامالىنى كۆرسى-
تىدىكەن، كىشىلەر مۇشۇ مۆجىزە دەقىقىنىڭ يې-
تىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، ئۆيمۇ-
ئۆي پىلىك يېقىپ، ئۆي ئۆگزىسىگە مەشئەل چى-
قىرىپ، گۈلخان يېقىپ ئوتتىن ئاتلايدۇ. دېمەك،
تاجىكلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرى-
دىكى ئىككى خىل خاسىيەتلىك ئاييەم قەدىمكىلەر-
دىن بىزگە قالغان تەۋەرۈك مىراس ئىكەن.

(5) تاجىكلار ھازىرقى كۈندىمۇ «مۇز تاغ
ئاتا» نى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ، ئۇ-
نىڭدىن بەرىكەت تىلەيدۇ؛ «بۇركۇت ئۇسسۇلى» ۋە
«بۇركۇت نەي» نى تاجىكلارغا ئەبەدىيلىك ئاتا قىل-
غان قۇشلار سەركەردىسى بۇركۇتنى ئېزىزلاپ،
ئۇنى بەخت ـ سائادەت ۋە مەردلىك ـ قەيسەرلىكنىڭ
سىمۋولى دەپ قارايدۇ. تۇز، سۈت ۋە ئاق ئۇننى
ئەڭ مۇقەددەس بىلىپ قەدىرلەيدۇ، بۇلارنى دەس-
سەشنى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ، ۋاقىت (ھەپتە)
قارىشى جەھەتتە، تاجىكلار چارشەنبە كۈننى دۇنيا
بىنا بولغان كۈن، شۇڭا چارشەنبە كۈنى تۇپراققا
تېگىشكە بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۆلگۈچىنى بۇ
كۈنى دەپنە قىلمايدۇ، چارشەنبە كۈنى تۇز كولاشقا
بولمايدۇ، سۈت، تۇز ئارىيەت بېرىشكە بولمايدۇ،
كىر ـ قات ۋە چاچ يۇيۇشقا بولمايدۇ. جۈمە كۈنى
خاسىيەتلىك كۈن، بۇ كۈنى تۇپراققا كىرگەن كى-
شى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ كۈنى
تۇپراققا كىرگەن كىشى ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ نۇ-
رىنى كۆرەلەيدىكەن؛ قەبرە ئېلىشتا قەبرىستانلىق-
تىن بىرلا ئو ۋنغا تېگىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئادەم
خاكتىن چىقىپ خاكقا قايتىشتا، تۇپراقتىن ئۇنىڭ-
غا بىرلا جاي نېسىپ ئىكەن ۋە باشقىلار. بۇ خىل
قاراشلار ۋە ئەدەتلەرنىڭ يىراقراق ۋە چوڭقۇرراق
يىلتىزى قەدىمكى تاجىك ئەپسانىلىرىغا بېرىپ تا-
قىلىدۇ، «مۇز تاغ ئاتا» رىۋايىتى، «بۇركۇت
نەي» رىۋايىتى، «تۇز رىۋايىتى»، «سۈت رىۋايە-
تى» قاتارلىقلاردا يۇقىرىدىكى قاراشلار ئالغا سۈ-
رۈلگەن.

تاجىك ئەپسانىلىرى بىر چوڭ تەتقىقات تېمى-
سى. بىز سەھىپە چەكلىمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ،
ھازىرچە مۇشۇ يەرگىچە توختالدۇق.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988ـ يىل نەشرى.
2. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.
3. باباجان غاپوروپ: «تاجىكلارنىڭ تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
4. خالىق مىرزا زادە: «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، تاجىكىستان «ئېرفان» نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى.
5. «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى چەت ئەل ئەدەبىياتى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى 1982ـ يىل نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدتاجى**

www.uyghurkitap.com



# تەسەۋۋۇپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ۋە ئورنى توغرىسىدا

ئىمىنجان ئەھمىدى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تەسەۋۋۇپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇئەييەن تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تەتقىقاتىدا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**:本文论述伊斯兰哲学中占据重要位置的苏非主义在维吾尔文学史上的影响和地位,并指出维吾尔文学史的研究应当关注这一问题。

**Abstract**: In this article ,the writer gave us a description about how the Tassawup, Which takes the important place in Islcmic philosophy has won the influenle and position in the history of vyglurs Literatare . The writer also pointed out that the reserch about the history of Uyghur Liteature should have a careful consideration about this problem.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى سوتۇق بۇغراخان ۋە مۇسا بۇغراخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشى ۋە ئومۇملىشىشى، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ كەڭ، چوڭقۇر تارقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىمۇ بۇ سۇلالە زېمىنىغا تەڭلا ئېقىپ كىردى. چۈنكى، مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باغداد ۋە ئىراندا زەربىگە ئۇچرىغان تەسەۋۋۇپچىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان ۋە بۇ رايوندا يېڭى تەرەققىيات زېمىنىغا ئىگە بولغانىدى.

تەسەۋۋۇپ ئىسلامىيەتتە زاھىدلىق (تەركىي دۇنيالىق) ئامىللىرىنىڭ ئاددىي تەرەققىياتى سۈپىتىدە ئەڭ دەسلەپ مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەب ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ باغداد، بەسرە شەھەرلىرىدە بارلىققا كېلىپ، ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ بىرقانچە تارماقلىرىغا ئىگە بولغان پەلسەپىۋى ئېقىمغا ئايلانغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى بوغۇق ئىجتىمائىي مۇھىت، چىرىكلىك، قاتمۇ ـ قات زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «گۇناھقا تولغان دۇنيانى ۋە ئىنسان روھىنى قۇتقۇزۇش» قا ئوخشاش بىر قاتار شۇئارلىرى، ئاللاھ ۋەسلىگە ۋاسىل (ئېرىشكۈچى) بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋەھدەت (بىرلىك) تەشكىل ئېتىش

* ئىمىنجان ئەھمىدى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى.

ھەققىدىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيە، تەشەببۇسلىرى تەسەۋۋۇپنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يېڭى تەرەققىيات زېمىنىغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىزلىرىنى بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ XI ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن نادىر مىراسى — «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن ئۇچرىتىمىز. ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەينى دەۋر ئىسلام دۇنياسىدا مۇئەييەن تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىگە قارىتا قاراشلىرىنى ۋاستىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن مەلۇم بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىللىرى دۆلەت نورمال تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چىقىپ، جەمئىيەت ئەخلاقى بۇزۇلغان، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ھەرقايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە دۆلەت پارچىلىنىپ، خەلق ئېغىر كۈلپەت ئاستىدا قالغان بىر دەۋرگە توغرا كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل «كىشىلىك مېھر، ياخشىلىق ۋە قائىدە يوسۇن يوقىلىپ، رەزىللىك قالغان، ۋاپا قەھەتچىلىكى بولۇپ، جاھانغا جەۋر تولغان، جاھىللار ئارىسىدا ئۆزىگە ئەلەمىيەتكەن»① بۇ زاماندىن قاتتىق ئاغرىنغان ۋە «نىيەت (كۆڭۈل) تۈزەلسە، ئىنسان تۈزۈلىدۇ، ئىنسان تۈزەلسە، جاھان تۈزۈلىدۇ» دېگەن قاراش بويىچە② بۇ خىل مەۋجۇد ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىغا باشقا بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بۆلۈنۈشتىن ئاۋۋالقى «ئومۇمىيەتچىل، ئادىل ۋە پاك ھۆكۈمدار، ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ دوستى سۈپىتىدە تونۇلغان» ③ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخاننى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈمىدىنى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەخت ۋارىسلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا باغلىغان. ئاپتور ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقىت دەل ھەسەن بىننى سۇلايمان بالاساغۇندا ئىككىنچى ئورۇندىكى خىفان — ئارسلانخان نامىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى «تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان»غا تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىشى ۋە ئەسىرىنى خاقانغا تەقدىم قىلىشى ھەسەن بىننى سۇلايماننىڭ مىلادىيە1074- يىلى قەشقەردە قاراخانىلار سۇلالىسى تەختىنى ئىگىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى، «بۇغراقاراخان» قاراخانىلاردا ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ھۆكۈمراننىڭ نامى ئىدى.

مىلادىيە 1060 — 1070 - يىللىرى يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى يىل جەھەتتە پارس تىلىدىكى دىداكتىك ئەسەر — «قابۇسنامە» (زىيارىد سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەرىپىدىن مىلادىيە 1082- يىلى يېزىلغان)، قەدىمكى پارس دىداكتىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى 2 - ئەسىرى — «سىياسەتنامە» (نىزامۇلمۇلۇك تەرىپىدىن مىلادى 1090 - يىلى يېزىلغان)، ئۇلۇغ غەززالى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن سەل ئىلگىرى، مىلادىيە 1111 - يىلى يېزىپ چىققان ۋە بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەر — «نەسىھەت ئەل - مۇلۇك» («شاھانە نەسىھەتلەر») دىن ئىبارەت پارس تىلىدىكى بۇ ئۈچ دىداكتىك ئەسەردىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىدىنمۇ بۇ ئۈچ ئەسەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ④. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بىلىشتىن، يەنى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۆز مىكىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىزدەلگەن، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى دەپ تونۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار نەرسىلەر ئىدىيىۋى، روھىي نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدىئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ يېرىم سەھىپىسىنى

تەشكىل قىلغان ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار مۇنازىرە، سۆھبەت ۋە مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئەينى دەۋر ئىسلام دىنىي ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن ئورتودۇكسال ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قانات يايغان كىشىلەرگە ئارىلىشىش بىلەن تەركىيدۇنيالىق توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇنازىرىلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىسى، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىكتۇر. روبېرت دانكوۋ بۇ ھەقتە: « ‹قۇتادغۇبىلىك›، تىكى ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە ئىسلام دىنىي ئەدەبىياتى بىلەن پاراللېل دېگەندەك ماڭغان بولۇپ، بەس - مۇنازىرە ۋە يەكۈن جەھەتتىكى ئوخشاشلىقمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ» ، «سىياسىچى ئۆگدۈلمىش بىلەن تەرىقەتچى زاھىد ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق ۋە بىرلىك جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېلىپ بارغان دراماتىك بايانلىرى بۇ ئەسەرنى ئىسلام ئەدەبىياتىدا يېگانە ئورۇنغا ئىگە قىلدى»⑤ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتى ئۈچۈن سەلبىي ئامىل ھېسابلىغان تەركىيدۇنيالىقنى تەنقىد قىلىشتا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىبىنىڭ ئورتودوكسال دىنىي قاراشلىرىنى تايىنىش نۇقتا قىلىپ (ر. دانكوۋ بۇنى «ئۆلچەملىك سۈننىي ئەدەبىياتى ئۇسلۇبى» دەيدۇ)⑥، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىكى «بەخت - سائادەت» نى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى تۈۋرۈكى ھېسابلىغان «بىلىم ۋە ئەقىل» بىلەن، ئۈچىنچى تۈۋرۈكى «ئاقىۋەت ۋە قانائەت» نىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەتمەكچى بولغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ نىشانى «بەخت - سائادەت» بولۇپ، ئۇ ئادالەت ۋە قانۇن (بۇ، بىرىنچى تۈۋرۈك)، بىلىم ۋە ئەقىل، ئاقىۋەت ۋە قانائەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ تولۇقلىنىپ كامالەتكە يېتىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئاقىۋەت ۋە قانائەت» كاتېگورىيىسىگە سىمۋول قىلىنغان ئودغۇرمىش ئوبرازىدا يەتمەكچى بولغان مەقسىتى — ئودغۇرمىشنىڭ «ئاقىۋەت» تونىغا ئورۇنۇۋالغان تەركىيدۇنيالىقنىڭ ، جەمئىيەتتىن قول ئۈزۈپ تەنھا ئىستىقامەت يولىغا مېڭىشىنىڭ پاسسىپ، زەرەرلىكلىكىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق، «ئۆلۈم» دىن ئىبارەت بۇ «ئاقىۋەت» نى توغرا تونۇپ، بارلىق ئاچكۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىكلەرنىڭ تىزگىنى بولغان «ئىنساپ» ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغان، ئۆز دەۋرى ۋە ئۆز غايىسى ئۈچۈن زور ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارالغان «قانائەت» تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇش ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى سيۇژېت لىنىيىسىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا راۋاجلاندۇرۇلغان زىددىيەتلەر كۆرنىشىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە شۇ بولىدۇكى، زاھىد ئودغۇرمىش ياشانغىنىدا دۆلەت ئىشىدىن ئۆزىنى تارتىپ، دۇنيانى تاشلاپ، ئۆزى بىلەن بىللە زاھىدلىق يولىنى تۇتماقچى بولغان ئۆگدۈلمىشكە كېڭەش بېرىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن توسىدۇ. زاھىد ئودغۇرمىش يەنە شۇ سۆھبەتنى داۋامىدا ئۆز يېتىشسىزلىكلىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمدى ئۆزىگە ئامال يوق ئىكەنلىكى، مۇشۇ تائىتى بىلەن ئاللاھ دەرگاھىغا كېتىۋېلىشتىن باشقا يولى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ⑦. بولۇپمۇ، بۇنىڭدا ئودغۇرمىشنىڭ «مەن ئىگەمدىن قاچقان يامان قاچقۇنمەن، پۈتۈن بارلىقىم گۇناھقا پاتتى»⑧ دېگەن سۆزى دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر بولۇپ، بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەسەۋۋۇپنىڭ تەركىيدۇنيالىق ۋە شۇ قاتاردىكى پاسسىپ ئىدىيىۋى ئامىللىرىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ئاساسىدا يەتمەكچى بولغان مەقسىتىنىڭ نەتىجىلىنىشى ئىدى.

ر. دانكوۋ يۈسۈپ خاس ھاجىپنى «ئاقسۆڭەك دانىشمەنلەر قاتلىمىدىن تۇرۇپ، ئىچكى ئاسىيا رىۋايەتلىرىنى ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ قىممەت قارىشىغا ئىگە قىلغان»⑨ دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ھەمدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كېيىنكى يېرىم قىسمىدىكى ناتىق ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، بۇ ئاساسىي تېما، ئالدى بىلەن بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن⑩، دېگەن قاراشنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇ بىزگە قاراخانىلار جەمئىيىتىدىكى زاھىدلارنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىدا، بۇددا دىنى تەسىرىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم نۇق-

تىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەسەۋۋۇپ XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا رەسمىي بىر ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. بۇ ئېقىمنىڭ دەسلەپكى پىرى يۈسۈپ ھەمەدانى (مىلادىيە 1048 — 11 . يىللار) ئىدى. يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئۇنىڭ شاگىرتى خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز نامىغا باغلىق بىر ئېقىمنى تەشكىل قىلغان ۋە بۇ ئېقىم كېيىن XIV — XV ئەسىرلەردە مۇھەممەد باھائىددىن نەقشىبەندىنىڭ نامى ۋە تەلىماتلىرى بىلەن باغلىق ھالدا تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم بىر تەرىقىتىگە ئايلانغان بولسا، يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ يەنە بىر شاگىرتى خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئۇستازىنىڭ تەلىماتلىرىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي باشقىچە يول تۇتۇپ، مىستىك تەسەۋۋۇپ، تەركىيدۇنيالىق بىلەن ئورتودوكسال ئىسلام دىنىي قاراشلىرىنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئېقىمى — يەسەۋى تەرىقىتىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر شەخس، تەسەۋۋۇپچى شائىر خوجا ئەھمەد يەسەۋى XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى سايرام — ئىسپىجاپ شەھىرىنىڭ سايرام بازىرىدا، ئىبراھىم ئىسىملىك چوڭ شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يەتتە يېشىدا ئىنىسى بىلەن بىللە يەسسى شەھىرىگە (بۇ شەھەر كېيىن «تۈركىستان» نامى بىلەن ئاتالغان) كېلىپ، بوۋىسى يېنىدا يەرلەشكەن ۋە ئارسلان بابا ناملىق مەشھۇر شەيخنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. ئارسلان بابانىڭ مەشھۇر تەسەۋۋۇپ پىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «ھېكمەت»لىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن. ئارسلان بابا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەھمەد يەسەۋى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇخاراغا كېلىپ، مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىغا قول بەرگەن ھەمدە يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ ئىككى خەلىپىسىدىن كېيىن، مىلادىيە 1157 - يىلى ئۇنىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى بولغان[11]. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ نوپۇزى ئۇستازى ھاياتىدىلا تىكلەنگەن ۋە ئۇستازىنىڭ نوپۇزى بىلەن بىللە ئەتراپقا تارقالغان.

ئەھمەد يەسەۋى ئۆز ئىدىيىلىرىنى يېيىشتا پۈتۈنلەي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت تۈرىدىن پايدىلانغان. ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدىكى، خەلق جانلىق تىلىغا يېقىن بولغان، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى — كالامىزىمنى يۇقىرى بەدىئىي كۈچ ئارقىلىق جانلىق، ھېسسىياتلىق ئوبرازلاشتۇرغان تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى شېئىرلىرى «ھېكمەت» دەپ ئاتىلىپ، ئۆز مۇرىتلىرى ۋە مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە بولغان، ئۇنىڭ مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى بۇ «ھېكمەت»لەرنى ھەممىلا يەردە زىكرى - سانا قىلىشىپ، يەسەۋى ئىدىيىلىرىنى خەلق ئىچىگە زور كۈچ بىلەن تارقىتىشقان. يەسەۋى «ھېكمەت»لىرى بولۇپمۇ ماۋەرائۇننەھر، يەتتىسۇ ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونلىرىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تارقىلىپ، بۇ رايونلاردا بىر قەدەر يۇقىرى تەسىرگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەسەۋى «ھېكمەت»لىرىگە تەقلىد قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالغان تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئەدەبىياتمۇ بۇ رايونلاردا تېزدىن باش كۆتەرگەن ۋە راۋاجلانغان.

تەسەۋۋۇپنىڭ ھەرقايسى ئېقىم، مەزھەب، سۇلۇكلىرىنىڭ خېلى بىر قىسىم ئاساسچىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىزچىل ۋارىسلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى تونۇلغان ئەدىبلەردىن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۆز پىر - ئۇستازلىرىنىڭ ئىدىيە، تەلىمات ۋە قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ۋە تارقىتىش يولىدا ئەدەبىياتنى بىر مۇھىم ۋاستە قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىياتتا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بىر مۇھىم مەزمۇننى تەشكىل قىلدى. دەسلەپكى دەۋرلەردە ( IX — XIII ئەسىرلەردە) تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئەدەبىياتتا نامە ژانىرى، دىداكتىك داستانچىلىق ۋە پەلسەپىۋى- دىداكتىك شېئىرلار مۇھىم ئورۇن تۇتتى، كېيىن ئۇ لىرىك ۋە ئېپىك تۈرنىڭ ھەممە ژانىر، شەكىللىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئەھمەد يەسەۋىدىن كېيىن ياشىغان شائىر ئەھمەد يۈكنەكى ئۆزىنىڭ «خاقانىيە تىلى» (ئەسەردە بۇ تىل «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان) دا يازغان دىداكتىك داستانى «ئەتەبە تۇلھە قايىق» (ھەقىقەت بوسۇغىسى) تا خېلى كۆپ تەرەپلەردىن «قۇتادغۇبىلىك» ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىكىن ئىدىيە جەھەتتىن، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپقا ما-
يىللىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ ئەلىشىر ناۋائى «نەسائىمۇل مۇھەببەت»
ناملىق ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنى ئوتتۇرا
ئاسىيادا تونۇلغان شەيخلەر (سوپىلار) قاتارىدا تىل-
غا ئېلىپ ئۆتكەن ۋە «ئەتەبەتۇلھە قايىق» تىن تۆ-
ۋەندىكى مىسرالارنى كەلتۈرگەندى»⑫:

«تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر»

مەنىسى:

تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر [ئۇ] قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ كىشىلىك ۋە دۇنيا قا-
راشلىرى ئۇنى ئىمام غەززالى ياكى ئەھمەد يەسەۋى-
چە سوپىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. نەۋائىنىڭ
ئەھمەد يۈكنەكىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىمۇ
ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتە نەقشىبەندى تەرىقىتىدىكى
كېيىنكى سوپىلار بىلەن مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە
بولغانلىقىدىن ئىدى.

XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مەيدانغا
كەلگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتىكى راۋاجلىنىش مىستىتسىكىغا قاتتىق زەربە
بەردى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى بىر قاتار پرىنسىپال
مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا زىت بولغان باشقا دۇنيا قا-
راش ئىگىلىدى. بۇ خىل دۇنيا قاراش ئىلىمنىڭ،
ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەق-
قىياتقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئىدىيىلەرگە قارشى
كۈرەشتە زور رول ئوينىدى. دەۋر ئېقىمى، رېئال-
لىق، رېئال ھايات، تەبىئەت بىلەن باغلىق ئىلغار
قاراش ئاساسىدىكى يېڭى ئىدىيىنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ
بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىدا نەقشىبەندى تەرى-
قىتىنىڭ ئوينىغان رولى زور بولدى. بۇ تەرىقەت-
نىڭ ئاساس سالغۇچىسى بولغان نەقشىبەندىنىڭ
تولۇق نامى مۇھەممەد بىننى مۇھەممەد فەزلى بۇ-
خارى ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 718 - (مىلادىيە
1314) يىلى بۇخارانىڭ قەسرى ئارىغان دېگەن
يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. سەييىد شەرىفنىڭ «تارى-
خى راقىمى» دە خەۋەر بېرىشىچە، نەقشىبەندى ئۆز
تەھسىلىنى ۋە تەربىيىسىنى ئاساسەن مەشھۇرسو-
پى ئەمىر كولالىيدىن ئالغان⑬.

نەقشىبەندى تەلىماتلىرىنىڭ تارقىلىشىغا زور
ئەمگەك سىڭدۈرگەن مۇتەپەككۇر شائىر نۇرىددىن
ئابدۇرەھمان جامى (1414 - 1492) ئۆزىنىڭ
«نەفەھاتۇل ئۈنس مىن ھەزاراتۇل قۇدس» (ئۇ-
لۇغ زاتلارنىڭ مەجلىسلىرىدىكى خۇشپۇراقلار)
ناملىق ئەسىرىدە «نەقشىبەندىچە، باتىندىن («با-
تىن» — ئاخىرەت، يوشۇرۇن مەنىسىدە) ھەق
بىلەن شۇنداق مۇناسىۋەتتە، ئالاقىدە بولۇش كې-
رەككى، ئۇنى خەلق يارانتقۇچى بىلەن ھېچقانداق
ئالاقىسى بولمىغان، ھېچقانداق باغلىنىشى يوق
دەپ ئويلىسۇن، بۇ، بۇنداق ھەرىكەت ۋاسىللىقتا
(«ۋاسىل» — ئېرىشكۈچى مەنىسىدە)، فانىيلىق-
تا («يوقلۇق» مەنىسىدە)، خۇدا بىلەن ۋەھدەت
(بىرلىك) تەشكىل ئېتىشكە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ
ۋە ئۇنى، ئۇنىڭ ئىمكانىيىتىنى ئىستىسنا قىلماي-
دۇ. ئەكسىچە، بۇ مەلۇم مەنىدە شۇلارنى كۆزدەتۇ-
تىدۇ»⑭ دەيدۇ.

نەقشىبەندى تەرىقىتى ئۆز تەسىرىنى ئەدەبى-
ياتقا چوڭقۇر سىڭدۈردى. ئۇ XIV — XV
ئەسىرلەردە نەقشىبەندى تەرىقىتى ئىدىيىلىرى ئا-
ساسىدىكى شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈ-
لۈشى، شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، خوراسان ۋە
ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا مەدەنىيەتنىڭ، ئەدەبى-
ياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا، رېئال تۇرمۇش، تەبىئەت
ۋە بۇ دۇنيا گۈزەللىكلىرىنى، لەززەتلىرىنى تولۇق
تونۇپ يەتكەن زور بىر تۈركۈم ئەدىبلەرنىڭ مەيدان-
غا چىقىشىدا، مىستىك تەسەۋۋۇپچىلىرىنىڭ كا-
سات بولۇشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى. بۇ ئەنە شۇ
دەۋردە مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇ-
ھىم بىر تارىخىي دەۋرىنى تەشكىل ئەتكەن ئەلىشىر
نەۋائى، لۇتفى، سەككاكى ۋە ئاتائى قاتارلىق مەش-
ھۇر ئەدىبلەر ئىجادىيىتىدە روشەن نامايەن بولدى.

ئەلىشىر نەۋائى ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامى-
نىڭ «نەفەھاتۇل ئۈنس» ناملىق ئەسىرىنى تەر-
جىمە قىلىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان «نەسائىمۇل
مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە ئۆز فانتېئىزىمىغا
ئاساس بولغان نەقشىبەندى دۇنيا قاراشلىرىنى ئالا-
ھىدە ئۇلۇغلايدۇ. نەۋائى ئۇستازى ئابدۇرەھمان

جامى ئارقىلىق نەقشىبەندى سۇلۇكىگە كىرگەن ھەممە ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىجادىي مىراسلىرى ئارقىلىق نەقشىبەندى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى تېخىمۇ كونكرېت راۋاجلاندۇرغان، ئۇنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ۋە خەلقچىللىققا ئىگە قىلغانىدى. جامى ۋە نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپنىڭ مەشھۇر مىللىرىنىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلىغان يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە لۇتفى، سەككاكى ۋە ئاتائىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرى قاتارىدا ئورۇن تۇتقانلىقى بىزگە مەلۇم.

نەۋائى فانتېزىمى ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇلغان نەقشىبەندى ئىدىيىلىرى نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ بۈيۈك ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزچىل مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. بۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەۋائىدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋردە مەيدانغا چىققان ھىرقەتى، زەلىلى، ئەرشى، خىراباتىغا ئوخشاش خېلى بىر قىسىم تونۇلغان ئەدىبلەر ئىجادىيىتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ تەسەۋۋۇپ، بولۇپمۇ سوپى - ئىشانچىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەسىرى زور دىنىي - سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى)، «تەزكىرەئى خوجەكان»، «تەزكىرەئى مۇھەممەد شېرىف بۇزرۇكۋار» قاتارلىق ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان «پادىشاھلىقنى سوپىلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن كىشى» بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە پەرغانىدىن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ، خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار قاتارلىقلار، سەمەرقەندتىن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ چوڭ ئاكىسى خوجا خۋاۋەند مەھمۇد قاتارلىقلار يەكەنگە كېلىپ، سۇلتان سەئىدخان ھوزۇرىدا سوپىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. سۇلتان سەئىدخان خوجا خۋاۋەندكە قول بېرىپ مۇرىت بولغان⑮. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى مەھدۇم ئەزەم ۋەكىللىكىدىكى كاسان خوجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەنپەئەت، تەسىر كۈچى، ھوقۇق تالىشىش مەيدانىغا ئايلانغان. شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپ پىرلىرىگە قول بېرىپ مۇرىت بولغان سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئوخشاش يەكەن خانلىقى دەۋرى ئەدىبلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى تەبىئىي ئىدى. مەسىلەن، سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە:

«ئى رەشىدى سەن ئۆزەڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە،
ئىشقىنىڭ يولىدا بىر ھايى - ھۇيى قىلمىدىم»⑯.

دەپ يازغان بولسا، يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر مىرزا زىيرەك چالىشى ئۆزىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرىدا:

«قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر دۇنيانىڭ ئۇچى،
بۇ دۇنيا بىر كوھنە رەبات، بىز يول ئۆتكۈچى»⑰.

دەپ يازغانىدى.

ئۇمۇمەن، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ بىر مۇھىم ۋە مۇرەككەپ تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان تەسەۋۋۇپ يەكەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ، XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جوڭغار خانلىقىنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدىكى خوجىلارنىڭ ۋاستىلىق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا چىققان ئەدىبلەر ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇن تۇتتى. بۇ ئەنە شۇ دەۋردە ياشاپ ئىجاد قىلغان مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ئوغلى ھىرقەتى (گۇمنام)، سەلاھى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىنىنى ئابدۇللا خىراباتى، نەۋبەتى ۋە مەھزۇن قاتارلىق شائىرلار ئىجادىيىتىدە روشەن ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇنى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش - نەسەبى، ھايات مۇساپىسى ھەممە ئۇلارنىڭ ياشىغان شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن باغلاپ چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شائىر ھىرقەتى بالىلىق مەزگىلىدىلا دادىسىغا

ئەگىشىپ، خوجاھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا) غا مۇرىت بولغان ۋە ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەر تازغۇنىنىڭ باغچى دېگەن يېرىدىكى يازلىق قارارگاھى بولغان «گۈلباغ» ناملىق بېغىدا ئىشلىگەن، ھىرقەتى كېيىن ئۇستازىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى، «ئەھلى ھىرقە» پېشۋاسى بولۇپ تونۇلغان[18].

شائىر ھىرقەتنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە «گۇمنام» تەخەللۇسى بىلەن يازغان لىرىك شېئىرلىرىدا، كېيىن يازغان لىرىك داستانى — «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دا، شائىر سەلاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا، شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ غەزەللىرىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا ئورتاق بولغان «ئىشق - ئاشىقلىق» تېمىسى ئاساسىي ئورۇن تۇتۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇ دۇنيادىكى گۈزەللەر، گۈزەللىكلەر، دوستلارغا بولغان سۆيگۈگە دائىر مەزمۇنلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، كۆپلىگەن تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيادىكى گۈزەللىكلەر ئاللاھ گۈزەللىكىنىڭ ئۇلاردا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇنى سۆيۈشمۇ ئاللاھنى سۆيۈشتۇر. ئاللاھنى ئۆز قەلبىگە پۈككەن (ئاللاھ بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغان) قەلبى نۇرلۇق كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي سۆيگۈسىمۇ ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ ئىنساندا نامايەن بولىشىدۇر. شۇڭلاشقىمۇ، ھىرقەتى، سەلاھى، زەلىلىلەرنىڭ گۈزەللىك ۋە سۆيگۈ ھەققىدىكى قاراشلىرىنىمۇ مۇشۇ نۇقتىدىن تۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن.

سوپى - ئىشان سۇلۇكلىرىنىڭ تومانلىرى قاپلىغان خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى بوغۇق ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى يىگىتلىك دەۋرىدىلا جاھاننى تەرك ئېتىپ، قەلەندەر ئاشىق سۈپىتىدە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەپەر، مۇقەددەس جاي، مازارلارنى تاۋاپ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ خىل ھايات يولى ئۇنى تەسەۋۋۇپ روھىدىكى ئىشقىي شېئىرلارنى يېزىشقا ئېلىپ كەلگەن. تەسەۋۋۇپنىڭ «ئىشق» تېمىسىنى ئۆز ئېلى، مىللىتىگە بولغان سۆيگۈ بىلەن، ئۆزىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت، گۇمانىستىك قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خۇددى غەزەللىرىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۆز ئىجادى بىلەن «ئېلىدە شۆھرەت تېپىپ»، «ھەر غەزىلىدىن بىر ئوغۇل قالدۇرۇپ كېتەلىگەن». [19] شائىر زەلىلىنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى نادىر مىراسلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشتىمۇ زور قىممەتكە ئىگىدۇر.

خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئەينى دەۋردىكى «قاراتاغلىق» خوجىلارنىڭ رەھبىرى خوجا دانىيالنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان) ئەرشى يەكەندە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 24 يىل (1732 — 1756 - يىللار) جەريانىدا ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاد - مۇرىتلىرى يولغا قويغان ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، مۇقىم، تىنچ يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە ئوينىغان رولى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى بۇ دەۋرنى نەۋائى ياشىغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىگە ئوخشىتىدۇ[20].

بىز يەكەن خانلىقى ۋە خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ نەۋائى فانتېزىمىسى ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇلغان نەقشبەندى ئىدىيىلىرىگە دەۋر روھى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھالبۇكى، بۇ دەۋرلەردىن بىرگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلەردە يەنە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يامراپ كەتكەن كلېرىكالىزم[21]، ئۆتۈپ كەتكەن مىستىك تەسەۋۋۇپچىلىق، قويۇق روھانىيەتچىلىك بىلەن سوپى - ئىشانچىلىقنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تارىخىي مۇساپىسىدە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، ئابدۇرەھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن رىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، موللابىلال نازىمى، موللا نىياز، موللا شاكىر، سەئىد مۇھەممەد قاشى، موللا مۇسا سايرامى، سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر (ناقىس)، ھۈسەيىنخان تەجەللى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئەدىبلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى سوپى - ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرىنى بەرپا

قىلىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا رېئالىزىملىق خاھىش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك تېماتىكىسى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلدى. لېكىن شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان مۇئەييەن تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى بۇ دەۋردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇنى ئىسمائىل بەگ (بى نىشان)، موللا مۇھەممەد نىياز، مەھمۇد قارىي، قادىرخان خوجا، داۋۇد قارلىق ئەدىبلەر ئىجادىيىتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئاخىرىدا، شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەسەۋۋۇپ ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى، ئەدەبىيات تارىخىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىدا بۇ نۇقتىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىدا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەربىر تارىخىي دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدىب ۋە ئەسەرلە، گە دىئالېكتىك ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرى ئاساسىدا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئوبيېكتىپ، توغرا باھا بېرىشىمىز كېرەك.

**ئىزاھلار:**

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى)، 6566 — 6602 - بېيىتلار.

② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «قۇتادغۇبىلىك، تە ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كامالىتى تېمىسى». «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىللىق 6 - سان، 4 - بەت.

③ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (ئىستانبول، 1977)، 6 - توم، 260 - بەت.

④ روبېرت دانكوۋ: «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئېنگىلىز تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى (چىكاگو، 1983) نىڭ كىرىش سۆزى، 8 -، 9 - بەتلەر.

⑤ ⑥ روبېرت دانكوۋنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسى. 26 -، 31 - ۋە 13 - بەتلەر.

⑦ «قۇتادغۇبىلىك». 5748 — 5752 - بېيىتلار.

⑧ «قۇتادغۇبىلىك». 5710 - بېيىت.

⑨ ⑩ روبېرت دانكوۋنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسى. 2 -، 15 - بەتلەر.

⑪ ئەمەل ئەسەن: «ئىسلامىيەتتىن ئاۋالقى تۈرك مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئىسلامغا كىرىش» (ئىستانبول، 1978)، 181 - بەت.

⑫ ⑬ ⑭ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۆزبېكىستان «فەن» نەشرىياتى، 1977)، 132 - ۋە 153 — 154 - بەتلەر.

⑮ ⑯ «تارىخىي رەشىدىي» (زەيلى). (شافىگىراف نۇسخا) 63، 64، 72 - ۋە 76 - بەتلەر.

⑰ موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985). 112 - بەت.

⑱ ئىساق ئىبىن زىياۋىدىننىڭ «تەزكىرەئى قەلەندەران» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 - لەۋھەسىدىن. ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 8 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑲ «زەلىلى دىۋانى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985). 202، 232 - بەتلەر.

⑳ «تەزكىرەئى ئەزىزان» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988). 83 - بەت.

㉑ كلېرىكالىزم — مەملىكەتنىڭ مەدەنىي ۋە سىياسىي ھاياتىغا چېركاۋ ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈرگۈچى ئەكسىيەتچىل ئېقىم.

(پوچتا نومۇرى: 830011)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# ئۇيغۇر تىجارەت ئېڭىنىڭ تارىخى مەنبەسى ھەققىدە

ئىلھام ئابدۇكېرىم*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئېڭى-
نىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇيغۇر تىجارەت ئېڭىنى شەكىللەندۇرگەن مەنبەلەر
— شەھەرلىشىش جەريانى، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە
مۇھىتى، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرى ئۈستىدە ئىلمىي
مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文探讨维吾尔人经商意识的特点和经商意识形成的根源——城市化过程，维吾尔人居住的地理位置和环境，维吾人信奉过的宗教影响等。

**Abstract**: In this article, the writer approached the Charaeteristics and the source of the commercial conciousness of Uyghur people, the process being urbanized and the Uyghur people's geographical position, condition and the influence of the religion which they believe in.

ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مۇكەممەل مەدەنىيەت
سىستېمىسىغا ئىگە مىللەت. ئۇيغۇرلاردا تارىختىن
بېرى قەدىرلىنىپ كېلىنۋاتقان سودا - تىجارەت مە-
دەنىيىتى مۇشۇ مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن بۇيان
ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىما-
ئىي، ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا بولغان ئاكتىپ
تەسىرىنى كۆرمەسلىك ۋە بۇ جەھەتتە مەخسۇس
تەتقىقاتنى يولغا قويماسلىق ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدە-
نىيەت تەتقىقاتىدىكى بىر نۇقسان ھېسابلىنىدۇ. شۇ
سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختا ۋە زور دۇنـ-
ياۋى تەسىرگە ئىگە سودا - تىجارەت مەدەنىيىتى
تارىخىنى تەتقىق قىلىش — ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى چوڭ تېمىلاردىن بىرى.

جۇڭگو دەسلەپكى ئىسلاھات ۋە ئىدىيىدە ئازاد
بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى بېسىۋاتقان مەزگىللەر-
دىلا، زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار خۇددى سېھىرلەن-
گەندەك سودا - تىجارەت ساھەسىگە تۇشمۇ تۇشتىن
ئاتلىنىپ، ھەم ئۆز ماكانىدا ھەم ئۆز ماكان -
يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىدا، بولۇپمۇ بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، خەي-
كۇ، شېنجېن، شاڭخەي، چاۋجۇ، تيەنجىن، دالـ-
يەن، شېنياڭ، خاربىن، شىئەن، لەنجۇ، شىنىڭ
قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە سودا - تىجارەت بىلەن
پائال شۇغۇللاندى. تىجارەت دائىرىسى، تۈرى،
كۆلىمى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سودا - تىجا-
رەتتىكى ماھىرلىقى ۋە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش جە-
ھەتتىكى جەسۇرلۇقى (ئۇلار خۇسۇسىي سودا كاپە-

• ئىلھام ئابدۇكېرىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

تالىزمنى تىرىلدۈرىدۇ، سودىگەرلىك دېمەك ھا-
يانكەشلىك دېمەكتۇر، دېگەندەك جۇڭگودا بىر مە-
ھەل بازار تاپقان سەپسەتىلەر پەيدا قىلغان ئىدىيە-
ۋى كىشەنلەرنى بىر كېچىنىڭ ئىچىدە دېگۈدەكلا
پاچاقلىۋەتتى، دېسەك مۇبالىغە بولماسلىقى مۇم-
كىن) جەھەتتىن بولسۇن ئەينى چاغدا مەملىكىتى-
مىزدىكى ھېچقانداق بىر مىللەت ئۇيغۇرلارغا يې-
تەلمىگەنىدى. ئۇيغۇر سودا - تىجارەتچىلىرى ئۆز
ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلىگەن يۇقىرى سودا ئېڭى ئەينى
ۋاقىتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بىر مەھەل ئۇيغۇر
غۇلغۇلىسىنى پەيدا قىلدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بەزى
زاۋۇتلار ئۇلارغا مەھسۇلات ئىشلەپ ئۈلگۈرتەلمەي
قالدى. بۇ 80 - يىللاردىكى ئەھۋال ئىدى. ئىسلا-
ھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ ئىزچىللىشىشىغا ئەگە-
شىپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى چەت ئەللەرگە يۈز-
لەندى. مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممىلا جايىدا ئۇي-
غۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمى-
دى. ئەگەر ئەھۋالنى يۇمۇرىستىك بايان قىلساق،
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سابىق سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن ۋە ئۇنىڭدىن
ئىلگىرىكى بىر مەزگىل ئىچىدە بۇ رايونلاردىكى
ماگازىن ۋە تاۋار ئامبارلىرىنى قۇپقۇرۇق قىلىۋې-
تىشتە ھەم جۇڭگو تاۋارلىرى بىلەن بۇ بازارلارنى
تولدۇرۇشتا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۆچمەس تۆھپە
ياراتتى. يېقىنقى يىللاردىن باشقا ئۇيغۇرلار شەرقىي
ياۋروپا ئەللىرى، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى
قاتارلىق ئەللەرگىمۇ قاتناپ سودا-تىجارەت قىلدى.
ھەج- تاۋاپقا بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەككىدىكى سودا
ئىشلىرىغا قاراپ، باشقا ئەللەردىن كەلگەن ھەج -
تاۋاپچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ سودىدىكى ماھىرلىقىغا
تەھسىن ئوقۇپ «خۇدا ساقلىسۇن، بۇلار ئەگەر
ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان
بولسا، دۇنيا سودىسىنى مونوپول قىلىپ، باشقا
سودىگەرلەرگە كۈن بەرمەي قويىدىغان ئوخشايدۇ» ①
دېيىشكەن. بۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولسىمۇ، يەنىلا
مۇئەييەن ئەمەلىيەتنىڭ ئىنكاسى.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئايىغى يەتكەنلىكى جاي-
لارنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالغا
بەلگىلىك ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى ۋە بەزى
ئىجتىمائىي قىممەتلەرنى ياراتتى. سودىگەرلىرى-
مىزنىڭ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا، شىنجاڭدىن ئىچ-
كىرىگە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگە، چەت ئەللەر-
دىن جۇڭگوغا توشۇۋاتقان تونىلاپ - تونىلاپ مال-
لىرىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش تارماقلىرىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى نۇر-
غۇن ئىقتىسادشۇناسلار ۋە مىللەتشۇناسلار ئېتىراپ
قىلماقتا. مۇنۇ ئىككى پاكىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچ-
كىرى ئۆلكىلەردە شۇغۇللىنىۋاتقان مۇلازىمەت
تۈرلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ھەر مىللەت
ئاممىسىنىڭ ئىستېمالىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ
ناھايىتى گەۋدىلىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: تۈ-
رى كۆپ، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول ئۇيغۇر تائام-
لىرى ئۇلارنىڭ ئىستېمال مەزمۇنىنى بېيىتتى.
قوي گۆشى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئەسلى پەسىللىك
يېمەكلىك ھېسابلىنىپ، قىش پەسلىدە كۆپرەك
ئىستېمال قىلىناتتى. مېزىلىك ئۇيغۇر تائاملىرى
بولۇپمۇ كاۋاپ (كاۋاپدان كاۋپى بىلەن تونۇر كا-
ۋىپى) ۋە مانتا، سامسا قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە
گۆش ئەمدى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئىستېمال
قىلىنىدىغان يېمەكلىك بولۇپ قالدى. بۇندىن باشقا
يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى
ئارقىلىق توشۇلۇۋاتقان شىنجاڭنىڭ داڭلىق ھۆل
- قۇرۇق مېۋىلىرىمۇ بار. مەلۇمكى، دۇنيادىكى
ئالتە چوڭ مېۋە سىستېمىسىنىڭ تۆت تۈرى شىن-
جاڭدىن چىقىدۇ. ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ تۈرى
900 خىلدىن ئاشىدۇ. باغۋەنچىلىك بىلەن مېۋە -
چىۋە سودىسى بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ نامراتلىق-
تىن قۇتۇلۇپ، باي بولۇشىدىكى بىر ئاساس ھې-
سابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئۆل-
كىلەردە ئاچقان بازارلارنىڭ باج ۋە باشقا ئىجتىما-
ئىي تۆھپىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمىدۇق.
بۇ جەھەتتە قىزىققۇچىلار بولسا، جۇڭگو ئىجتىما-
ئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئى-
نىستىتۇتى ئېلىپ بارغان «بېيجىڭ ‹شىنجاڭ
كەنتى›، (ئۇيغۇرلار كەنتى) نى تەكشۈرۈش —
تەرەققىيات ۋە مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئەمما مۇشۇ تەكشۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ كۆپ قىرلىق ئەينەكنىڭ بىر قىرىلا بولالايدۇ، خالاس.

ئۇيغۇرلار يەنى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى نېمە ئۈچۈن سودا ۋە تىجارەتتە ھەرقاچان جانلىق ۋەزىيەتنى يارىتالايدۇ؟ ئۇلار راستىنلا سېھىرلەندىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بالا دادىسىنى تارتىدۇ. ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» سودىسىنىڭ ئاۋانگارتلىرى ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئەلچىلىرى دەپ داڭ چىقارغان قابىلىيەتلىك ئەجدادلىرىنى تارتقان. گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس گاباشىن خانىم قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلار سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ ئۇزۇن شۇغۇللانغان (بۇ ھال شۇ چاغدا خەنزۇلارنى ناھايىتى ھەيران قالدۇراتتى)، سودا ئىشلىرى ئۇلارغا زور پايدا كەلتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ يىراقتىكى مىللەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تاۋارغا بولغان تەلپىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى»② دېگەنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا- تىجارەت تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بۇندىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرىلا شىنجاڭنىڭ قاشتاش مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا تاۋارلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بازار تاپقان. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت كۆلىمى ۋە تۈرى ھەم مىقدارى جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختى چاڭئەندە بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇر سودىگىرى بار ئىدى. خەلقئارا سودىدا لوياڭ، داتوڭ، جىڭياڭ، ياڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تىجارەت قىلغان. بۇ دەۋردە ئاتقا يىپەك ئالماشتۇرىدىغان سودا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇرلار ھەر يىلى مەلۇم ساندا يىلقىلارنى ھەيدەپ كېلىپ، ئات بېشىغا 40 توپ يىپەك ئالماشتۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا تاڭ دۆلىتى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا يىلىغا كېلىدىغان ئاتنىڭ سانى 1000 دىن ئاشماسلىقى شەرت قىلىنىپ توختام تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ توختام پات - پات بۇزۇلۇپ تۇرغان. بەزى يىللىرى بىردىنلا ھەيدەپ كېلىنگەن ئاتنىڭ سانى 6000 تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن.③ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلار خەلقئارا سودىنى؛ دۆلەت سودىسىنى ۋە خۇسۇسىي سودىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرغان، بولۇپمۇ خۇسۇسىي سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتقان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسى ئا. گ. مالىياۋكىنىنىڭ « IX — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دېگەن كىتابىدا «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ تۇرغان تاۋارلارنىڭ رويخېتى» بېرىلگەن. مەزكۇر رويخەتتە 100 دىن ئارتۇق تاۋارنىڭ ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن. بۇ ماللار تۈرى جەھەتتە چارۋا - ماللار مەھسۇلاتلىرى، ئېسىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى، يەر ئاستى بايلىقلىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. مانا مۇشۇ ماللارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن بولسا، بىر قىسمىنى غەربتىكى ئەللەردىن كىرگۈزگەن. شۇڭا گ. ۋرنادىسكى: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىدا سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن، ياكى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. جۇڭگودىن باشلىنىپ كاسپىي دېڭىزىغا قەدەر سوزۇلغان سودا يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئۇيغۇرلار جۇڭگو بىلەن ھىندى - ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىدا كۆپ جەھەتلەردىن ۋاستىچىلىك قىلدى» دېگەنىدى④.

بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇر سودا - تىجارەتچىلىرىنىڭ يېقىنقى ئون نەچچە يىللىق سودا ئەمەلىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلار ئۆز ئاتىسىنى تارتتى، دېگەنىدۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل تىرادىتسىيىگە قارىتا ئېيتىلغان ئىبارە. بۇ خىل تىرادىتسىيىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي مەنبەسى بار. ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن تارىختىن بۇيان سودا - تىجارەتكە بۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى؟ دېگەن مەسىلىنى بىز تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، دىنىي ۋە ئىتنىكىلىق شارائىتلار بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن ۋاقتىمىزدىلا،

ئاندىن قانائەتلەنگەندەك جاۋابقا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل شارائىتلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. بىز ئېيتمۇاتقان بۇ شارائىتلار — ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىيات تارىخى، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرى، ئۇيغۇرلار قورۇمىغا قوشۇلغان ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ تۆھپىلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى قاتارلىق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇلار ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىشى: ئالىملار مەرىپەتلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇنى ھامان شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلايدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بىز شەھەر تۇرمۇشى ئۇسۇلىغا ئالاقىدار بايانلارغا مۇراجەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: «مەرىپەتلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جەمئىيەتتە سودا، قول سانائەتى، مەلىكىلىك كەسىپلەر ۋە ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەر (مۇلازىمەت كەسىپلىرى)، ھەم مۇشۇ كەسىپلەردىن ھەر خىل شەكىلدىكى ئىش تەخسىماتى ۋە بيۇروكرات سىياسىي مەيدانغا كېلىدۇ.»⑤ مانا بۇنىڭدىن سودا - تىجارەت ۋە مۇلازىمەتنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولسا ئۇيغۇرلار شەھەر تۇرمۇشىنى قاچان باشلىغان؟ بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلە. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ بەش شەھىرى بارلىقىنى ئېيتقان. بۇلار سۇلى (قەشقەر)، قوچۇ (تۇرپان)، خانبالىق (ئۈرۈمچى)، بەشبالىق (ھازىرقى گۇچۇڭ ئەتراپى)، يېڭىبالىق (سانجى) بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى بىنا قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى كىروران شەھىرىمۇ دۇنياغا مەشھۇر. ياپونىيىلىك يوي تيەنخىڭ تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدا خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە 50 نەچچە بەگلىكنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىر شەھەرنى مەركەز قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.⑥ مانا بۇ شەھەرلەر ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىراق ئەجدادلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بازار تەرەققىياتى ۋە بازار ئەنئەنىسى مۇھىم رول ئوينىغان. ھەرقانداق بىر شەھەر ئەسلىدە كىچىك بازارلارنىڭ ياكى يېزا - كەنت بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ بازار بەرپا قىلىش ۋە بازار ئەنئەنىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرلاردا بۇ چار بازار دېيىلىدۇ. بازارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا بولغان ئاكتىپ تەسىرى ۋە يىراق تارىخقا يىلتىز تارتقانلىقىنى بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بازار ھەققىدىكى مول ماقال - تەمسىللىرى ۋە باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئۇيغۇرلاردا ھەربىر يۇرتتا ھەرقايسى كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن بازار بولۇپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، دۈشەنبە بازار، سەيشەنبە بازار دېگەنگە ئوخشاش. ئالايلى، تارىختىن بۇيان شەھەردە شەھەر بازىرى پەيشەنبە كۈنى بولسا، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بازىرى بولغان. ھەتتا بۇنداق بازار كۈنلىرى شۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ سودا قىلىدۇ. ھەممە ئادەم ۋە ھەممە ماددىي نېمەت، ھەممە بايلىق، سودا - مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى مۇشۇنداق بازارلارغا توپلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا مۇشۇنداق بازار ئەنئەنىسى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىنىڭ بازار كۈنلىرى بار. ھەرقايسى يېزىلار بازار كۈنى جەھەتتىن ئاساسەن توقۇنۇشمايدۇ. بىر ناھىيە بىلەن يەنە بىر ناھىيىنىڭ چېگرىلىنىدىغان يېزىلىرىنىڭمۇ بازار كۈنى توقۇنۇشمايدۇ. شۇ قوشنا ناھىيىنىڭ چار بازارچىلىرى بۇ ناھىيىگە كېلىپ سودا-سېتىق قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ يېزا بىلەن يېزا، ناھىيە بىلەن ناھىيە، ۋىلايەت بىلەن ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا دائىمىي سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق زەنجىرسىمان بازار ئەنئەنىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىلى ۋە مىللەت خاراكتېرلىك سودا

روھىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس.
مانا مۇشۇنداق بازارلارنىڭ بەزىلىرى ئادەم-
لەرنىڭ كۆپلەپ ئولتۇراقلىشىشى، يېڭى كارۋان
يوللىرىنىڭ شۇ جايلاردىن ئۆتۈشى سەۋەبلىك ئەنە
شۇ بوستانلىقلاردا شەھەرلەر پەيدا بولغان بولۇشى
مۇمكىن.
گېرمانىيىلىك كېلىمكايىت ئۇيغۇرلار ۋە ئوت-
تۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئولتۇراقلاشقان يىپەك يولى
بوستانلىقلىرىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى ھەققىدە
توختىلىپ : «بۇ بوستانلىقتىكى شەھەر دۆلەتلىرى
بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ماددىي ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەتنىڭ گەۋدىلەندۈرگۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلا-
ر يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپلا
قالماستىن، بەلكى بۇ خىل يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى
ئىدىيىنى قوشنا دۆلەتلەرگە تارقاتتى. بۇ يەردە
ئېيتىلىۋاتقان بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەتنىڭ ئى-
پادىسى يېزىق شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى
زور مىقداردىكى يېزىقلارنى قوبۇل قىلىشتۇر. بۇ
يېزىقلار جەمئىي 24 خىل. بۇ يېزىقلار جەھەتتىمۇ
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ
سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىش خاراكتېرىدە ئىكەنلى-
كىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ...»⑦ دېگەن. دەر-
ۋەقە، بۇ سودا - تىجارەتنىڭ تۈز تەمىنى تېتىغان،
ئۆز تەقدىرىنى دۇنيا سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى
بىلەن باغلاپ قارايدىغان خەلقلەردە بولىدىغان تەبى-
ئىي خاراكتېردۇر. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر ئېلى باش-
قا ئەللەرنىڭ تىرانزىت سودىسىدىن باج ئېلىپمۇ
زور پايدا ئالاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا
ئۆز ئېلىنىڭ سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىلگەن بولۇ-
شىنى، كارۋان يولىنىڭ تىنچ - ئاسايىشتا ۋە تو-
سالغۇسىز بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسى-
يا رايونىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە جۈملىدىن
ئۇيغۇرلاردا مۇشۇنداق ئېچىۋېتىلگەن خاراكتېر
بولغانلىقى ئۈچۈن يىپەك يولى ئالاقىلىرى كېڭەي-
لىككە ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلار قۇرغان خانلىقلار-
نىڭ ھېچقايسىسى بېكىنمە ھالدا ئەمەس ئىدى. بۇ
خانلىقلار دۆلەت سودىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش
بىلەن بىرگە شەخسىي سودىغىمۇ زور ئىلھام بەر-
گەن. كۆپىنچە ھاللاردا سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ
ئاكتىپلىقىمۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدا جا-
رى قىلدۇرۇلغان. مالىياۋىكىن ئۇيغۇر كارۋانلىرى
ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭمۇ ۋە خۇسۇسلارنىڭمۇ بارلىقى
ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۇيغۇر ئېلىدە
تاشقى سودىغا نىسبەتەن خانلىق مونوپولىيىسى بول-
مىغان دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئەكسىچە ئىچكى-
رى ئۆلكىلەردە شەخسىي سودا دائىم دېگۈدەك مەن-
ئىي قىلىنغان ھالدا تۇرغان.⑧ دەرۋەقە يىپەك
يولىنىڭ راۋانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي
ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېچىۋېتىش خاراكتېرى بولۇ-
شى بىلەنلا دائىمىي راۋان ھالدا بولىۋەرمىگەن .
چۈنكى يىپەك يولى بويىدىكى بوستانلىق شەھەرلە-
رى ۋە دۆلەتلىرى قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارغا
دۇچ كېلىپ تۇرغان. مەسىلەن، XI ئەسىرنىڭ
بېشىدا تاڭغۇتلار ۋە قىتانلار قۇدرەت تاپقاندىن كې-
يىن ئۇيغۇر قوچۇ خانلىقىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر
بىلەن بولغان سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئۈزۈ-
ۋېتىش ئۈچۈن ئۇيغۇر خانىغا بېسىم ئىشلەتكەن.
ئاندا - ساندىكى بېرىپ كېلىشلەرنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا قوچۇ خانلىقى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ
مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىسى ناھايىتى ئۈزۈنغىچە
ئۈزۈلۈپ قالغان.⑨ ئىككىنچىدىن، سودا كارۋان-
لىرى پات-پات بۇلاڭچى ۋە كۆچمەن چارۋىچى مىل-
لەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. يامان يې-
رى، كۆچمەن مىللەتلەر ئات چاپتۇرۇپ بۇلاڭچى-
لىق قىلىشنى بىر خىل قەھرىمانلىق دەپ ھېسابلا-
يتتى. ئۇلار كاۋانلارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا قال-
ماي، بوستانلىقلاردىكى شەھەرلەرگىمۇ ھۇجۇم قى-
لىپ، بۇلاپ ۋەيران قىلىۋېتەتتى. شۇڭا قەدىمكى
ئۇيغۇرلارنىڭ مول - ھوسۇل دۇئا - تىلاۋىتىدە
دېھقانلارنىڭ جاپالىق مېھنەت جەريانى ناھايىتى ئې-
چىنىشلىق بايان قىلىنغان.⑩ دېمەك، چارۋىچى
ياكى يېرىم كۆچمەن خەلقلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز
كۈرەش قىلىپ تۇرۇش بوستانلىقتىكى شەھەرلە-
نىڭ بىر تارىخىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.⑪
گېرمانىيىلىك كېلىمكايىت ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ
ئېگىز سېپىللىرىنى مۇشۇ خىل خەتەرنىڭ بىر
ئىسپاتى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر شە-
ھەرلىرىنىڭ سېپىل بىلەن قورشىلىشىمۇ دەل

سىرتقى قاراقچىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىدى. تاڭ راھىبى شۈەن زاڭنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق بىر ئەھۋال بايان قىلىنغان: ئۇ بىر قېتىم بىر توپ قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلار نېمىنى سورىسا شۇنى بېرىپ جېنىنى ساقلاپ قالغان. يەنە بىر قېتىم ئۇ بىرنەچچە سودىگەر بىلەن بىللە يول يۈرگەن، بۇ سودىگەرلەر ئالدىدىراق كېتىپ قالغان، كېيىن شۈەن زاڭ ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ئۇچراتقان. شۇڭا كارۋانلار كۆپىنچە قوراللىق سەپەر قىلاتتى. ئۈچىنچىدىن، بىر بوستانلىق بىلەن يەنە بىر بوستانلىقنى ئۆزۈنغا سوزۇلغان چۆللەر ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەتەر بىلەن تولغان دۇنيادا ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقنىڭ ۋەھىمىسىمۇ يوشۇرۇن مەۋجۇتتى. شۇ سەۋەبتىن، سودا يوللىرى ئۆزلۈكسىز راۋان بولىۋەرمىگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا سەپەر يېمەكلىكلىرىمۇ بەلگىلىك تەرەققىي قىلغان. ئالايلى، نان، تالقان، سۆرلەنگەن ياكى قاق قىلىنغان گۆش ۋە ھەر خىل قۇرۇق مېۋىلەر — جىگدە، چىلان، ئەنجۈر قېقى، قوغۇن قېقى، ئالما قېقى، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى قاتارلىقلار سەپەردە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ۋە ئۇزۇن ساقلاشقا بولىدىغان يېمەكلىكلەر ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ نان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن يېمەكلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئۇنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇيغۇرلاردا نان يوللۇق ئۈچۈن سوۋغا قىلىنىدۇ. بۇ «دىدار كۆرۈشىش نېسىپ بولسۇن» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. شۇڭا نان تارىختىن بېرى يېمەكلىكلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك رىقابەت كۈچىگە ئىگە.

گەرچە بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خەلقلەر يۇقىرىقىدەك خىلمۇ خىل خېيىم - خەتەر ۋە قىيىنچىلىق، بېسىملارغا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بۇلار ئۇلارنىڭ سودا يولىدىكى پىداكارانە روھى ۋە ئېچىۋېتىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىگەن. چۈنكى بېكىنمىچىلىك ئۇلارغا يۇقىرىقى خېيىم - خەتەرلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئاپەت ئېلىپ كەلگەن بولاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار تارىختا ھەر خىل ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، يىپەك يولى قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت يارىتىشنى خانلىق قانۇنىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغان. بۇنى بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

5546 شەھەر - كەنت ئىچىدىن ئوغرىنى ئېرىت،
كارۋانۇ - مۇساپىرنى ئىمىن يۈرىت.
5547 يوقات ئەل ئىچىدە زوراۋاننى سەن،
تۈگەت يۇرت تېشىدا قاراقچىنى سەن.
5577 ئۈچىنچى ئىمىن قىل پۈتۈن يوللىنى،
يوقات قاراقچى ۋە ئوغرىلىرىنى.

شەھەرلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بىلەن نورمال سودا ۋە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ بىر ئامالى شۇكى، بۇ خىل سودا ۋە تىنچلىق بەزىدە قېرىنداشلارچە ياكى «سەپداشلارچە دوستلۇق» ⑫ بايرىقى ئاستىدا ئەمەلگە ئاشاتتى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ بالدۇر شەھەرلىشىشى ئۇلارنىڭ پارلاق مەدەنىيەتنى يارىتالىشىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئىچىدە ئالىبۇرۇنلا مەدەنىيەتكە قەدەم قويغانلىقى ئۇلارنىڭ شەھەرلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھالبۇكى، سودا - سانائەت شەھەر ھاياتىنىڭ جان تومۇرى ئىدى. شەھەرلىشىش ۋە شەھەر سودىسى ئۇيغۇرلارنى دۇنيا سودىسى ۋە باشقا مەدەنىي ئالاقىلار زېمىنىگە باشلاپ كىردى. شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردا ئۆز مەنپەئەتىنى قوشنا ئەللەرنىڭ ياكى دۇنيانىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىر دەپ قارايدىغان قىممەت قارىشى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار بۇ خىل قىممەت قارىشىنى يوقاتقىنى يوق. ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتى نەتىجىسىدە كىچىكلەپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا مۇشۇ خىل روھ ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت: بۇ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى تەبىئىي مۇھىت، يەنە بىرى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان زېمىنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى.

1. تەبىئىي مۇھىت. شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى مول ئەمەس، ھاۋاسى قۇرغاق، دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان مۇنبەت تۇپراق ئاز، بۇ جەھەتتە ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇنداق شارائىتتا نوقۇل دېھقانچىلىق ياكى چارۋىچىلىققا تايانغان بىلەن چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. دېمەك، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ناچار تەبىئىي شارائىتتا ئاڭلىق جەڭ ئېلان قىلىپ، بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپا قىلدى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۈنئىي سۇغىرىش تېخنىكىسىنى بەرپا قىلىشى (دۇنياغا مەشھۇر تۇرپان كارىزلىرى بۇنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتى)، بالدۇر شەھەرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سودا - مۇلازىمەت كەسپى ۋە قول سانائەت تېخنىكىسىنى كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. 1956 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، گۇما، قارا قاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق يەتتە ناھىيىنىڭ ھەر بىرىدە 50 تىن ئارتۇق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى بار ئىكەن. مانا بۇلار (ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئاپتورلار يەردىن قېزىۋېلىنغان مول ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئارقىلىق خېلى كۆپ ماقالە - ئەسەرلەرنى يازدى) دېھقانچىلىقتىن ئاجرىلىپ چىققان بولۇپ، بۇ تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىنىڭ كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈشى، خالاس. ئەنە شۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە بىزنىڭ سودىگەر ئەجدادلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتقان داڭلىق خوتەن قاشتاش بۇيۇملىرى، خوتەن قەغىزى، ئەتلىسى، گىلىمى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار ھېلىمۇ بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە.

2. جۇغراپىيىلىك ئورنى. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تارىختا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار ئۇيغۇر خانلىقى ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنى قۇرغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى سودىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، خەنزۇلار ۋە سوغدىلار بىلەن بولغان قويۇق ئالاقە قىلىش نەتىجىسىدە شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇنىڭ پەيتەختى دۇنخۇاڭ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار ئۇيغۇر خانلىقى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىگە جايلاشقان ئىدى.

قەدىمكى يىپەك يولى دېگىنىمىزدە، شەرق تەرىپى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلىرىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىز دۆلەتلىرىگە ئۇتۇشىدىغان، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇغرا كېسىپ ئۆتىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 7000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قۇرۇقلۇق سودا يولىنى كۆرسىتىدۇ. يىپەك يولىنىڭ ئۈچ لىنىيىسى شىنجاڭدىن ئۆتىدۇ. بىرى، ياڭگۈەن ئۆتكىلىدىن چىقىپ، پىشامشان ئارقىلىق ئالتۇنتاغ، كۇئېنلۇن ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ، يەركەنگە كېلىپ، ئاندىن پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق ئۇلۇغ ياۋچىغا (كۇشان دۆلىتى) ۋە ئىراققا بارىدۇ. بۇ جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، يۈمىنگۈەن ئۆتكىلىدىن چىقىپ، ئالدىنقى قانقىلى (تۇرپان) ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئۇ يەردىن پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق پەرغانىگە، سوغدىيانا قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ. بۇ شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى يول خەن دەۋرىدىلا ئېچىلغان. ئۈچىنچى يول كېيىنرەك ئېچىلغان بولۇپ، ئۇ دۇنخۇاڭدىن چىقىپ قۇمۇل، باركۆل، ئۈرۈمچى ۋە يارىش (جۇڭغار) ئويمانلىقى ئارقىلىق تەلكىدىن ئۆتۈپ ئىلى ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا بارىدۇ. بۇ ئوتتۇرا شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى نەچچە ئەسىرلىك تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق مول ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەتلەرنى يارىتىپ يىپەك يولىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن. شەرق ۋە غەربتىن كېلىدىغان ھەر خىل بايلىقلار توپلىنىدىغان بۇ ماكانلار

(ئاساسلىقى شىنجاڭ ۋە گەنجۇ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى، گۈللىنىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىپەك يولى قاتنىشىدىن ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى مەرىپەت ئىدى. چۈنكى ماددىي بايلىقلار تۈگەيدۇ. ئەمما مەرىپەت بولسا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولىدۇ. تا بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلار مېھماندوستلۇقى، ئۇچۇق - يورۇقلۇقى، سەنئەت ۋە ئىلىمخۇمارلىقى، ئاقكۆڭۈللۈكى بىلەن داڭلىقتۇر. بۇ رايون خەلقلىرىدە مۇشۇنداق خاراكتېرنىڭ بولۇشى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. يىپەك يولى ياراتقان مۇشۇ قىممەتلەر ئۈچۈن بىز سودا يولىدا تېنىمسىز پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئەجدادلىرىمىزغا تەشەككۈر ئېيتماي ۋە ئۇلاردىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز. شۇڭا مەرھۇم پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئالەمگە مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلاشقان سوغدى — توققۇز جاۋۇب) سودىگەرلىرى يىپەك يولىنى ئېچىش، يىپەك يولى گۈل - چېچەكلەرنى سۇغىرىش، يىپەك يولى شەھەر - راباتلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتا دائىمىي باغۋەنلىك خىزمىتىنى كۆرسەتكەن. ئۇلارسىز پادىشاھ، سەركەردىلەر، راھىب - ساياھەتچىلەرنىڭ ناگان - ناگاندىكى سەپەرلىرى مۇنداق زېمىن ئۈستىدىكى «سامان يولى» نى دائىمىي راۋان ھالەتكە كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى.» دېگەنىدى.⑬

تارىخ بىزگە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىنىڭ يىپەك يولى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇردى. يىپەك يولى تازا راۋان بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە خەلقىمىز ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىپادە قىلغانىدى. XVI ئەسىردىن كېيىن دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى نەتىجىسىدە يىپەك يولى چۆلدەرەپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بارا - بارا ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى. بايلىق ۋە يېڭى مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارغا توپلىنىدىغان بولدى. مەركىزىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئەمدى تارىخىي تەرەققىيات ئېقىنىنىڭ سىرتىدا قېلىپ، بارغانسېرى ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغا ئايلانغىلى تۇردى. خەلقىمىز ئارىسىدا تەسەۋۋۇپ ئەۋج ئېلىپ، تەقدىرچىلىك ۋە تەركىي دۇنياچىلىقتەك پاسسىپ ئىدىيىلەر يامراشقا باشلىدى. ئىقتىسادىي بازىستا كۆرۈلگەن بۇ دەھشەتلىك بوھران ھەرقانداق تىرىشچانلىقلارنى ئەرزىمەس نەرسە قىلىپ كۆرسەتتى. دېڭىز قاتنىشى كۆلەم، مىقدار ۋە سۈرئەت جەھەتتە كارۋانلارنى ئارقىدا قالدۇرغانىدى. ئەڭ مۇھىمى ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تېز ئىسلاھ قىلىشقا باشلىدى. تار تېخنىكا ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىشخانا قول سانائىتى ئىگىلىكى دېڭىز قاتنىشى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋە ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىۋاتقان يېڭى دۇنيا بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ماشىنىلاشقان يىرىك سانائەت ۋۇجۇدقا كەلدى، ماشىنىلاشقان يىرىك سانائەت ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرخنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكى بۇ دەۋردە تېخىچە قول سانائەت ئىگىلىكى باسقۇچىدا تۇرماقتا ئىدى. سېتىش كۈچى بولمىغاننىڭ سېتىۋېلىش كۈچىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، رىقابەت ئىقتىدارىنى تەدرىجىي يوقاتقان ئۇيغۇرلار ئاخىرى تارىخىي تەشەببۇسكارلىقتىن مەھرۇم بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل ھالەت XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلدى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭدا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى چەت ئەل فىرمىلىرى (روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر قۇرغان فىرمىلار) ئاشكارا ۋىۋىسكا ئېسىپ ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئاشۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى بازارلىرىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تاۋارلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، چەت ئەللىكلەر بۇ تاۋارلار بەدىلىگە شىنجاڭنىڭ ھەر خىل خام ئەشيالىرىنى ئەرزان باھادا ئېلىپ كېتەتتى.⑭ ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى جورۇيچاۋ شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى ۋە باشقا

بازارلىرىدىكى ياپونىيە ماللىرى تۈرىنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولغان ھەم بۇ ماللارنى ياپونىيىدىن بىۋاسىتە شىنجاڭغا توشۇشقا بولسا زور پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. ⑮ مانا بۇلار مەلۇم مەنىدە شىنجاڭنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ بەلگىلىك تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ يىللاردا مىللىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن سودىگەر، كارخانىچىلاردىن ئابدۇرۇسۇلباي، ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنباي قاتارلىق تەرەققىپەرۋەر زاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللىي سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈدى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۇلار تارىخىي چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ ئۆتكۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇشقا تامامەن مۇناسىپ. ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ كارخانىسىنىڭ جاپالىق قۇرۇلۇش جەريانى، ئۇلارنىڭ گېرمانىيىدىن ئېپكىلىۋاتقان ئىلغار ۋە يۈرۈشلەشكەن كۆن-خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ماشىنىلىرىغا كۆزى چۈشكەن رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل توساق ۋە قىلتاقلارنى قۇرغانلىقى، ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباينىڭ تىز پۈكمەس ئىرادىسى ⑯ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

تەھلىلچىلەر يېقىندىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ قايتا تىرىلىشى توغرىسىدا ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بەزى بىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامېرىكا — ياپونىيە مالىيە گۇرۇھلىرى يىپەك يولى بويلاپ دۇنياۋى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول قۇرۇلۇشىنى پىلانلاۋېتىپتۇ. تەھلىلچىلەرنىڭ ئاساسى شۇكى، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن زاپاس مىقدارى ئىنتايىن زور بولغان نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئالتۇن، ئۇران قاتارلىق كان بايلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرنەچچە جۇمھۇرىيەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن بۆلۈنۈپ چىقىشى، تۆمۈر يول ۋە تاش يول قاتناشلىرىنىڭ بەلگىلىك تەرەققىياتى دەل غەربىي ياۋروپا، ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىماقتا. چەت ئەل كارخانىچىلىرى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ بۇ رايونلاردىن نەپ چىقمىسا؛ كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما بىز مەسىلىنى يېڭى بايلىق مەنبەلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە توشۇش يوللىرىنىڭ قولايلىشىشى نۇقتىسىدىنلا چۈشەندۈرىدىغان بولساق، بۇ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ يەنىلا ئالدىنقى ئەسىرلەر باسقۇچىدىلا توختاپ قالغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. دەسلەپكى دېڭىز قاتنىشى ئېنىق بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدە ئىدى. كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دېڭىز قاتنىشىنىڭ مەقسىتى بايلىق مەنبەلىرىنى كونترول قىلىۋېلىش ياكى مۇستەملىكە دائىرىسىنى كېڭەيتىش، نەچچە مىڭ تونىلىق پاراخوتلاردا بايلىقلارنى توشۇپ كېتىش ئىدى. بۇ خىل توشۇش قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى ئىدى. بايلىقلارنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولسا قۇللۇق، نامراتلىق ۋە قاششاقلىققا پېتىپ قالاتتى. ئەمما دېڭىز قاتنىشىنىڭمۇ ئەكس تەسىرى ۋە ئاكتىپ تەرەپلىرى بار — ئۇ دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان خەلقلەرنى تەدرىجىي ئويغاتتى.

ئەلۋەتتە، يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشىدىن مۇستەسنا ھالدا بۇ دۇنيانىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بوشلۇق تولدۇرۇلۇشى كېرەك. ئەمما بۇ تولدۇرۇش قانداق تەرزدە بولىدۇ؟ بۇنى بىز دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشىمىز لازىم. ھازىر دۇنيا ئۇچۇر دەۋرىدە تۇرىۋاتىدۇ، غەرب ئەللىرى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق ھالدا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا باشلىدى. يەنى سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش زور مىقداردىكى ئېنېرگىيىنى سەرپ قىلىدىغان ئىگىلىكتىن، ئېنېرگىيىنى تېجەيدىغان ئۇچۇر ئىگىلىكىگە ئۆتمەكتە. دېڭىز قاتنىشى سەۋەبلىك سانائەت دېڭىز بويلىرىغا مەركەزلەشكەن بولسا، ئەمدى ئۇچۇر ئىگىلىكى ئايرىدوروملار ئەتراپىغا توپلانماقتا. ⑰ ئۇچۇر دەۋرىدە ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ. بايلىق مەنبەسى ۋە قاتناش ۋاستىلىرى يەنىلا قىممەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇچۇرنى يېگىلى بولمايدۇ. چەت ئەل مەبلىغى ۋە يۇقىرى تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى كىرگۈزۈش ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا ئاچ-

كۆزلۈك ۋە يالماۋۇزلۇققا قارشى ھالدا تەرەققىي
قىلىۋاتىدۇ, چۈنكى ئاچكۆزلۈك، يالماۋۇزلۇق ئا-
خىرقى ھېسابتا يالماۋۇزنىمۇ ھالاكەتكە ئۇچرىتى-
دۇ. باراۋەرلىك بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاساسىي پرىن-
سىپى بولۇپ قالماقتا. مانا بۇ ئۇچۇر دەۋرىنىڭ
ئىنسانىيەتكە بېرىدىغان سوۋغىسى.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنداق بىر
تارىخىي پۇرسەت تۇرۇۋېتىپتۇ. بىز ئىسلاھات ۋە ئې-
شىكنى ئېچىۋېتىش شارائىتىدا بىلىم قۇرۇلمى-
مىزنى ئۈزلۈكسىز ئۈستۈرۈپ، يىپەك يولى ئالا-
قىلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا خەلقىمىزنىڭ ئې-
ڭىغا سىڭگەن، ئېچىۋېتىلگەن، يېڭىلىقنى دادىل
قوبۇل قىلىدىغان، ئۆز تەقدىرىنى دۇنيانىڭ تەقدى-
رى بىلەن بىر دەپ قارايدىغان، رىقابەتنى دادىل
كۈتۈۋالىدىغان، تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلى-
دىغان، ئىلىم، ھېكمەت، ھۈنەر - سەنئەتنى سۆ-
يىدىغان، سەپەر ۋە مۇساپىرەتچىلىكنى ئەلا بىلىدى-
غان ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيا-
لىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە
قوشۇشىمىز كېرەك.

**ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان
دىنلار ۋە ئۇنىڭ سودا، تىجارەتكە بولغان
ئاكتىۋئال تەسىرى.** ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا
مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ خرىستىئان دىنىنىڭ نېس-
تورىيان مەزھىپىگە قىسمەن ئېتىقاد قىلغانلىقى
ھەققىدىمۇ بەزى مەلۇماتلار بار.

بۇ دىنلارنىڭ قايسىسى بولمىسۇن ئۇيغۇرلار-
نىڭ سودا - سېتىق، ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىغا
ئىلھام بەرگەن ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.
ئالايلى، ئىستىقامەت ئەھكاملىرى ئەڭ قاتتىق بول-
غان بۇددا دىنىغا ئائىت مەشھۇر يادىكارلىقلاردا بۇد
ساتىۋالارنىڭ سودىگەرلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدى-
غانلىقى ۋە ئامەت ئاتا قىلىدىغانلىقلىرى ھەققىدە
مەزمۇنلار بار. ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەتتە يۇلتۇز
سۇتراسى» دا «ناۋادا بىرەر باي ئائىلىنىڭ بەگزادى-
سى ياكى بىرەر ساھىپجامال سەپەرگە چىقسا،
سىرتقا چىقىپ سودا قىلسا چوقۇم ئۇنى مۇرادىغا
يەتكۈزىمەن.» دەپ ۋەدە قىلىنغان. يەنە شۇ ئۇي-
غۇرچە «ئاسمان ۋە زېمىندىكى سەككىز مۇزەككەر
تەڭرى سۇتراسى» دا «ئەگەر ئۇ يىراق يەرگە سەپەر
قىلسا ياكى جەڭگە ئاتلانسا، سەمىمىي نەسىھەت ۋە
بەختكە ئېرىشمەكچى بولسا ۋە پاكى سىرتقا چىقىپ
سودا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ھوسۇلى ھەسسىلەپ
ئاشىدۇ» دېيىلگەن. ھەتتا بەزى بۇددساتىۋالارنىڭ
باشقىچە نامى «سودىگەرلەرنىڭ ھامىيسى» ، «سو-
دىگەرلەرنىڭ يولباشلىغۇچىسى» ئىدى. مانى دىنى-
دىمۇ سودىغا يۇقىرى باھا بېرىلگەن بولۇپ، سودى-
گەرلەر تەبىقىسى مانى دىنىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ
بىرى ھېسابلىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خرىستى-
ئان مۇرتلىرىنىڭمۇ باشپاناھى بار بولۇپ ئۇ سىن.
گىئورگى ئىدى. ئەمما سودىغا مەدەت بېرىشتە مۇ-
شۇ دىنلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلام دىنىغا يەتمەيتى-
تى. بۇ دىنلارنىڭ سودىغا مەدەت بېرىشى پەقەت
ئۇلارنى پاناھىدا ساقلاشقا ۋەدە قىلىش بىلەنلا چەك-
لەنگەن بولسا، ئىسلام دىنىدا بۇلاردىن باشقا سودى-
گەرلىك ۋە بازار ھەققىدە، سودىگەرلىك ئەخلاقى
ھەققىدە بىر يۈرۈش قائىدە - نىزاملار ئوتتۇرىغا
قويۇلغان. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئىسلام دىنى
مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا مەككە بىلەن مەدىنە
مۇھىم سودا مەركەزلىرىگە ئايلىنىپ بولغانىدى.
سودا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى ئىدى.
ھەتتا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭمۇ بەلگىلىك سودا
تەجرىبىسى بار ئىدى. ئۇ 12 ياشقا كىرگەندە تاغى-
سى بىلەن بىللە تىجارەت ئۈچۈن شامغا بارغان.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 ياشقا كىرگەندە، باي
سودىگەر خېنىم خەدىچە پەيغەمبەرنىڭ «سەمىمىي
راستچىل ئىكەنلىكى» ، «خەلقىنىڭ ئۇنى ئەمىن
(ئىشەنچلىك) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى
ياللاپ تىجارەت ئۈچۈن شامغا ئەۋەتتى.» ئۇ بۇ
قېتىمقى سەپىرىدە زور پايدا ئالدى.⑱ كېيىن ئۇ
شەخسەن ئۆزى سودا - تىجارەت قىلمىغان بولسى-
مۇ، ئەمما سودا پائالىيىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل
بۆلگەن. «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس» تە ئې-
پادىلەنگەن بازار ۋە سودا ئەخلاق مىزانلىرى تۆۋەن-
دىكىچە: A سودىدا ئادىل بولۇپ، گىر ۋە تارازىغا
ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك. «قۇرئان كەرىم» دە:
«(ئۆلچەم ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي!
ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا، تولۇق ئالى-
دۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە
كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغان-
لىقىغا ئىشەنمەمدۇ» . «ئۇلار تارازىدا ئۆلچەمدە
كەم بېرىشتىن يانسۇن،» ⑲ دېيىلگەن. ئىسلام
مۇرتلىرىغا نىسبەتەن بۇنىڭ زور چەكلەش رولى-
نىڭ بولىدىغانلىقى چوقۇم. شۇڭا بۇرۇن خەنزۇ-

www.uyghurkitap.com

لاردا ئۇيغۇرلاردىن بىر نىمە ئالساڭ تارازىسىغا
قارىما، دېگەن سۆزلەر تارالغان. B سودىدا باشقى-
لارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق، راستچىل بولۇش.
«قۇرئان كەرىم» دە: «بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللى-
رىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەر-
نىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش
ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار» [20] «ھەدىس»
تىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلار بار. «......
ئەگەر ئۇلار راست گەپ قىلىشسا، مالنىڭ، پۇل-
نىڭ ئەيىپلىرىنى يوشۇرۇشمىسا، ئۇلارنىڭ سودى-
سى بەركەتلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مالنىڭ،
پۇلنىڭ ئەيىپلىرىنى يوشۇرۇشسا، سودا ئۈستىدە
يالغان گەپ قىلىشسا، قىلغان سودىسىنىڭ بەركى-
تى ئۆچۈپ كېتىدۇ.....» [21] «كىمكى كىشىلەرنىڭ
پۇل - مېلىنى قايتۇرماسلىق نىيىتى بىلەن ئالسا،
ئېلىنغان پۇل - مالنى ئاللاھ تۇزىتىۋېتىدۇ». [22]
C جازانىنى مەنئى قىلىش. ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدى
ۋە باشقا خەلقلەر ئىچىدىن چىققان جازانىخورلار
نۇرغۇن ئادەملەرنى يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرزگە
بوغۇپ ۋەيران قىلىۋېتەتتى. مۇھەممەت پەيغەمبەر-
مۇ دائىم نامازنىڭ ئاخىرىدا دۇئا قىلغاندا «ئى
ئاللا، ساڭا سېغىنىپ گۇناھ ئىشلاردىن ۋە قەرزدار
بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىل-
غان. [23] شۇڭا «قۇرئان كەرىم» دە: «جازانە -
ئۆسۈم يىگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرى-
دىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك
قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ ھارام
قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ، ‹سودا سېتىق جازانى-
گە ئوخشاش ‹جازانە نېمىشكە ھارام بولىدۇ؟›، دې-
دى. ئاللاھ سودا - سېتىقنى ھالال قىلدى. جازا-
نىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە، جەمئى-
يەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى.
» [24] كېيىن بەزىلەر بۇنى پەرقسىزلا بارلىق پۇل
مۇئامىلە ساھەسىگە تەدبىقلىغانلىقى ئۈچۈن بازار-
نىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك توسقۇنلۇق رولىنى
ئوينىدى. D ئىسلام دىنىدا بازارغا ئېپكىرىشكە
بولمايدىغان بەزى نەرسىلەر ۋە «مۇلازىمەت» تۈر-
لىرى مەنئى قىلىنغان. مەسىلەن، زەھەرلىك چې-
كىملىك، مەس قىلغۇچى ئىچىملىك، پاھىشىخانا،
قىمارخانا، رەمباللىق قاتارلىقلار.

دېمەك، ئىسلام دىنىدا بازار ۋە سودا - سې-
تىققا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈنگەن. بىر دىنىنىڭ مە-
لۇم بىر مىللەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئاشۇ
دىن بىلەن ئاشۇ مىللەت ئوتتۇرىسىدا مەلۇم قىم-

مەت مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى، ئېنىقراق
قىلىپ ئېيتساق، ئاشۇ مىللەت توپىنىڭ ماددىي ۋە
مەنىۋى ئېھتىياجلىرىغا ئۇيغۇن كېلىشكە باغلىق
بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ پانى دۇنيانىڭ مەنپەئەت-
لىرىگە بەلگىلىك ئەھمىيەت بېرىشى، سودا - سې-
تىقنى قوللىشى شەھەرلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ماد-
دىي ۋە روھىي ئېھتىياجلىرىغا باپ كېلىشى بۇ
دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ
بىرى. ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدا ھەتتا شاھزادىلەرمۇ
يىراق ئەللەرگە بېرىپ سودا تىجارەت قىلغان. [25]

تۆتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قۇرۇل-
مىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجا-
رەت مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى ۋە ئورنى مە-
سىلىسى. ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان ئورخۇن ئۇي-
غۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇي-
غۇر خانلىقى، قاراخانىلار ئۇيغۇر خانلىقى ۋە يە-
كەن سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىغا
كىرگەن ئىچكى توققۇز قەبىلە ۋە تاشقى توققۇز
قەبىلىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. مانا مۇشۇ قە-
بىلىلەر ئىتتىپاقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىنى
تەشكىل قىلغان ئوق قەبىلىلەردۇر. بۇلاردىن باشقا
ئۇيغۇرلارغا بىرمۇنچە تۈركىي قەبىلىلەر، ئارىيان
ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان، تارىختا ناھايىتى شانلىق
مەدەنىيەت ياراتقان ساك، توخار ۋە سوغدىلارمۇ
ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

سودا - تىجارەت بابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك
تەركىبىگە قوشۇلغان سوغدىلار گەرچە «ئۇيغۇر
ئېتنىك سۇبىستراتى بولالمىغان، بەلكى پەقەت
نىسپىي ھالدا قىسمەن تەركىبىي قىسمى بولۇپ
قوشۇلغان» [26] بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر
ئىقتىساد -مەدەنىيەت ھاياتىغا بولغان ئاكتىپ تەسى-
رىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. سوغدىلار ئەڭ دەس-
لەپ ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامى بىلەن ئاتالغان
«سوغدىيانا» دا كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ ئول-
تۇراقلاشقان ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى خەلقلەرگە بەلگى-
لىك تەسىر كۆرسەتكەن خەلق ئىدى، سوغدىيانا-
نىڭ تۇپرىقى ئۈنۈملۈك، بايلىقى مول بولۇپلا قال-
ماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ
ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. خەلقى ئىشچان، ئەقىللىق
بولۇپ، سودىغا ئىنتايىن ماھىر ئىدى. ئۇلار
شەرقتە جوڭگوغا جەنۇبتا ھىندىستانغا، غەربتە پر-
سىيە ۋە ياۋروپاغا بېرىپ سودا قىلاتتى. بەزى مە-
لۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئايىغى ھەتتا جەنۇ-
بىي ۋېيتنامغىچە يېتىپ بارغان. [27] دېمەك، سوغ-

دىلار يىپەك يولىنىڭ يەلتاپانلىرى ئىدى. ئۇلار سودىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالدۇراتتى. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە، مەسىلەن سۈي دەۋرىدە ئۆتكەن ۋېي جىنىڭ «غەربىي تاڭغىت توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە: «كانگىيە (سەمەرقەنت) لىكلەر ھەممىسى سودا ئىشلىرىغا ماھىر ئىكەن. ئوغۇللىرى بەش يېشىدىلا ساۋادىنى چىقىرىدىكەن، كىچىكىدىن تارتىپلا سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىدىكەن، پايدا ئېلىشقا ئۇستا ئىكەن» دېيىلگەن. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى» دېگەن كىتابتا: «سەمەرقەنتلىكلەر يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىغا ئالدى بىلەن ھەسەل يىگۈزىدىكەن، قولىغا يېلىم تۇتقۇزىدىكەن. بۇ، بالىلىرىنىڭ چوڭ بولغاندا، ئاغزىدىن دائىم ھەسەلدەك تاتلىق سۆز چىقىشىنى، قولىغا پۇل كىرسە، پۇلنىڭ يېلىمدەك چاپلىشىپ قېلىشىنى، سودا ئىشلىرىغا ئەپچىل بولۇشىنى، بىر تىيىن پايدىنىمۇ قولدىن چىقارماسلىقنى ئۈمىد قىلىشىنى ئىكەن. ئوغۇللىرىنى 20 ياشقا كىرگەندىلا چەت دۆلەتلەرگە سودا قىلىشقا ئەۋەتىدىكەن......» دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ شاھزادىلىرىنى چەت ئەللەرگە سودا قىلىشقا ئەۋەتىشى، ئۇيغۇرلاردىكى «ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر» دېگەنگە ئوخشاش ماقال- تەمسىللەردىن بىز سوغدىلارنىڭ بەلگىلىك تەسىرىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تاڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ھەمىشە تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان توققۇز جاۋۇپلار (توققۇز خۇلار) دەل ئەنە ئاشۇ سوغدىلار ئىدى. توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى (بۇ خان IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەختكە ئولتۇرغان) نىڭ ئۈچ خىل يېزىقتا بولۇشى — ئالدى يۈزى ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئارقا يۈزى ئىككىگە بۆلۈنۈپ يېرىمى خەنزۇچە، يېرىمى سوغدىچە يېزىلىشى شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارغا خەنزۇ ۋە سوغدى مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى. كېيىن سوغدىلار تەدرىجىي ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار سوغدىلارنىڭ سودا مەدەنىيىتى ۋە شەھەر قۇرۇش مەدەنىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ۋارىسى بولۇپ قالغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يىپەك يولى ئالاقىلىرى جەريانىدا پەللىگە يەتكۈزگەن.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلاھات ۋە

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا سودا يولىدا كۆرسەتكەن قىزغىنلىقى ۋە سودا ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىپادىلىگەن يۇقىرى سودا ئېڭى تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇ يىراق تارىخقا يىلتىز تارتقان تىرادىتسىيە. بۇ خىل تىرادىتسىيە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلغۇسى.

تارىخ قانچە شانلىق بولغان بىلەن ئۇ بەربىر ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما تارىخنى يېزىش يېڭى ئەۋلادلاردا ئاڭلىق ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، تارىخ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① ھاجى قۇتلۇق قادىر «مۇقەددەس سەپەردىكى پاراڭلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995 ـ يىللىق 5-، 6 ـ سان.

② ئا. ۋ. گابائىن «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان.

③④⑧⑨ ئا. گ. مالىياۋكىن: «XI — IX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ئۇيغۇرچە نەشرى.

* بۇ يەردىكى «بيۇروكرات سىياسى» سەلبىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى بيۇروكرات تۈزۈمىنى ياكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار جەمغۇرىنى كۆرسىتىدۇ. جۇن. ستىرئارت. مۇللىر 1860 ـ يىلى «ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ كەسپىي ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا بولۇشى، بيۇروكرات تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى» دېگەنىدى.

⑤ «گېرمانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» بۇ «مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. ئەمەلىيەت نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى.

⑥ ياپونىيىلىك يۇي تىيەنخېڭ يازغان. «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑦ كىلىمكايىت «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

⑧⑨ مالىياۋكىن: «XI — IX ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى».

⑪⑫ كىلىمكايىت «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت».

* شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەققىدىكى بايانلار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

* بۇ جەھەتتە پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» نى ئوقۇساقمۇ جىق مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز.

⑬ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنگۈشتەرلىرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 2 - سان.

⑭توگباۋ «چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا فىرمىلىرى»، «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» ئۇيغۇرچە 3 - سان.

⑮ جورۋېچاۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى» خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

⑯ ئېزىزوۋ ئابدۇللا: «مۇسابايوۋلار كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخ»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 28 - سان.

⑰ ياپونىيىلىك رىتېيېشىگىشەن «ئوچۇر ئىلمى ھەققىدە 77 ساۋات، XXI ئەسىرنىڭ پاسپورتى»، كىتاب ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

⑱ «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑲ «قۇرئان كەرىم» 83 - سۈرە، سۈرە مۇتەففىفىن، 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئايەتلەر.

⑳ «قۇرئان كەرىم» 2 - سۈرە، سۈرە بەقەر 188 - ئايەت.

㉑ «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستالانى شەرھى» 153 - ھەدىس. مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 167 - ھەدىس.

㉓ «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستالانى شەرھى» 168 - ھەدىس.

㉔ «قۇرئان كەرىم» 2 - سۈرە، سۈرە بەقەر 275 - ئايەت.

㉕«شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە مەدەنىي يادىكالىقلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 6 - نومۇرلۇق مەكتۇپقا قارالسۇن.

㉖ لى يۇڭ: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1995 - يىللىق 2 - سان.

㉗ يۇي تىيەنخىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى».


### پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1980 - يىل 3 - سان، 1989 - يىللىق 2 - سان.

2. يۇي تىيەنخىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. مالياۋكىن: «IX — XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»

4. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# ئاسىيا - تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدە

تۇرسۇننىياز ساۋۇر*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ 80 - يىللاردىن بېرى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدا يۈز بەرگەن دېموكراتىيە - تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇن نەزەرىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

**摘要**：本文论述随着亚太地区80年代以来成为世界经济新的增长点，这一地区各国宪法内容中出现的民主、和平、发展的新趋势，对传统宪法理论产生的影响。

**Abstract**: Since 80's, the countries of the Pacific Asia have become a new growth point in the world economy, In this article, the wrifer explaihedthe influenle of constitutious of the countries in this area, and the new tendency in democracy, peace and development appeared in the theory of traditional coustitution

«ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى» نۆۋەتتە خەلقئارادا بىر قەدەر كۆپ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان، ئەمما جۇغراپىيىلىك دائىرىسى نازا ئېنىق بولمىغان بىر ئۇقۇمدۇر. بۇنىڭدا بەزىلەر ئاساسەن تىنچ ئوكيان بويلىرىغا جايلاشقان دۆلەتلەرنى كۆزدە تۇتسا، ① بەزىلەر ئۇنى غەربتە جەنۇبىي ئاسىيا يېرىم ئاراللىرىدىن شەرقتە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىي دېڭىز بويلىرىغىچە، شىمالدا ئامېرىكىنىڭ سېئاتل ۋە ياپونىيەنىڭ كورىل تاقىم ئاراللىرىدىن جەنۇبتا يېڭى زېلاندىيىنىڭ ۋېللىڭتون ۋە چىلىنىڭ پۇيېر تومونتلارغىچە بولغان يەر شارىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلىگەن جايلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ② نۆۋەتتە ئىككىنچى خىلدىكى قاراشتىكىلەر كۆپ سانلىق بولۇپ، ئاپتورنىڭ كۆزدە تۇتقىنىمۇ مۇشۇنداق بىر چوڭ رايوندىن ئىبارەت: بۇ رايوندا يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، بولۇپمۇ 80 - يىللارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ بۇ رايوندىكى بىر قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشىغا ئەگىشىپ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە دۇنيانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى

---

* تۇرسۇننىياز ساۋۇر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوزغايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. بۇ رايوندا ئەزەلدىن ئوخشاش بولمىغان ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمە، ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقاد، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئوخشاش بولمىغان ئالڭ فورماتسىيىسى مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە دۇنيا مىقياسىدا شەكىللەنگەن يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىسىدە دېموكراتىيە، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئورتاق تەرەققىيات يۈزلىنىشى شەكىللەندى.

## 1. دېموكراتىيە ـ تىنچلىقنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش پرىنسىپى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىسىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا بۇ رايوندىكى بىر قىسىم يېڭىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دۆلەتلەر «دېموكراتىيە»نى مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈم سۈپىتىدە بىۋاسىتە ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ئېتىراپ قىلغان. ھىندىستاننىڭ 1950 ـ يىلى كۈچكە ئىگە بولغان (ھازىرمۇ يولغا قويۇلىۋاتقان) ئاساسىي قانۇنىدا: ھىندىستان «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق، سوتسىيالىستىك، ئەنئەنىۋى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت» دەپ جاكارلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسى «مىللەتپەرۋەرلىك، ئەنئەنىچىلىك، دېموكراتىزم ۋە سوتسىيالىزم»دىن ئىبارەت تۆت پرىنسىپنى دۆلەت قۇرۇش پرىنسىپى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كەلدى. ھىندونېزىيە 1959 ـ يىلى مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان «5 ـ ئاپرېل ئاساسىي قانۇنى»نى ماقۇللاپ، «ئالالاھقا ئىخلاس قىلىش، ئىنسانپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، دېموكراتىيە، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى»نى «دۆلەت قۇرۇشنىڭ بەش ئاساسى» قىلىپ بەلگىلىگەن. 1975 ـ يىلى ھىندونېزىيە پارلامېنتى «سىياسىي پارتىيىلەر قانۇنى»نى ماقۇللاپ، «دۆلەت قۇرۇشنىڭ بەش ئاساس»غا ئېتىقاد قىلىش ۋە «5 ـ ئاپرېل ئاساسىي قانۇنى»نى ئېتىراپ قىلىشنى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ قانۇنىي ئالدىنقى شەرتى قىلىپ بەلگىلىدى.

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ دېموكراتىيىلىشىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ روشەنلەشتى. كورېيە 1987 ـ يىلى «دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن» دەپ ئاتالغان 6 ـ جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنىنى تۈزدى، بۇ ئاساسىي قانۇن «دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ پاراۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش»نى يېتەكچى ئىدىيە، «ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ۋە باراۋەر تەرەققىي قىلىش»نى مەقسەت قىلغان. نەتىجىدە 1988 ـ يىلى كورېيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھاكىمىيەت تىنچ يول بىلەن ئالماشتى ھەم 30 يىلدەك داۋاملاشقان ھەربىيلەر ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى، زۇڭتۇڭ ئىلگىرىكىدەك مۇددەتسىز، ئۆمۈرلۈك زۇڭتۇڭ بولىدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، مۇئەييەن مۇددەت بەلگىلەندى. ھاكىمىيەت ئىلگىرىكى ھەربىي ئۆزگىرىشكە تايىنىپ ئالمىشىشتىن سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە سايلىشى ئارقىلىق ئالمىشىشقا ئۆزگەردى. بۇ كورېيە ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىتىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشكە قاراپ زور بىر قەدەم باسقانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

تايلاند 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي قا-

نۇنغا تۇزىتىش كىرگۈزدى. 1992 - يىلى 6 - ئايغا
كەلگەندە پارلامېنت يەنە: «زۇڭلى سايلىغۇچىلار
تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كېلىشى شەرت» دېگەنگە ئوخ-
شاش يېڭى مەزمۇنلارنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈز-
دى. «پارلامېنت دېموكراتىيىسى»نى يولغا قويۇپ،
ھەربىيلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرۇشنى تە-
شەببۇس قىلدى. لائۇس 1991 - يىلى يېڭى ئاساسىي
قانۇن ماقۇللاپ، «خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنى
قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش»، «تىنچ، مۇستەقىل،
دېموكراتىك بولغان، بىرلىككە كەلگەن ۋە گۈللەن-
گەن» لائۇس بەرپا قىلىشنى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈپ
يېتەكچى ئىدىيىسى قىلدى. ۋېيتنام 1992 - يىلى
ماقۇللىغان يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا ئەسلىدىكى
«پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت» تۇغرى-
سىدىكى تەبىرنى ئۆزگەرتىپ «ۋېيتنام سوتسىيا-
لىستىك جۇمھۇرىيىتى — خەلقنىڭ»، «خەلق ئۆز
ئۆزىگە خوجا بولىدىغان»، «خەلق ئۈچۈن قۇرۇلغان
دۆلەت» دەپ ئىزاھلىغان.③ بۇنىڭدىن مەلۇمكى،
ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى
جەھەتتىن ئالغاندا، ۋېيتنامدا سوتسىيالىستىك دې-
موكراتىك سىياسىينىڭ ئاساسى ۋە دائىرىسى زور
ھەجىمدە كېڭەيگەن.

ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ
ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى دېموك-
راتىيىنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىر قىسىم پادىشاھلىق
تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغان دۆلەتلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا
دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسىگە ياكى پادى-
شاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىگە قاراپ تەرەق-
قىي قىلىشۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: نې-
پال پادىشاھلىقى 1990 - يىلى 7 - ئايدا دېموكراتى-
يە تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پادىشاھ ۋە ئوردا
پەرمان ئىجرا قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدۇ، پادى-
شاھتا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ، دەپ جا-
كارلاپ، پادىشاھلىق تۈزۈمدىن پادىشاھلىق ئاساسىي
قانۇنلۇق تۈزۈلمىگە قاراپ چوڭ بىر قەدەم باستى.
شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى نېپال ئاساسىي
قانۇن ماقۇللاپ، كۆپ پارتىيىلەر پارلامېنت تۈزۈ-
مىنى ۋە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىنى
يولغا قويۇشنى تۈپ قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.
بۇلار نېپالنىڭ 1955 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندى-
كى «سىياسىي پارتىيە قۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ،
بارلىق ھوقۇق پادىشاھقا تەۋە بولىدۇ» دېگەن بەلگى-
لىمىگە قارىغاندا دېموكراتىيىگە قاراپ ئېشىلغان
زور بىر قەدەمدۇر. كامبودژا پادىشاھلىقى 1993 -
يىلى تۈزۈپ يولغا قويغان يېڭى ئاساسىي قانۇندا:
«پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ،
لېكىن كونكرېت ھاكىمىيەت يۈرگۈزمەيدۇ» دەپ
بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ 1947 - يىلىدىكى ئاساسىي
قانۇندىكى پادىشاھتا خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش
ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ، بارلىق
قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى
بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىلەرگە سېلىشتۇرغاندا،
دېموكراتىك تۈزۈمگە قاراپ زور بىر قەدەم باسقان-
لىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نەزەر دائىرىمىزنى تې-
خىمۇ يىراققىراق قويىدىغان بولساق، غەربىي ئاسى-
يادىكى (ئاسىيا - تىنچ ئوكيان دائىرىسىدىن سەل
ھالقىيدۇ) سەئۇدى ئەرەبىستانى 1992 - يىلى 3 -
ئايدا قويۇق ئىسلام تۈسىگە ئىگە بولغان ئاساسىي
قانۇن ماقۇللاپ، بۇ دۆلەتتە يازما ئاساسىي قانۇن
بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى، بۇ ئاساسىي قا-
نۇن ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، مائارىپ ۋە مەدەنى-
يەت ساھەسىنى تەرەققىيات نىشانى قىلغان ھەم ئەن-
ئەنىۋى ئىسلام جەمئىيىتىدە دەسلەپكى قەدەمدە دې-
موكراتىيە پاكىتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، جەمئى-
يەتنىڭ دېموكراتىيىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلى-
شىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## 2. كىشىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەش، پۇقرالار ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەسلىھەتلىشىش، مۇرەسسە قىلىش ۋە قانۇن ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كىشى-
لىك ھوقۇق مەسىلىسى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئا-
ساسىي قانۇن تۈزگۈچىلەر ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت
بېرىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. «بىرلەشكەن دۆ-

لەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى»، «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى»، «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارا ئەھدىنامە» ۋە «پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق توغرىسىدىكى ئەھدىنامە» قاتارلىق بىر قاتار كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى ئەھدىنامىلەر ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان خەلقئارا ئەخلاق مىزانىغا ئايلاندى. 50 - يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە تۈزۈپ يولغا قويۇلغان ھىندىستان ئاساسىي قانۇنىدىن باشلاپ 90 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە تۈزۈپ يولغا قويۇلغان ۋيېتنام، لائوس، كامبودژا، رۇسىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىغىچە بۇ مەسىلە بارغانسېرى تېخىمۇ زور ئېتىبارغا ئېرىشتى.

90 - يىللاردا تۈزۈلگەن ۋيېتنام، رۇسىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا يەنە پۇقرالارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەش ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى: ۋيېتنامنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا بۇرۇنقى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن «پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ خوجايىنلىق تۈزۈمىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە «پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى خەلقنىڭ خوجايىنلىق تۈزۈمىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلدى. رۇسىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرى قىسمىدا «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش» پرىنسىپى ئېنىق بەلگىلەندى؛ بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ 2 - ماددىسىدا: «ئادەم ۋە پۇقرانىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكى ئالىي قىممەتكە ئىگە، ئادەم ۋە پۇقرانىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيىتى» دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇنلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىدا يەنە پۇقرالارنىڭ «ئەركىن كۆچۈش ھوقۇقى»، «ئىشسىزلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش ھوقۇقى»، «ئەمگەك تۇختىمىنىڭ ئەركىن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ھوقۇقى» قاتارلىق يېڭى مەزمۇنلار كۆپەيتىلدى.

بەزى دۆلەتلەر يەنە پۇقرالار ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش، بولۇپمۇ پۇقرالار ئىچىدىكى ئالاھىدە تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى ئالاھىدە قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇرۇشتىن كېيىن تۈزگەن ئۈچ قېتىملىق (1948 - يىل، 1972 - يىل ۋە 1992 - يىللار) ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە پۇقرالارنىڭ «بىلىم ئېلىش ھوقۇقى» دىن كېيىنلا «دۆلەت ئىلغار بولغان مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ۋە ھەقسىز مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش قاتارلىق خەلقپەرۋەر مائارىپ تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، بۇ خىل ھوقۇقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن. ① ياپونىيە، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەر ياشانغانلار نىسبىتىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئاياللار - باللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى دەخلىتەرۇزغا ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، ياشانغانلارنىڭ پېنسىيە فوندى تۈزۈمىنى يېڭىدىن تۈزۈپ يولغا قويدى. سىنگاپور «ئاياللار نىزامنامىسى» نى يولغا قويۇپ، ئاياللارنى خورلاشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. مالايسىيا 1991 - يىلى 7 - ئايدا «باللارنى قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇپ، باللارنى خورلاشنى قەتئىي مەنئى قىلدى ھەمدە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. ھىندىستاندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاساسىي قانۇندىكى «ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى» ۋە باشقا باراۋەرلىك ھوقۇقلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ساداسى ناھايىتى تېز ئۆرلىدى. شۇڭا، 1994 - يىلى ھىندىستان پارلامېنتى مەخسۇس كىشىلىك ھوقۇققا دائىر قانۇن ماقۇللاپ «مەملىكەتلىك كىشىلىك ھوقۇقى كومىتېتى» تەسىس قىلدى، شتات ۋە ئاساسىي قاتلاملاردا «شتات كىشىلىك ھوقۇقى كومىتېتى»، «كىشىلىك ھوقۇقى سوتى» قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ⑤

ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلار كېڭىشىش، مۇرەسسە قىلىش، قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق تىنچلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقىنى ھەل قىلىشنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. ھىندىستان

1949 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنىنى تۈزگەندىلا ئۆزىنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەت بولۇشتەك دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش، شۇنداقلا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللەتلەر باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغانىدى. سىنگاپورمۇ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ ئىرقلىق ۋە كۆپ دىنلىق دۆلەت. شۇڭا 1990 - يىلى 2 - ئايدا پارلامېنت ماقۇللىغان «ئورتاق قىممەت قارىشى توغرىسىدىكى ئاق تاشلىق كىتاب»نى ئېلان قىلىپ «ئىرقلار ئىناق بولۇش، دىنلار كەڭ قورساق بولۇش»نى سىنگاپور جەمئىيىتىدىكى بەش چوڭ قىممەت قارىشىنىڭ بىرى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. چاۋشيەن ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يارىشىپ قېلىش، كېڭىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. 1980 - يىلى چاۋشيەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى تەرەپ «دېموكراتىك فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، 1988 - يىلى ئۇنىڭ ۋەكىلى 43 - قېتىملىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ئۇنى يەنە تەكىتلىدى. 1993 - يىلى جىن يۇڭسەن زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىنلا XXI ئەسىردىكى كورىيە مىللىتىنىڭ «ئورتاق گەۋدىسى»نى بەرپا قىلىش، «تىنچلىق يولى» ئارقىلىق «مىللەتنىڭ بىرلىكى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى⑥. ھەممىگە مەلۇمكى، روسىيە تېخىمۇ تىپىك بولغان بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇ 160 تىن ئارتۇق مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 17.5% نى، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلار دۆلەت زېمىنىنىڭ 53.3% نى ئىگىلەيدۇ. 1991 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا، بەزىلەر روسىيەنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭمۇ پارچىلىنىش ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى، بىراق ھازىرقى رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ بىر ناتوغرا تەسەۋۋۇر بولۇپ قالدى. گەرچە روسىيە بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ كەلدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق ۋە يۇقىرالىق ھوقۇقىغا بارغانسېرى تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەردە مەسلىھەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، يارىشىپ قېلىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق تىنچلىق ئۇسۇللىرى ئاساسىي ئېقىمنى ئىگىلىدى ھەمدە ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ تىنچ - مۇقىم بولغان جەمئىيەت تەرتىپىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمنى ئەكس ئەتتۈردى.

## 3. ئاساسىي قانۇن قائىدىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، سىياسىي جەھەتتە قانۇنىي ئىزغا سېلىش، پاكلاشتۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ئارزۇسى ۋە مول تەجرىبىسى، ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە تىنچ بولغان ئىچكى - تاشقى مۇھىتنى قوغداش - قەدىرلەش ئاساسىدا، ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ۋە ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى بەلگىلىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدىيىسى بۇ رايوندىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئاساسىي قانۇن تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس دەلىلى ۋە بىۋاسىتە ھەرىكەتلەن-

www.uyghurkitap.com

دۆرگۆچى كۆچى بولۇپ قالدى. بەزى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى ۋە ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى بارلىق دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئالدىغا قويماقتا، ھالبۇكى، دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى بولغان ئاساسىي قانۇن بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇش، ئېتىراپ قىلىش ۋە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋاقىت، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزى تاللىغان ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى ۋە ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم. بۇ دۇنيا ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي ھەرىكەت تارىخىنىڭ، بولۇپمۇ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئەللىرىنىڭ 80 - يىللاردىن بۇيانقى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەرىكىتىنىڭ ئىجابىي ساۋاقلىرىدىن بىرى.

كورىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى 60 - يىللاردىن ئىلگىرى ئەتراپتىكى ئەللەردىن چوڭ پەرقلەنمەيتتى. بىراق 60 - يىللاردىن كېيىن ئىزچىل تۈردە يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆرۈلگەن روشەن ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن 1972 - يىلى «يېڭىلىقتا كۆچۈش ئاساسىي قانۇنى» دەپ ئاتالغان ئاساسىي قانۇننى پۇقرالارنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىپ، ئىجتىمائىي - ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دۆلەتنىڭ باش ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتتى. 80 - يىللارغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلىرىدە يەنە بىر يېڭى تەرەققىيات سەۋىيىسى بارلىققا كەلدى، نەتىجىدە يەنە 1980 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننى تۈزدى. تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى كورىيە قانۇن چىقارغۇچىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئېھتىياجغا ماسلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1987 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى مەخسۇس بىر باب ئارقىلىق بەلگىلىدى. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كورىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ئېرىشكەن مول مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىسلاھاتىنىڭ ھەممىسى باشتىن - ئاخىرى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېتەكچى پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان.

تىنچ ئوكياننىڭ ئۇ چېتىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىمۇ 80 - يىللاردىن بۇيان، كۆلىمى چوڭ، تەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر مەيدان «ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش»نى باشلىۋەتتى ⑦. ئىسلاھاتنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار نۇرغۇنلىغان قانۇن - قائىدىلەرنى تۈزدى. مېكسىكا 1991 - يىلى 6 - ئاي ۋە 8 - ئايدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش قانۇنى» ۋە «مەتبۇئات ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى؛ ئارگېنتىنا 1989 - يىلى «دۆلەت ئىسلاھات قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. بۇ دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇننىڭ ئىسلاھات جەريانىدىكى تۈپ قائىدىلىك رولىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، دەل ۋاقتىدا ئاساسىي قانۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈپ قانۇنىي ئاساس بەرپا قىلدى. برازىلىيىدە 1993-يىلى ۋە 1994 - يىلى يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا دائىر بولغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدىن 79 نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، بۇنىڭدىن ئالتىسى پارلامېنت تەرىپىدىن تەستىقلاندى. قانۇن- قائىدىلەردىن، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇن - قائىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى قائىدىلەشتۈرۈش، ئىلگىرى سۈرۈش ھەم كاپالەتلەندۈرۈش — لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ۋېيتنام ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن 1980 - يىلى تۈزگەن ئاساسىي قانۇندا مەخسۇس باب ئارقىلىق ئىقتىسادىي تۈزۈمنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ۋېيتنام 1992 - يىلى يېڭى ئاساسىي

قانۇن ماقۇللاپ، تۈپ قانۇن شەكلى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى ۋە سىياسەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ نىشانى ۋە يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاسىيادىكى «4 كىچىك نوچى» دىن كېيىن تايلاند، مالايسىيا، ھىندونوزىيە قاتارلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، دۇنيادىكى تەرەققىيات سۈرئىتى ئەڭ تېز دۆلەتلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار كۆپ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ياكى يېڭىدىن ماقۇللاپ، ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈردى. ھىندىستان 1949 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنىغا ھازىرغىچە 50 نەچچە تۈرلۈك تۈزىتىش كىرگۈزۈپ بولدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرمۇ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بۇرۇلۇشىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئاساسىي قانۇنلارنى ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويدى.

بۇ رايوندىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەريانىدا يەنە شۇنىمۇ تونۇپ يەتتىكى، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتىكى تەرەققىياتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ ئېغىر توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا بىر قىسىم دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ياكى يېڭىدىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق، سىياسىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سىياسىي جەھەتتىكى پاكلاشتۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات نەتىجىسىنى قوغدىدى ۋە مۇستەھكەملىدى. جىن يۇڭسەن 1993 - يىلى 2 - ئايدا كورېيىگە زۇڭتۇڭ بولۇپلا «يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش» دەپ ئاتالغان داغدۇغىلىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغىدى ھەمدە چىرىكلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، پاك - دىيانەتلىك ھۆكۈمەت بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلدى. «سايلام قانۇنى»، «سىياسىي مەبلەغ قانۇنى» ۋە «ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش قانۇنى» قاتارلىق سىياسىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى يېڭىدىن تۈزۈپ ياكى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ماس قەدەمدە قانات يايدۇردى، كورېيەدە بۇ ھەرىكەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ھەم ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

ياپونىيىدە 70 - يىللاردا يۈز بەرگەن لوكخېد دېلوسى، 80 - يىللاردا يۈز بەرگەن رىكلوت دېلوسى ۋە 90 - يىللاردا يۈز بەرگەن زوچۇەن تېز يوللانمىلار شىركىتىنىڭ زور مىقداردىكى پارىخورلۇق دېلوسى قاتارلىقلار سىياسىي جەھەتتىكى ئېغىر چىرىكلىك كېسەللىكلىرىنى ئاشكارىلىدى. شۇڭا، ياپونىيە دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش - ئاۋام پالاتالىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1994 - يىلى 1 - ئايدا ئاۋام پالاتاسىنىڭ سايلىمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تۆت چوڭ سىياسىي ئىشلارغا دائىر قانۇننى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، مۇئەييەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى. تايلاند ھۆكۈمىتى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن 1994 - يىلى دۆلەت مەجلىسىگە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى. 1995 - يىلى دۆلەت مەجلىسى بىر ماددىلىق ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ماقۇللاپ، ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلەش، «يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار شەخسىي مال - مۈلكىنى ئېلان قىلىش» نى بەلگىلىدى. ۋيېتنام 1992 - يىلىدىن باشلاپ «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. 1993 - يىلى كومپارتىيە ئىچىدە پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، بىر قىسىم چىرىكلەشكەن پارتىيە ئەزالىرىنى تازىلىدى. 1995 - يىلى يەنە يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» نى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتتى.

## 4. كېلەر ئەسىردىكى ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئەللىرى ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدىكى پەرەزلەر

يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئىنسانىيەت يېڭى بىر ئەسىرگە قەدەم قويىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە

تۇتقان XXI ئەسىر ئۈستىدىكى پەرەزلىرىمىز ئاساسەن XXI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى ئۈستىدىكى دەسلەپكى پەرەزلەردىنلا ئىبارەت. ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ كېلەر ئەسىردىكى ئاساسىي قانۇن تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدە ئالدىن تەھلىل يۈرگۈزۈش ھەم مۇرەككەپ ھەم زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم تەتقىقات تېمىسىدۇر. ئاساسىي قانۇننىڭ تەرەققىياتى چوقۇم دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى لازىم. شۇڭا بىزنىڭ پەرەزلىرىمىزنىڭ ئاساسىمۇ ئەلۋەتتە بۇ دۆلەتلەرنىڭ كېلەر ئەسىردىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا بولغان تونۇشىمىز ۋە چۈشەنچىمىزدىن ئايرىلالمايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللىشىشى، سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك دېموكراتىيە تۈزۈلمىسىنىڭ بارغانسېرى ساغلاملىشىپ بېرىشى ۋە رايون بويىچە ئورتاق بازار، ئورتاق ئىگىلىك گۇرۇھلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى ئەللىرىنىڭ XXI ئەسىردىكى ئاساسىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىدۇر. ئاساسىي قانۇننىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئەكس ئېتىشى مۇمكىن:

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك ھوقۇقى نەزەرىيىسى جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولىدۇ. ئەنئەنىۋى نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئاساسىي قانۇن ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلەتنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە قوغداشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى قىلىدۇ. بۇ ئاساسىي فۇنكسىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ دەخلىسىزلىكى، ئۆتۈنۈپ بېرىلمەيدىغانلىقى ۋە يۆتكەلمەيدىغانلىقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. بىراق رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈشى ۋە گۇرۇھلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر كەڭ دائىرىدە ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر كۆلەمدە ئۆز ئارا مەنپەئەت ۋە مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشقا، تەرتىپكە سېلىشقا مۇھتاج بولىدۇ - دە، ئەنئەنىۋى بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، دېگەن نەزەرىيە خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. ئورتاق رايوننىڭ مەنپەئەتى، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتە مۇئەييەن يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ھەم ئۇنى ئاساسىي قانۇن شەكلى ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە مۇقىملاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى، «دۆلەتتىن ھالقىغان فۇنكسىيە» ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنىدۇ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈشى ۋە گۇرۇھلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھازىر بار بولغان ياكى كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار تەبىئىي ھالدا بەزى تەرەپلەردە «دۆلەتتىن ھالقىغان فۇنكسىيە» سىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز تەۋەسىدىكى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مەنپەئەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. ئەمما رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ بۇنداق فۇنكسىيىسى پەقەت ئەزا دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇنلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە رىئايە قىلىنغاندىلا، ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. كېلەر ئەسىردە بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى بۇ جەھەتتە يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىللەرنى كۆپەيتىدۇ.

ئۈچىنچى، دۆلەت ئىچى قانۇنلىرى بىلەن خەلقئارا قانۇننىڭ ئورنى جەھەتتە بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھازىرغىچە ئاساسىي قانۇنلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىچى قانۇنلىرى خەلقئارا قانۇندىن ئەۋزەل دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. بىراق دۇنيا ۋە رايون ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈشى ۋە گۇرۇھلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ بۇنداق ئەنئەنىۋى قاراشمۇ ئاجىزلىشىپ بارىدۇ. ھازىرمۇ دۇنيادا، بولۇپمۇ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇنلىرىدا بۇ ھەقتە يېڭى تەڭشەشلەر ئېلىپ بېرىلدى. بەزىلەر ھەتتا خەلقئارا قانۇن ئەۋزەل بولۇش پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارا مۇناسىۋەتكە ماسلىشىشقا باشلىدى. ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئەللىرى ئاساسىي قانۇنلىرىمۇ پات ئارىدا مۇشۇ خىل مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ ھەم خەلقئارا ئومۇمىي ئېقىمغا ماسلىشىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ رايوننىڭ X XI ئەسىردىكى ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. لېكىن يەنە بەزى دىققەت قىلىشقا تېگىش-

لىك مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس، يەنى، جەنۇبىي، شىمالىي چاۋشيەن بىرلىككە كېلىش ئىشىنى تېخى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولالمىدى،، دۆلىتىمىزدە شياڭ- گاڭ- ئاۋمىن مەسىلىسى ھەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەيۋەن مەسىلىسى ھەل بولغىنى يوق. كې- شىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى شۇكى، 1992 - يىلى 6- ئايدا ياپونىيىنىڭ كېڭەش - ئاۋام پالاتالى- رى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش توغرى- سىدىكى قانۇن لايىھىسى»نى زورلىمۇ زور ماقۇللى- دى. بۇ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە ئاساسىي قانۇن تارىخىدىكى بىر ئېغىر ۋەقە بولۇپ، 1946- يىلىدىكى «تىنچلىق ئاساسىي قانۇنى» دى- كى «قۇرۇقلۇق- دېڭىز - ھاۋا ئارمىيىسى ۋە باشقا ئۇرۇش قىلىش كۈچىنى ساقلاپ قالماسلىق، دۆ- لەتلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلما- ماسلىق» دېگەن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىق؛ ياپونىيىنىڭ قوغدىنىش قىسىملىرى ھازىر دۆلەت دەرۋازىسىدىن ھالقىپ خەلقئارا جەڭ سورۇنلىرىغا

قەدەم قويۇشقا باشلىدى. 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ياپونىيىنىڭ يېڭى «قوغدى- نىش پىلانى پراگراممىسى» ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ پراگراممىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئاج- راتقان ھەربىي ئىشلار - دۆلەت مۇداپىئە راسخوتى بارلىق ئاسىيا ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى ئېلان قىلغان ئوخشاش مەزگىلدىكى ھەربىي ئىشلار - دۆلەت مۇ- داپىئە راسخوتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ⑧. بۇ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ، بولۇپمۇ قوشنا ئەل- لەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. مۆلچەر- لەشكە بولىدۇكى، كېلەر ئەسىردە ياپونىيىنىڭ «تىنچلىق ئاساسىي قانۇنى» دىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆز- گىرىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ مۇشۇ رايون ئەللىرى دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن تەرەققىياتىدىكى زور سەلبىي تەرەپ بولۇپ، بۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىشى، ھەممە ئادەم ھوشيارلىقنى ھەر ۋاقىت يوشۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك.

**ئىزاھلار:**


① ۋاڭ يىجۇ: «تىنچ ئوكيان دەۋرى ھەققىدە»، «تىنچ ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 - يىللىق 1 - سان، 6 - 8 - بەتلەر.

② چېن يۈنشېڭ: «نۆۋەتتىكى ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى ۋە ھەرقايسى ئەل ئاساسىي قانۇنلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھالىتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر»، «سىياسىي - قانۇن مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 5 - سان، 14 - بەت.

③ باۋ ۋېجېن: «ۋېيتنام ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ يۈنىلىشى»، جۇڭگو قانۇنشۇ- ناسلىق جەمئىيىتى باشقۇرغان «قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى ئەھۋالى»نىڭ 1992 - يىللىق 11 - سانىغا قارالسۇن.

④ گاۋجىتاڭ: «چاۋشيەن — ساۋاتسىزلار مەۋجۇت بولمىغان دۆلەت»، خەنزۇچە «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىدىن.

⑤ ھىندىستانلىق ئادۋوكات گ. ل. سانھېنىڭ 1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى ئاسىيا- تىنچ ئوكيان قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ 10 - قېتىملىق (بېيجىڭ) يىغىنىدا قىلغان سۆزىگە قارال- سۇن.

⑥ لىيۇلىنشېڭ: «كورېيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەنزۇچە 25 - بەتكە قارالسۇن.

⑦ جاڭ شىشۇ: «لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ھەققىدە»، «تىنچ ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 - يىللىق 1 - سان، 120 - بەت.

⑧ چېن فېڭ: «ياپونىيىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي چوڭ دۆلەت بولۇشقا قاراپ ماڭغانلىقى ھەققىدە مۇجمەت»، «نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 4 - سانىغا قارالسۇن.



(پوچتا نومۇرى: 830046)


تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com

# ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزى» قۇرۇلدى. بۇ شىتات ئىگىلىمەيدىغان، مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسى مۇنتىزىم باشقۇرىدىغان تەتقىقات مەركىزى بولۇپ، تەتقىقات تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىدۇ.

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن تۇرغۇزغان تۈرلىرى 5 - ئىيۇن مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن رەسمىي ئۆتتى. ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى، مەكتىپىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زور تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تۇرغۇزۇلغان «9 - بەش يىللىق» قۇرۇلۇش نىشانى، ئالتە نۇقتىلىق پەن تۇرغۇزۇش ھەققىدىكى دوكلاتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تۈرلەر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى .

△ مەكتىپىمىز تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى لىيۇ شىڭگەن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى غەربىي دىياردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر سىياسىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تۈرى بۇ يىل 4 - ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ تەتقىقات تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ مەكتىپىمىزدىن بۇ يىل جۇڭگو تەتقىقات فوندىغا ئېرىشكەن بىردىنبىر تۈر بولۇپ، 29 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

△ ياپونىيە ئالىملىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ، ياپونىيە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، خانېدا تورۇ، خانېدا ئاكىدا، مورى ماساۋ، يامادا نوبۇئو قاتارلىق ئالىملار غەربىي دىيار تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى يەرلىك تىل - يېزىقلار تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ياپونىيە تارىخشۇناسلىرى، دىنشۇناسلىرى ۋە تىلشۇناسلىرى مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدا دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇلار ئىچىدە ياپونىيە، گېرمانىيە ئالىملىرى ھەمكارلىشىپ نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامنامىلار توپلىمى» (ئۈچ توم، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى)، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ماساھىرو شوگايتو ئەپەندى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى بويىچە تەتقىقات» (ئۈچ توم، كوبې چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى)، «ئابىدارما - كوشا - باسىيا - تىكا تاتۋار تانامى» (ئۈچ توم، سۇڭشىياڭتاڭ نەشرىياتى، 1991 - 1993 - يىللار)، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مانو ئەيجى ئەپەندى نەشر قىلدۇرغان «بابۇر نامە» (ئۈچ توم، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى) قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك.

# مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ئابدۇكېرىم رەھمان

# 优秀专家阿布都克里木·热合满



ئابدۇكېرىم رەھمان، ئەر، ئۇي-
غۇر، 1941 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18
- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم را-
يونى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى
قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1964 -
يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى
ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنى
پۈتتۈرگەن. 1982 - يىلىدىن 1992
- يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدى-
رى ۋە مۇدىرى بولغان. 1992 - يىلىدىن
باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق كەسىپ —
«شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيا-
تى» نىڭ ئىلمىي يېتەكچىسى بولغان. 1985 -
يىلى دوتسېنت، 1992 - يىلى پروفېسسور
بولغان. 1987 - يىلىدىن باشلاپ خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى ۋەفولكلور كەسپى بويىچە ماگىستىر
ئاسپىرانتلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بو-
لۇپ، جەمئىي 12 ئاسپىرانت قوبۇل قىلغان.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە نەپىرى ئاسپىرانتلىقنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ماگىستىر ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، شۇ كەسىپنىڭ تايانچلىرىدىن
بولۇپ قالغان. 1997 - يىلى دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ باھالاپ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم
رايونىمىز بويىچە مىللىي زىيالىيلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى دوكتور يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1989 - يىلى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەن نام بېرىلگەن، ئالىي
مائارىپ سېپىدە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن 1992 - يىلى 10 - ئايدىن تارتىپ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن
بەھرىمەن بولغۇچى بولۇپ باھالانغان.

1980 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور ساھەسى
بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى»، «ئۇيغۇر
فولكلورى ھەققىدە بايان»، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، «مۇقام پېشۋالىرى»
قاتارلىق 10 پارچىدىن ئارتۇق يىرىك ئىلمىي ئەسەر، 100 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە يېزىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا
ئېلان قىلدى. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تۈزۈشكە قاتناشتى، يېتەكچىلىك
قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر فولكلورى ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ
قالماستىن، خەلقئارادىمۇ خېلى چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىر يىرىك ئىلمىي ئەسىرى ۋە سەككىز پارچە ئىلمىي
ماقالىسى چەت تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەللەردە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئىككى پارچە
ئەسىرى ئىككى قېتىم مەملىكەتلىك 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تۆت پارچە ئىلمىي ئەسىرى 1-، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك ئاپتونوم
رايونلۇق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر مۇكاپاتىغا، تۆت پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ۋە كۆپ قېتىم گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭ تۆھپىلىرى مەخسۇس
تونۇشتۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرىدىن «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچ توپلام، شىنجاڭ تومى»، «جۇڭگو
ئۆرپ-ئادەتلىرى قامۇسى — شىنجاڭ تومى» نى ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۆزى تۈزۈشكە بىۋاسىتە قاتناشتى. ئۇنىڭ
يېتەكچىلىكىدىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە)، «جۇڭگو قەدىمكى ئالتاي مەدەنىيەت سىستېمىسى» قاتارلىق ئاپتونوم
رايونلۇق نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرى نەتىجىلىك ئورۇنلاندى. ئۇ قازاقىستان، تۈركىيە، ۋېنگرىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە
ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقئارادىكى كەسىپداشلىرى-
نىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ، دۇنيا ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خەلقئارا شامان تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو پەلسەپە، ئىدىيە تارىخى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقات
جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر «9- بەشيىللىق» پىلانلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى،
ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر «12 مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆستىگە
ئالغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇش» پىلانىدىكى نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئۈچۈن
پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيىدىكى
www.uyghurkitap.com

主　编：库热西·买合木提江
本期责任编辑：康巴尔尼沙

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维吾尔文版）
（季刊）
（1980 年创刊）
第 18 卷第 3 期 1997 年 9 月

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
(پەسىللىك ژۇرنال)
نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 ـ يىلى
1997 ـ يىللىق 3 ـ سان (18 ـ يىلى نەشرى)

---

主办单位：新疆大学（乌鲁木齐胜利路 14 号）
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　刷：新疆大学印刷厂
国内发行：乌鲁木齐邮政局
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN 65-1035/C
邮政编码：830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى.
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ نومۇر).
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1005-5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN 65-1035/C
پوچتا نومۇرى: 830046

---

定价：3.00 元　　باھاسى: 3.00 يۈەن

ۋەكالەت نومۇرى: 国内代号：58-13